# تەڭرى قامچىسى ـ ئاتتىلا

(يۈسۈپجان ياسىن)

**ئېلكىتاب تۈزگۈچى ھونزادە**

# تەڭرى قامچسى ـ ئاتتىلا

(يۈسۈپجان ياسىن)

## كرىش سۆز

هۇنلار بۈنڭدىن تۆت ـ بەش مىڭ يىللار ئىلگىرى ئېلىمىزنىڭ شىمالى تەرەپلىرىدە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ كەڭ زىمىنىنى ئېچىش ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ناھايىتى زور رول ئوينىغاندى.

ئېلىمىز مەنبەلىرىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، هۇنلار مىلادىيىدىن بىر قانچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ، هۇنلار ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر سىياسى كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، هۇنلاردا باتۇر تەڭرىقۇت (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 ـ 174 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) ئىسىملىك بىر مەشهۇر داهى ئوتتۇرغا چىقتى. باتۇر تەڭرىقۇت قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخىدىكى قۇدرەتلىك دۆلەت ـ ئاسىيا هۇن ئىمپېرىيىسىنى قۇردى، بەزى تارىخشۇناسلار باتۇر تەڭرىقۇتنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى «ئوغۇزخان» بىلەن بىر كىشى دەپ قارايدۇ.

باتۇر تەڭرىقۇتتىن 600 يىل كېيىن، ياۋروپادا ئوتتۇرغا چىققان ئاتتىلا ئۇلۇغ بوۋىسى باتۇرنىڭ روهى ۋە ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ئاتتىلا ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى دانىشمەنلىكى، هەربى ئىشلار جەھەتتىكى يۈكسەك تالانتى ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن ياۋروپا هۇن ئىمپېرىيىسىنى ئەينى دەۋر ياۋروپا دۇنياسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندۇردى. ياۋروپا هۇن ئىمپېرىيىسى ئاتتىلا دەۋرىدە مىسلىسىز دەرىجىدە قۇدرەت تېپىپ، ياۋروپا خرىستىئان دۇنياسىنى قاتتىق چۆچۈتكەن دەھشەتلىك بىر سىياسى كۈچكە ئايلاندى. هەتتا، نامى مەشهۇر رىم ئىمپېرىيىسىمۇ هۇنلارغا داۋاملىق تۈردە باج تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاران ساقلاپ قالغان. مانا مۇشۇنداق قۇدرەتلىك بىر سىياسى كۈچنى بارلىققا كەلتۈرگەن كىشى ئاتتىلا بولغاچقا، تارىختا ياۋروپا هۇنلىرى «ئاتتىلا هۇنلىرى»، ياۋروپا هۇن ئىمپېرىيىسى بولسا، «ئاتتىلا ئىمپىرىيىسى» دەپ ئاتالغان. ئاتتىلا ئىمپىرىيىسىنىڭ زىمىنى غەربتە ئاتلانتىك ئوكياندىن، شەرقتە ئىران، هەتتا ئالتايغىچە،شىمالدا بالتىق دېڭىزىدىن جەنۇبتا دوناي دەرياسىغىچە سوزۇلغان. ئاتتىلانىڭ ياۋروپا خرىستىئان دۇنياسىدا پەيدا قىلغان كۈچلۈك تەسرى تا بۈگۈنگە قەدەر ياۋروپا مىللەتلىرى تەرىپىدىن ياد ئېتىلىپ كەلمەكتە. مىسال قىلىپ ئېيتىدىغان بولساق، 1900 ـ يىلى گېرمانىيە ئارمىيىسى يىراق شەرققە يۈرۈش قىلغاندا، گېرمانىيە پادىشاهى ۋىلگېلىم ئۇلارغا مۇنداق نۇتۇق سۆزلىگەن: «بۈنڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇن، ئاتتىلانىڭ قوماندانلىقىدىكى هۇنلارنىڭ ياۋروپادا ئېلىپ بارغان هەيۋەتلىك هەربي يۈرۈشلىرى ۋە مۇقەددەس غەلبىلىرى، بۈگۈنگە قەدەر ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە، شېئىر ـ قوشاق، داستانلىرىدا تەرىپلىنىپ ۋە مەدھىيلىنىپ كەلمەكتە. خۇددى شۇنڭدەك، نېمىس مىللىتىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىمۇ سىلەر

ئارقىلىق بىز ئىگىلىگەن دۆلەتتە داستانغا ئايلىنىپ، نەچچە مىڭ يىللارغىچە تارقىلىپ يۈرسۇن».①مانا بۇ
.هۇنلارنىڭ، شۇنداقلا ئاتتىلانىڭ ياۋروپادىكى تەسىرىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ

---

جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، خەنزۇچە دۇنيا تارىخى قىسمى، 2 ـ توم، 1010»①

يۇقىردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاتتىلا ھەقىقەتەن ياۋروپا دۇنياسىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغاچقا،
ئۇنىڭ نامى، بۈگۈنگە قەدەر ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي تېمىلارنىڭ بىرى
بولۇپ كەلدى. ئاتتىلاغا بېغىشلانغان نۇرغۇن شېئىر، داستان، سەھنە ئەسەرلىرى، رومان، پوۋېست ۋە
.ھېكايىلەر يېزىلدى
ئىتالىيە ئەدەبىيات تارىخىدا روكودېگلى ئارمىنس(1583 ـ يىلى)ۋە ئاسكانىئو لوناتى(16 ـ ئەسىردە) نىڭ
ئاتتىلانىڭ ھاياتى تەسۋىرلىنىدىغان داستانلىرى ئەينى ۋاقىتتا قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغان. بېلمونت
كاگنولىنىگمۇ (1625 ـ 1628 ـ يىللار) ئاتتىلا توغرۇلۇق بىر قانچە شېئىرلىرى بار. ماتئو نورىس «ئاتتىلا»
(1672 ـ يىلى) ناملىق بىر ئوپېرا يازغان. سەھنە ئەسەرلىرى ئىچىدە گېيۇسىت ۋېردىنىڭ «ئاتتىلا» ناملىق
.ئوپېراسى ئەڭ مەشھۇر ئىدى. بۇ ئەسەر 1846 ـ يىلى، ۋېنىتسىيە سەھنىلىرىدە ئوينالغان
ئىسپانىيە ئەدەبىيات تارىخىدا كىرىستوبال دى ۋىرۇئېسنىڭ «ئەقىلدىن ئازغان ئاتتىلا» (1609 ـ يىلى)، لۇئىس
.دى گۇۋارانىڭ «تەڭرى قامچىسى ـ ئاتتىلا» ناملىق تىراگىدىيىلىرى بار
فىرانسىيىلىك يازغۇچىلاردىن پىئېر كورنىلىنىڭ «ئاتتىلا» ناملىق بىر تىراگىدىيىسى بار. ھېنرى بورنېر
.«ئاتتىلانىڭ تويى» (1880 ـ يىلى) ناملىق درامىنى يازغان
ئىنگلىزلاردىن ج. جورج ساين رانسفوردنىڭ «ئاتتىلا ۋە ھۇنلار» ناملىق رومانى 1837 ـ يىلى ئېلان
.قىلىنغان
نېمىسلاردىن ئەڭ بۇرۇن زاكخارىئاس ۋېرنېر 1808 ـ يىلى «ھۇن پادىشاھى ئاتتىلا» ناملىق رومانتىك
تىراگىدىيىسىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھېنرىخ روستى (1853 ـ يىلى)، جون مىخائىل
سولتى(1865 ـ يىلى)، ئالبېرت رومان(1872 ـ يىلى)، ئوتتو كونسېنت(1881 ـ يىلى) ۋە ھېنرىخ ك.س.فون
زىمېرمان(1883 ـ يىلى) قاتارلىقلارنىڭ دراممىلىرى كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا
يوسېف مارنىل(1847 ـ يىلى) ۋە فىلىپ دان(1884 ـ يىلى) قاتارلىقلارنىڭ ئاتتىلا ھەققىدىكى رومانلىرىمۇ خېلى
.شۆھرەت قازانغان
ھۇنلار (ۋېنگىرلار) ئاتتىلا ھۇنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغاچقا، ھۇنگىرلارنىڭ ئەدەبىياتىدا ئاتتىلاغا
بېغىشلانغان ئەسەرلەر ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مەشھۇر يازغۇچىلاردىن ئارانىي، گاردونىي، بانفىي، ۋالكاي
ئاندراس ۋە گوسار ۋارىي ماتىياس قاتارلىقلارنىڭ داستانلىرى ئىنتايىن مەشھۇر. 17 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر
داستانچى مىكلوس يازغان «ئاتتىلا» ناملىق ئېپىگراما ناھايىتى شۆھرەت قازانغان. سەھنە ئەسەرلىرىدىن
بېسېنىي گېئورگىنىڭ «بۇدانىڭ تراگېدىيىسى» (1773 ـ يىلى) ۋە «ئاتتىلا ۋە بۇدانىڭ
تراگېدىيىسى»(1787 ـ يىلى)، ۋاژداپېتىرنىڭ «بۇدانىڭ ئۆلۈمى» كارولىينىڭ «ئاتتىلانىڭ
ئۆلۈمى»(1890 ـ يىلى) دوپسالاژۇسنىڭ «ئاتتىلا ۋە ئىلدىكو» ۋە خارسانىي كالماننىڭ «ئىلەك»
(1924 ـ يىلى) ناملىق تىراگېدىيىلىرى، ماركۇس لاسزلونىڭ «ئاتتىلا» (1912 ـ يىلى) ۋە كونت بانفى
مىكلوسنىڭ «ئۇلۇغ بەگ» (1912 ـ يىلى) ناملىق درامىلىرى زور شۆھرەتكە ئىگە. بۇلارنىڭ ئىچىدە دوپسا،
ماركوس ۋە خارسانىي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى سەھنىلەشتۈرۈلگەن. ژ ئارانىينىڭ «بۇدانىڭ ئۆلۈمى»
(1864 ـ يىلى) ناملىق داستانى، تومپا مىخائىلىنىڭ «ھۇن پادىشاھى ئاتتىلا ھەققىدە» (1867 ـ يىلى)، فۇلوپ
ئارونىنىڭ «ئاتتىلا»(1909 ـ يىلى) ۋە «ئاتتىلانىڭ ئوغۇللىرى»(ئۈچ توم، 1885 ـ 1908 ـ يىللار)، «پادىشاھ
ئاتتىلا ھەققىدە داستان» (1909 ـ يىلى) قاتارلىق ھېكايىلىرى زور تەسىر قوزغىغان. ئاتتىلا توغرىسىدا يېزىلغان
رومانلاردىن مەشھۇرلىرى بالفىي ئالبېرت يازغان «تەڭرى قىلىچى ئاتتىلا» (1859 ـ يىلىدىن باشلاپ بەش قېتىم

نەشر قىلىنغان)، ئۇلۇغ تارىخى رومان يازغۇچىسى گاردونىي گىزا يازغان «كۆرۈلمىگەن ئىنسان»
.(1914 ـ يىلى) ۋە پىكار گىيۇلانىڭ «ئاتتىلا» قاتارلىق رومانلىرىدىن ئىبارەت
تۈرك ئەدەبىياتىدا ئاتتىلاغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرمۇ خېلى كۆپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تەسىر
قوزغىغانلىرى پەيامى سافانىڭ «ئاتتىلا» (1931 ـ يىلى) ۋە ئاپتۇللاخ زىيا قازان ئوغلۇنىڭ
«ئاتتىلخان»(1942 ـ يىلى) قاتارلىق رومانلىرى، ئەنۋەر بېخنان شاپولىيونىڭ «ئاتتىلا» ناملىق ھېكايىسى،
سەھنە ئەسەرلىرىدىن س. بەخزاتنىڭ «ئاتتىلانىڭ تويى» (1934 ـ يىلى)، بەخچەت كەمال چاغلارنىڭ
«ئاتتىلا»(1935 ـ يىلى)، م.كەمال ئەرگىنەقۇتنىڭ «ئاتتىلا» (1935 ـ يىلى) ۋە ناجى تانسەلنىڭ «ئاتتىلا»
.قاتارلىق دراملىرى بار
ئاتتىلانىڭ پەۋقۇلئادە ھاياتى يەنە رەسساملارنىڭمۇ كۈچلۈك ئىلھامىنى قوزغىغان. مەسلەن، ئىتالىيىلىك
داڭلىق رەسسام رافىللو سانتى (1520 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) پاپا جۇلىئۇس ∏نىڭ ھاۋالىسى بىلەن،
ۋاتىكاندىكى ھىلودوروس سارىيىغا بېغىشلاپ «س.لېئو بىلەن ئاتتىلانىڭ ئۇچرىشىشى»ناملىق داڭلىق تام
. رەسىمىنى سىزغان
نېمىسلاردىن پېتىر كورنېلىئوس (1867 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)،جولىئوس سكنور فون كارولسفلد
(1872 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) قاتارلىقلارنىڭ ئاتتىلاغا بېغىشلاپ سىزغان بىردىن رەسىمى بار. نېمىس
رەسسامى ۋىلھىم فون كالباك (1878 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)نىڭ «ھۇن ئۇرۇشى» (كاتو ـ لونىيا ئۇرۇشى)
ناملىق تام رەسىمى ناھايىتى داڭلىق ئاسما رەسىم ھېسابلىنىدۇ. ھۇنگىر رەسساملىرىدىن چەممور (1899 ـ يىلى
ئالەمدىن ئۆتكەن)نىڭ بۇداپېشتتىكى ۋېگادو سەنئەت سارىيىغا سىزغان «ئاتتىلانىڭ زىياپىتى» ناملىق تام
رەسىمى ۋە فاكزكا فېرېنك (1925 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)نىڭ «ئاتتىلارنىڭ توي كېچىسى»ناملىق تام
.رەسىممۇ زور شۆھرەت قازانغانىدى
. ھازىر ھۇنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشتتا ئاتتىلانىڭ ئاتلىق ھەيكىلى تۇرغۇزۇلدى
.يېقىندىن بېرى ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا ئاتتىلا ھەققىدە بىر قانچە فىلىم ئىشلەندى
ئاتتىلا ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىمپېراتور ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھۇنلار ئاتتىلا دەۋرىدە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ
ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپ، دۇنيا تارىخىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئىزلارنى قالدۇرغانىدى. بۇ كىتابتا، ئەنە شۇ
دۇنياغا مەشھۇر ئاتتىلانىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى، ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسىنى كۈچەيتىش يولىدىكى تۈرلۈك
پائالىيەتلىرى، قوشنا ئەللەر بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ۋە ئۇنىڭ ياۋروپا خىرىستىئان دۇنياسىدىكى تەسىرى
ھەمدە ياۋروپادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا، ئاتتىلا توغرۇلۇق بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك رىۋايەتلەر،
.شۇنداقلا ئاتتىلا ھۇنلىرىنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ
بىرىنچى باب

ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

1. ھۇنلارنىڭ ئىرقىي تېپى

هۇنلارنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان تۈرك ئېتنىك تۈركۈمىنىڭ مىللەت سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپرىقىدا كۆرۈلىشى تارىخنىڭ ناھايىتى قاراڭغۇ چاغلىرىغا يېتىپ بارىدۇ. تۈرك ئېتنىك تۈركۈمى ئاپىرىدە بولغان قەدىم جاي توغرىسىدا، 19 ـ ئەسىردىن بېرى غەرب ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلدى. س.كىلاپروت، ھامېر، ۋ.سموت، ۋىيدىمان، ئا.گاستېرىن، ھ.ۋامبىرىي، ن.ئارستوف ۋە ئى.ن.ھومېر قاتارلىق شەرقشۇناس تۈركولوگلار خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئالتاينى تۈرك ئېتنىك تۈركۈمىنىڭ ئانا يۇرتى، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن، غەرب ئالىملىرى ئارىسىدا تۈركى تىللىق مىللەتلەرنى ۋە ئۇلار بىلەن تارىختا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان مۇڭغۇل ـ مانجۇ ئېتنىك توپلىرىنى «ئالتاي مىللەتلىرى»، ئۇلارنىڭ تىلىنى «ئالتاي تىللىرى» دەپ ئاتايدىغان خاس ئاتالغۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئالىملارنىڭ يازما مەنبەلەر ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ھۆكۈمى، كېيىن ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە تولۇق ئىسپاتلاندى. رۇس ئارخېئولوگلىرىدىن س.ۋ.كىسېلىيېۋ ۋە س.س.چېرنىكولارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ھەرىكىتى نەتىجىسىدە مەلۇم بولدىكى، «براكسىفال(يۇملاق باش) جەڭگىۋار ئاق ئىرق» كىشىلىرى تاش دەۋرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىن بېرى ئالتاي ـ سايان تاغلىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرەپلىرىنىڭ ئاساسلىق خەلقى ئىدى.①بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئافاناسيېۋا مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2500 ـ 1700 ـ يىللار)؛ بولۇپمۇ ئاندرىنوۋا مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1700 ـ 1200 ـ يىللار)نىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە، ئەتراپتىكى دولىكوسفال موڭغۇلوئىدلاردىن، ھەتتا، دولىكوسفال «ئاق دېڭىز تىپى»دىكى ئىنسانلاردىن پەرقلىق بولغان، تۈرك نەسلىنىڭ پروتو تىپى ھېسابلانغان «براكسىفال جەڭگىۋار ئاق ئىرق» تۈرك نەسلىنىڭ ئاق تەنلىك كىشلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىرق ئىچىدە «ياۋروپىد» دەپ ئاتالغان گۇرۇپپىنىڭ «تۇران» تىپىدىكى براكسىفال تۈركلەرنىڭ دولىكو سفال موڭغۇلوئىدلاردىن ۋە باشقا ئىرقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئانتوروپولوگىيىلىك بەلگىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مەلۇم بولغىنىدەك، «تەۋرات»تا نەقىل كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى ئەنئەنىلەردىمۇ تۈرك نەسلىنىڭ ئاق ئىرقتىن ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن②. تۇران تىپىگە ئۆرنەك بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا، ماۋرەئۇننەھىر ۋە يېقىن شەرق تۈركلىرى ئاق تەنلىك، تۈز يۈزلۈك(يۇملاققا مايىل)، قوي كۆزلۈك، قوش قاپاقلىق، قاڭشارلىق، قاۋۇل، ساقال ـ بۇرۇتلۇق، گۈزەل ئىسكەتلىك، ساغلام بەدەنلىك ئەر ـ ئاياللىرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر مەنبەلىرىدە گۈزەللىككە سىموۋول قىلىنغان، ھەتتا ئىران ئەدەبىياتىدا «تۈرك» دىگەن سۆز بەزىدە «گۈزەل» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

---

① ب. ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، تۈركچە، 3 ـ بەت

② ئىبراھىم كافەس ئوغلو: «تارىختا تۈرك نامى»، «رەشىد راخمەتىنى ئارات ئۈچۈن تەقدىم» تۈركچە، 1966 ـ يىلى، 308 ـ بەت

ئارخېئولوگلار ئالتاينىڭ مالتا دىگەن يېرىدىن پالېئولىد دەۋرى (كونا تاش قورال دەۋرى)گە ئائىت لايدىن ياسالغان ئۆيلەرنىڭ خارابىسىنى تاپتى. بۇ قەدىمدە ئالتايدا ياشايدىغان ئىنسانلارنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىدەك دەرىجىدە ئولتۇراق تۇرمۇشلۇق ھايات كەچۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ①.

بىراكسفال جەڭگىۋار ئاق ئىرق» كىشىلىرىنىڭ بىر تەرەپتىن تەڭرىتېغى ئەتراپلىرىغا يېيىلىپ »
.②ماكانلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇگۈنكى قازاقىستانغا قاراپ كېڭەيگەنلىكى مەلۇم بولماقتا
سىبىرىيە ۋە بايقالدىن تېپىلغان نىئولىد(يېڭى تاش قورال) دەۋرى ۋە مەدەن دەۋرىگە ئائىت باش
سۆڭەكلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار بۇ يەردە موڭغۇلوئىد ئىنسانلارنىڭ ياشىمىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. جەنۇبى
سىبىرىيىدە موڭغۇلوئىد ئىنسانلار ناھايىتى كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇلار يىنسەي دەرياسىنىڭ شەرق
تەرىپىدە پەيدا بولۇپ، قىدىرقان تاغلىرى تەرەپكە قاراپ كېڭەيگەندى. موڭغۇلوئىد ئىنسان تۇركۇمى
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى **3000**-يىللاردا، بىراكسفال- ئاق تەنلىك كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە جەنۇبى سېبىرىيىدە
كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى **2000**-يىللاردا بىراكسفاللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرق ساپلىقىنى
قوغدىغانلىقى ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولماقتا. يەنە بۇ مەزگىلدە جەنۇبى سىبىرىيەدىكى
موڭغۇلوئىد ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ئالتايدىن كەلگەن كىشىلەر تەرىپىدىن قوغلانغانلىقى مەلۇم. بۇ مەزگىلدە،
بىراكسفال ئىككىنچى بىر ئېتنىك توپ ئامۇ ۋە سىر دەرياسى ئارلىقىدىكى جايلاردا ياشايتتى. ئۇلار پامىر ۋە
ئافغانىستاندا ياشايدىغان ئىنسانلاردىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئالتاي ۋە قازاقىستاندىكى بىراكسفال ئىنسانلار
.③بىلەن زور دەرىجىدە ئوخشاشلىقى ئىگە ئىدى

---

.كىسلىيېۋ: « سوۋېت ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 25 يىلى»، تۈركچە ①
.ب. ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، تۈركچە، **4**-بەت،**5**-،**8**- بەتلەر③ ②

ھۇنلارنىڭ ئىرقى تېپى توغرىسىدا نۇرغۇن ئالىملار ھەر خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر ئۇلارنى
مانا شۇ تۇران-تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ مىللەت دەپ قارىسا، يەنە بەزى ئالىملار ئۇلارنى موڭغۇل ئىرقىغا
مەنسۇپ دەپ قاراپ كەلدى. يېقىنقى بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك
ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندا، ھۇنلارنىڭ تۇران-تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپلىقىنىڭ مۇمكىنچىلىكى زور
.①بولماقتا

بۇ توغرىسىدا داڭلىق ھۇنشۇناس لىن گەن ئۆزىنىڭ «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە
مۇنداق كۆرسەتكەن: «ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى نويان
تېغىدىن تېپىلغان 25-نومۇرلۇق ھۇن قەبرىستانلىقىدىن ھۇنلارغا مەنسۇپ بىر پارچە كەچتە سۈرەت تېپىلغان.
سۈرەتتىكى ئادەم چېچى قويۇق، ئارقىسىغا قىلىپ تارالغان، پىشانىسى كەڭ، كۆزلىرى يوغان، قويۇق
بۇرۇتلۇق، چىرايى كېلىشكەن، سۈرلۈك قىياپەتتە بولۇپ، ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرۈندۇ. موڭغۇل ئارخېئولوگى
س.دورجى بۇ كەشتىدىكى سۈرەت قەبرە ئىگىسىنىڭ بولۇپ، بۇ ھۇن كىشىسى ئىدى، دەپ قارايدۇ. دىققەت
قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ كىشىنىڭ رەسىمدە كۆز گەرچە قارا رەڭدە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆز
قارچۇغى كۆك رەڭدە ئىشلەنگەن. مانا بۇ ھۇنلارنىڭ تۇران-تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى مەسىلىسىنى
.②«ھەل قىلىشتا كۈچلۈك ماددى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى

---

.لىن گەن: «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە، **3** - ، **150**-بەتلەر② ①
.لىن گەن: « ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە،**150**-بەت②

تۈركى خەلقلەرنىڭ قىياپەت ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى كۆك كۆز، »
ساقال-بۇرۇتلۇق بولۇشتىن ئىبارەت بولغاچقا، ھۇن قەبرىسىدىن چىققان ھۇن ئادىمىنىڭ
كەشتە سۈرىتى دەل كۆك كۆز، ساقال-بۇرۇتلۇق قىياپەتتە ئىشلەنگەن. يەنە بۇ كەشتە
سۈرەتتىكى كىشى چىرايى كېلىشكەن، سۈرلۈك، ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشتە بولۇپ،
بۇ < خەننامە > **68**-جىلد «جىن مىتىنىڭ تەرجىمھالى»دىكى: < جىن مىتىنىڭ

بويىنىڭ ئىگىزلىكى سەككىز چى، ئىككى سۆڭ بولۇپ، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ھەيۋەتلىك ئىدى <
دىگەن بايانلار بىلەن تامامەن بىردەك. جىن مىتى ھۇنلاردىن بولۇپ، يەنە بىر ئىسمى ۋىنشۇ ئىدى. ئۇ
.①ئەسلىدە ھۇن شىتۇق خانىنىڭ ۋەلىئەھدى ئىدى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنىستىتۇتى فېڭشى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى »
1955 ـ 1957 ـ يىللاردا، شەنشى ئۆلكىسى چاڭئەن ناھىيىسىنىڭ فېڭشى دېگەن يېرىدىن ئىككى قەبرە
قازغان. بۇ ھۇنلارنىڭ قەبرىسى بولۇپ، ئۆلگۈچى ئېھتىمال ھۇنلارنىڭ ئەلچىسى ياكى ئەلچىلەرنىڭ ھەمراھى
بولسا كېرەك. چۈنكى، قەبرىدىن چىققان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھۇنلارنىڭ نەرسە كېرەكلىرى ئىدى.
قەبرىدىن تېپىلغان ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدىكى ئۇزۇن تۆت چاسا شەكىللىك مىس تاختاي ئالاھىدە دىققەتنى
تارتىدۇ. تاختاينىڭ ئوتتۇرىسىغا قاڭشارلىق، ئۇزۇن چاچلىق، ئىشتىنىنىڭ ئايىغىنى تۈرۈۋالغان ئىككى كىشىنىڭ
بىر ـ بىرىنىڭ بەل ۋە پاقالچاقلىرىدىن تۇتۇپ چېلىشىۋاتقان قىياپىتى چۈشۈرۈلگەن. قاڭشارلىق بولۇش
تۈركلەرنىڭ قىياپەت ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ ئىككى پارچە مىس تاختاينىڭ ئوتتۇرىسىغا
چۈشۈرۈلگەن ھۇنلارنىڭ قاڭشارلىق قىياپەتتە تەسۋىرلىنىشى، ھۇنلارنىڭ تۇران ـ تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپلىقىغا
.②«ھۆكۈم قىلىشتا ماددى پاكىتنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ

---

لىن گەن: «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە، 150 ـ ، 151 ـ بەتلەر② ①

ئالتاينىڭ ئانا يۇرت مەسلىسى يازما مەنبەلەر ئاساسىدىكى تەتقىقاتلاردا ۋە ئارخېئولوگىيىلىك
قېزىشلاردا تېپىلغان قېزىلمىلاردىن ئىسپاتلانغىنىدەك، بۇ نۇقتا يەنە تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقاد
چۈشەنچىلىرىدىمۇ ئىسپاتلانماقتا. نۇرغۇن مەدەنىيەت بەلگىلىرىنى ئۆز قوينىدا ساقلىغان تەبىئىي قورغانلارنىڭ
ئالتايدا كۆپلەپ تېپىلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور تارىخىغا نەزەر سالىدىغان
بولساق،ئۇلار ئۆز ئېتىقادى بويىچە، ئالتاي تېغىنى ناھايىتى ئۇلۇغ بىلىپ، ئۇنى قوغدىغۇچى روھ، ھەتتا
ئۆزلىرىگە تۆرەلگەن ئانا دەپ تونۇيتتى. ئالتاي تېغىنى، ھەتتا ۋەتەنىنىڭ سىمۋولى قىلىشقاندى. شۇڭا،
شامانىزىم ئېتىقادىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئالتاي تېغىغا چوقۇنۇپ مۇناجاتلار ئوقۇيتتى. شامان دىنىغا
ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۆز ئىبادىتىنى ئېگىز تاغلارغا چىقىپ قىلغان. ئالتاي تاغلىرى ئۇلۇغ تاغ روھلىرىنىڭ
توپلانغان يېرى سۈپىتىدە كۆرسىتىلمەكتە. شۇڭلاشقا، ئالتاي شامانىزمدا يەر روھلىرى «يەر ـ سۇ» ياكى
«ئالتاي» دەپ ئاتىلاتتى①. ئالتاي يەنە شامانىزمنىڭ بۆشۈكى بولغاچقا، ئالتاي مەدەنىيتى «شامان
.مەدەنىيىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ

ئالتاي» دېگەن نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنىڭ «ئالتۇن» سۆزىگە باغلىنىدىغانلىقى مەلۇم. مەدەنچىلىك »
ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيەت بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى نىئولىد دەۋرىنىڭ دەسلەپكى
چاغلىرىغا يېتىپ بارىدۇ، شۇنداقلا ئالتۇن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن تونۇغان ۋە ئېرىتكەن مەدەنلىرىدىن بىرى
ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئىچىدە مەدەن جەھەتتىن ئەڭ باي ۋە
مەدەن ئېرىتىش تېخنىكىسى ئەڭ تەرەققىي قىلغان يەر ئالتاي ۋە بايقال كۆلى ئەتراپلىرى ئىدى①. ئالتاينىڭ
قەدىمكى ۋەسىقىلەردە «ئالتۇن تاغ» دەپ ئاتالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتتىن قارىغاندا، ئالتايدا ئالتۇن
قېزىش ۋە ئالتۇن ئېرىتىش تېخنىكىسىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا
بولىدۇ.«ئالتۇن تاغ» دېگەن ئىسىممۇ بۇ يەردە ئالتۇن كۆپ چىققانلىقىغا قاراپ قويۇلغان. ئۇلۇغ ئالىم
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىكى بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشچە: «بىر
كېچىسى زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنى تۈرك خاقانىنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ. بىر تۈرۈك
ئەسكىرى زۇلقەرنەيىننىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلىۋەتكەن.

ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سىلىنغان ھەميانىنى بىلىگە ئېسىۋالغان بولۇپ، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر-بىرىدىن بۇ نېمە؟ دەپ سوراشقاندا، ئۇلار«ئالتۇن قان» دېيىشكەن. شۇڭا، مۇشۇ يەردىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپلىرىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى②. بۇ رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان تاغنى ئالتاي تېغى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، «تۈركى تىللار دىۋانى»دا سۆزلەنگەن ئۇيغۇر ئېلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قارىتىلغان. ئالتاي ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ شىمالى چېگىرىسىنى تەشكىل قىلغان.

---

كاموران گۆرۈن: «تۈركلەر ۋە تۈرك دۆلەتلىرى تارىخى»، تۈركچە، 24-بەت①
تۈركى تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1-توم، 123-124-بەتلەر»②

بۇ تاغنىڭ ئەتراپلىرىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتى» دېيىلىشمۇ، تۈركى تىللىق خەلقلەرنىڭ » كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخي پائالىيىتى بىلەن بىردەك. بۇ يەردە ئالىم ئالتاي تېغىنىڭ نامى، جۇغراپىيىلىك جايلىششى، مەدەن بايلىقى ۋە تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشنى رىۋايەت شەكلى بىلەن ئىپادە قىلىپ بەرگەن. ئالتاي تېغى «ئورخۇن-يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى»دا: «ئالتۇن يىش» (ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان ئالتۇنتاغ مەنىسىدە) دەپ يېزىلغان. خەنزۇچە كىلاسسىك ئەسەرلەردە مۇشۇ سۆزنىڭ مەنا ۋە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە

دەپ يېزىلغان. «ئالتاي» دېگەن نامنىڭ كېلىپ «阿勒台山»، «按台山»، «金微山»، «金山»

چىقىشى توغرىسىدا ۋ.ۋ.بارتولد «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، (تۈركچە، 1-توم، 337-بەت)گە يازغان «ئالتاي» ماددىسىدا: «ھازىرقى نامنىڭ ئەسلى ئالتۇن مەنىسىنى ئىپادە قىلىدىغان سۆز بولسا،بۇنىڭغا مۇقابىل پەقەت موڭغۇلچىدىكى< ئالتان > ياكى < ئالتا > سۆزى نەزەر-ئېتىبارىغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئالتاي سۆزى موغۇللار دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققاندەك قىلىدۇ. بۈگۈنكى تۈركى تىللىق خەلقلەر ئالتاي سۆزىنىڭ بۇ مەنىسىدىن خەۋەردار ئەمەس. ھەقىقەتەن، بىر ھېكايىدە خەلق ئېتمولوگىيىسى بۇ سۆزنى «ئالتە ئاي» دىگەن شەكىلدە ئىككى سۆزگە ئايرىپ چۈشەندۈرىدۇ. ئالتاي <ئېگىز تاغ > مەنىسىدە جىنس ئىسىم سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ» دەپ يازغان. بارتولد ئالتاي دېگەن نامنىڭ ئېتمولوگىيىسىنى تۈركى تىلىدىن ئىزدىگەن. ھەممىگە مەلۇمكى، ئالتايدا قارا قارىغاي بىلەن قاپلانغان قىيالىق تاغلار ۋە قويۇق ئورمانلىقلار بار. قەدىمكى ئالتايلىقلار قارا قارىغايلار بىلەن قاپلانغان قىيالىق تاغنى «تايگا» دەپ ئاتىسا، قويۇق ئورمانلىقنى «يىش» دەپ ئاتىغان. رادلوف بۇ خىل تىل پاكىتلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئالتاي دىگەن نام ئالتۇن ۋە تايگا دېگەن سۆزلەردىكى «ئال» ۋە «تاي» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان دەپ قارايدۇ. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش ئالتاينىڭ «ئورخۇن-يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى»دىكى «ئالتىن يىش» دېگەن شەكلىگىمۇ ماس كېلىدۇ①.غەرب مەنبەلىرىدىمۇ، ئالتايدا ئالتۇننىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا بەزى خاتىرىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

يۇقىردا بايان قىلىنغان يازما ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسەن، ھۇنلارنى تۇران-تۈرك ئىرقىغا تەۋە مىللەت دەپ قاراشقا ھەمدە ئالتاينى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ھاياتلىق بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

---

تۈرك دۇنياسى تارىخى ژۇرنىلى»، تۈركچە، 1988-يىل، 1-سان، 24-بەت»①

هونلارنىڭ ياۋروپاغا كۆچۈشى .2

ئالتايدا ياشايدىغان بىراكسفال ئاق تەنلىك كىشلەرنىڭ قايسى دەۋردىن باشلاپ، ئەتراپقا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئالىملار ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان بىراكسفال سۇمېرلارنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 5000 ـ يىللاردا ئالتاي دالاسىدىن يولغا چىقىپ، غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان، ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى تۈرك نەسىللىك ئىدى، دەپ قارايدۇ②. بۇ خىل يەكۈن تىل ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ئاساسىدا بەلگىلىك دەرىجىدە ئىسپاتلاندى.

---

② ۋ.كوپپىرس: «دەسلەپكى تۈركلىك ۋە ھىندى ـ گىرمانلار»، تۈركچە، 49 ـ بەت.

ھۇنلارنىڭ ئالتايدىن سىرتقا قاراپ كېڭىيىش تارىخمۇ مەنبەلەردە ئېنىق ئەمەس. ئېلىمىز مەنبەلىرىدە، ھۇنلارنىڭ مىلادىيىدىن بىر قانچە مىڭ يىللار بۇرۇن بوگۇنكى ئىچكى ـ تاشقى موڭغۇلىيە تەۋەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى خاتىرلەنگەن. مانا بۇ جايلار قەدىمكى غەرب جوغراپىيە ئالىملىرىدىن ئورىئوس ۋە پىتولومىينىڭ ئەسەرلىرىدىكى قىستۇرما خەرىتىدە «ھۇنلار يېرى» دەپ كۆرسىتىلگەن. بەزى ھىندى مەنبەلىرىدە، ھۇنلارنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 250 ـ يىللاردا كەشمىر ئەتراپلىرىدا كۆرۈلگەنلىكى خاتىرلەنگەن①. زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا»دا ھۇنلار «ھىيۇن (hiyun)» ۋە «ھىيائونا (hyaona)» دەپ يېزىلغان.

ھۇن دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى توغرىسىدا، ھەر قايسى دۆلەت ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. خەنزۇ ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر ئالىملىرى، ھۇن دېگەن نام ئورخۇن دەرياسىنىڭ نامىدىكى «خۇن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ.

ھۇنگىر ئالىمى گ.نېمېز ھۇن دېگەن نام تۈركىي تىلىدىكى «ئىنسان، خەلق» دېگەن مەنىدىكى «گۈن» (كۈن) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، دەيدۇ.

نېمىس ئالىملىرىدىن ئالزىم ھۇن دېگەن نامنى تۈركىي تىلىدىكى «كۈچ ـ قۇۋۋەت» دېگەن مەنىدىكى «قۇن» سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلىپ چۈشەندۈرسە، ئۇمەليان پېرىتساك ھۇن سۆزى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا «khun» «kun» مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىرلەردە «gun»، «kwan» دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى، دەيدۇ.

---

① ر.شافىر: «دەسلەپكى ھۇنلار b h j a u »، تۈركچە، 38 ـ بەت، مەجمۇئەسى»

ئورخۇن سېلىنگا دەرياسى بويلىرى بىلەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مۇقەددەس بىلىدىغان ئۆتۈكەن ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا خۇاڭخې ۋە ئوردۇسقىچە كېڭەيگەن ھۇنلار، مىلادىدىن بۇرۇنقى نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل مۇناسىۋەت بەزىدە نورمال دوستلۇق خاراكتېرىدە داۋاملاشسا، بەزىدە ئۆز ـ ئارا ئۇرۇش قىلىش خاراكتېرىدە داۋاملاشقان. شۇ سەۋەبلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى كۆلپەت ـ ئەلەسلەرگە ئېچىنغان خەنزۇ شائىرلار: «قالدۇق ئۆي ـ ماكانسىز ھۇنلارنىڭ بالاسىدىن، ھەر كۈنى ھوشيار تۇرمساڭ يېڭىلسەن ھۇنلاردىن»①. دەپ نەزمە پۈتۈشكەن. مانا بۇ پاكىتلار ئەينى دەۋردە ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۈچۈن ئېغىر تەھدىتكە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھۇنلارنىڭ تېخىمۇ قۇدرەتلىك بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيا تارىخ سەھنىسىدە ئۆزىنى كۆرسىتىشى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىردىن باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە جۇ سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەر قايسى بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدا ئۈستۈنلۈك، زوراۋانلىق تالىشىش ئۇرۇشى ئەۋج ئالغانىدى. چىن بەگلىكىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن باشقا بەگلىكلەر، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 318 ـ يىلى ھۇنلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ھۇنلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئارقىلىق چىن بەگلىكىگە تاقابىل تۇرماقچى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرى كۆپىيىشكە باشلىغان. كېيىن چىن بەگلىكىنىڭ بېگى چىن شىخۇاڭ ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن،

بەزىبىر تەدبىرلەرنىمۇ قوللانغان. ئالدى بىلەن ئۇ ئىلگىرى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەرنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ياساتقان سېپىللىرىنى ئاساس قىلىپ ئۇنى غەربكە سۇرۇپ هۇنلار هۇجۇم قىلىپ كىرىدىغان جايلاردا سېپىل سوقتۇرغان. شۇنداق قىلىپ هۇنلارغا قارشى مۇداپىئە سىستېمىسى سۈپىتىدە مەشهۇر سەددىچىن سېپىلىنى (چىن تېمى دېگەن مەنىدە) بارلىققا كەلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى هۇنلارغا قارشى مانا مۇشۇنداق كۈچلۈك تۈردىكى مۇداپىئە سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ۋە شەرقى ئاسىيا تارىخىدا ئىككى مۇهىم ۋەقە .يۈز بەردى. ئۇنىڭ بىرى، باتۇرنىڭ هۇن ئىمپىراتورى بولۇشى، يەنە بىرى خەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىدى

بەنگۇ: «خەننامە»، «هۇنلار هەققىدە قىسسە»، ئۇيغۇرچە، **681** ـ بەت①

هۇن مەركىزىدىكى مەلىكىنىڭ هىمايىسىدىن پايدىلانغان خەن سۇلالىسى دىپلوماتلىرى ۋە ئەلچىلىرى هۇن ئىمپىرىيىسى زېمىندا ئەركىن ـ ئازادە ئايلىنىپ يۈرەتتى.ئۇلار هۇنلار ۋە هۇنلارغا تەۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا هۇنلارغا قارشى سۆز ـ چۆچەك تارقىتىپ، ئاستا ـ ئاستا هۇن ئىمپىرىيىسىنى يوقىتىشقا ئۇرىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا تىجارەت مېلى سۈپىتىدە ئېلىپ كىرىلىپ، هۇن هۆكۈمرانلار تەبىقىلىرى ئارىسىدا يۇقىرى ئېتىبارغا ئېرىشكەن يىپەك رەخت، هۇنلارنىڭ مەنمەنچىلىك تۇيغۇسىنى قوزغاپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ بوشاڭ ـ هورۇنلۇقىنىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. كۆك تەڭرىقۇت دەۋرىدە ئانچە كۆپ هىس قىلىنمىغان بۇ خىل يامان هادىسە، ئۇنىڭ ئوغلى كۈن ـ چىن دەۋرىدە (مىلادىيدىن بۇرۇنقى **161** ـ **126** ـ يىللار) چوڭ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە ئۆزىنى كۆرسەتتى. يەنە كېلىپ، باتۇر تەڭرىقۇت ۋە كۆك تەڭرىقۇتقا سېلىشتۇرغاندا، كۈن ـ چىن تەڭرىقۇت ئىقتىدار جەهەتتىن ئاجىزراق بولغاچقا، هۇنلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدە بەزى مەسىلىلەرنىڭ .①كۆرۈلۈشى تەبئىي ئەهۋال ئىدى
ۋۇدى خەن سۇلالىسىدە تەختكە چىققان مەزگىلدە (مىلادىيدىن بۇرۇنقى **141** ـ **89** ـ يىللار)، خەن سۇلالىسى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، نەزىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىلىنمىگەن رايونلارغا ۋە .مىللەتلەرگە يۆتكىدى
خەن سۇلالىسى ئۆزىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، تاشقى مەسىلىنى قولغا ئېلىپ، هەممىدىن ئاۋال هۇنلارنىڭ تەهدىتىنى يوقىتىشقا قەدەم قويدى. ۋۇدى ئالدى بىلەن نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، تەدبىر ـ چارىلەرنى تۈزۈپ، تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى.ئۇنىڭ مەقسەت ـ غايىلىرىدىن بىرى، خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ كىرىم مەنبەسى بولغان يىپەك رەختكە غەرب تەرەپتىكى رايونلاردا يېڭى بازار ئېچىپ، ئىچكى ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىغا قەدەر سوزۇلۇپ بارىدىغان يىپەك يولىنىڭ كونتروللۇق هوقۇقىنى قولغا ئېلىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ۋە غەربى ئاسىيادىكى يات مىللەتلەرنىڭ .توسالغۇسىنى يوقىتىشقا توغرا كېلەتتى

لىن گەن: «هۇنلارنىڭ ئومۇمي تارىخى»، خەنزۇچە، **13** ـ بەت①

مەلۇم بولغىنىدەك، تەخمىنەن مىلادىيە **1000** ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشقان، هۇن ـ خەن ئۇرۇشى، تۈرك ـ تاڭ ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىدىن بىرى، مۇشۇ كارۋان يولىنىڭ هۆكۈمرانلىق مەسىلىسىنى تالىشىشى ئىدى. ۋۇدىنىڭ يىپەك يولى ئۈستىدىكى مىللەتلەر ۋە مەملىكەتلەرنىڭ ئەهۋالىنى ئىگىلەش ۋە ئۇلار بىلەن هۇنلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش مەقسىتىدە غەربكە ئەۋەتكەن ئەلچىسى جاڭ چيەن، يېرىم يولدا هۇنلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئون يىل نازارەت ئاستىدا تۇتۇلغان. شۇنداق بولغىنىغا قارىماي، جاڭ چيەننىڭ بۇ تەرەپلەردە تۇرغان ۋاقىتتا ئېرىشكەن مەلۇماتلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يۇقىرىغا سۇنغان تەكلىپلىرى ۋۇدىنى چەكسىز شاتلاندۇرغان. بۇ دوكلات كېيىنكى چاغلاردىكى

.①سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرت سىياسىتى ئۈچۈن كۆرسەتمىگە ئايلانغان
ۋۇدى دەۋرىدە خەن سۇلالىسى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئۆتۈشتە تۇرۇپتى. ئۇ بولسىمۇ خەن سۇلالىسى
ئۆز قوشۇنىنى ھۇن ئۇسلۇبىدا تەشكىللەپ، ھۇن قوراللىرى بىلەن قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مىلادىيەدىن
بۇرۇنقى 318 ـ يىلىدىكى ئىتتىپاق تۈزۈش كېلىشىمىگە قاتنىشىپ، ھۇنلارنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشكەن جاۋ
بەگلىكى دەۋرىدە باشلىنىپ، كېيىن شىمالىي جۇڭگودىكى فېئودال بەگلىكلەرنى يوقىتىپ،چىن سۇلالىسىنى
بەرپا قىلغان چىن شىخۇاڭ دەۋرىدە تېز سۈرئەتتە داۋاملاشتۇرۇلغان بۇ ھەربىي ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى، خەن
سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ قوماندانلىرىدىن ۋېي چىڭ بىلەن خۇ چۈبىڭ
.تەرىپىدىن زور ئۈتۈقتا ئېرىشتۈرۈلدى

.ل.لىگەتى: «بىلىنمىگەن ئىچكى ئاسىيا»، تۈركچە، 51 ـ 58 ـ بەتلەر①

ئۇلارنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 127 ـ يىلى ۋە 115 ـ يىللاردا ئوردۇستا ھۇنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى،
ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت رايونىنىڭ غوبى (گوبى)دىن شىمالغا، ئورخۇن دەرياسى بويلىرىغا سۈرۈلۈشكە
سەۋەب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھۇنلار بۇرۇنقى قۇدرەتلىك ھالىتىگە قايتىپ كېلەلمىدى. خەن سۇلالىسى
.ئوردىسىنى قاپلىغان «ھۇن قوشۇنى يېڭىلمەستۇر» دېگەن قاراشمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى
ھۇنلارغا قۇلقۇ تەڭرىقۇت بولغاندىن باشلاپ، (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 101 ـ 96 ـ يىللار) 40 يىل داۋامىدا
غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى مۇنبەت ۋە باي تۇپراقلار (جۇڭغارىيە، تەڭرىتېغى ئېتەكلىرى، تۇرپان، كۇچار،
قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلار) خەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەچكە ھۇنلارنىڭ دۆلەت
مالىيەسى ئازلاپ كەتتى. يەنە كېلىپ شۇ ۋاقىتتا قەدەر خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن ھەدىيە ۋە خىراج سۈپىتىدە
يوللىنىپ تۇرغان مالىيە كۆچلىرىمۇ ئۈزۈلۈپ تاشلاندى. خەن سۇلالىسى تەشۋىقاتىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى
نەتىجىسىدە، ئىچكى زىددىيەتمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۇرۇش پارتىلاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى،
ئىقتىسادى جەھەتتىكى قىسلىق ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتتىكى ئاجىزلىق تۈپەيلى، قوغشار تەڭرىقۇت ماددى
ياردەمگە ئېرىشىش مەقسىتىدە خەن سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئۆتتى①. بۇ ۋەقە تۈپەيلى ھۇنلارنىڭ
ۋەزىيىتى مۇرەككەپلىشىپلا قالماي، بەلكى يەنە ھۇنلار شىمالىي ۋە جەنۇبىي ھۇنلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ
.كەتتى

لىن گەن: «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە، 67 ـ بەت①

قوغشار تەڭرىقۇت ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە، ئۆز ئىنىسى سول قول بىلگە خان چىچى تەڭرىقۇت
تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى52 ـ يىلى خەن سۇلالىسىگە بېقىندى. خەن سۇلالىسى
پادىشاھى ئۇنىڭغا جاۋجۇن مەلىكىنى ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھۇن ئېمپىرىيىسىدىكى ئەڭ چوڭ ھوقۇقىنى قولغا
كەلتۈرۈشىگە ياردەم قىلدى. خەن سۇلالىسى بۇ يول ئارقىلىق ھۇنلارنى ئۆزىنىڭ قولى بىلەن يوقاتماقچى
بولدى. چىچى تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ قوغشار تەڭرىقۇتنى قوللىغانلىقىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ
ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.لېكىن، خەن سۇلالىسى بىلەن قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ بىرلەشمە كۈچى ئالدىدا نىسبەتەن
ئاجىزراق ئورۇندا تۇرغان چىچى تەڭرىقۇت، شىمالىي ھۇنلارنى باشلاپ يەتتە سۇدىكى تالاسقا كۆچۈپ
كەلدى. ئۇ، سەمەرقەند خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ،ئوتتۇرا ئاسىيادا قايتىدىن ئۆزىنىڭ سىياسىي قۇدرىتىنى
تىكلىدى. چىچى تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 43 ـ يىلى، تالاس دەرياسى بويىدا ئەتراپى سېپىل بىلەن
قورشالغان پايتەختىنى سالدۇردى. ئەمما، چىچى تەڭرىقۇتنىڭ بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى.
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 36 ـ يىلى خەن سۇلالىسى قوماندانى چېن تاڭ 70مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئوتتۇرا
ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ، سەمەرقەندتە چىچى تەڭرىقۇت بىلەن قاتتىق سوقۇشتى. ئۇرۇشتا چىچى تەڭرىقۇت،
شاھزادىلەر، خانىشلار ۋە دۆلەت ئەمەلدارلىرى بولۇپ، 1518 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. شۇنىڭ بىلەن،

.چىچى تەڭرىقۇتنىڭ تالاس دەرياسى بويىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى
قوغشار تەڭرىقۇت ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ خەن سۇلالىسى يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقى 70 يىل داۋاملاشتى. غۇتۇئارشى تاۋغانوتى تەڭرىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە، (مىلادىيە 18 ـ 46 ـ يىللار)، ھۇنلار خەن سۇلالىسگە بولغان بېقىندىلىقنى بىكار قىلىپ، شەرقتە مانجۇرىيەدىن، غەربتە قەشقەرگىچە بولغان جايلارنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى. غۇتۇئارشى تاۋغانوتى تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسىمىدا يەنە نىزا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇرغاقچىلىق ۋە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، سانسىزلىغان چارۋا ـ ماللار ئۆلۈپ كەتتى. مانا شۇنداق ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن، مىلادى 48 ـ يىلى، ①ھۇنلار قايتىدىن شىمالىي ۋە جەنۇبىي ھۇنلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.
ھۇنلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، جەنۇبى ھۇنلار ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدىن ئايرىلىپ، بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى شۇفاڭ، يۈنجۇڭ ۋە ۋۇيەن قاتارلىق رايونلارغا كۆچۈپ كېلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، شىمالىي ھۇنلارغا قارشى كۈچكە ئايلاندى. بۇ مەزگىلدە ھۇنلارغا قاراشلىق موڭغۇل ـ تۇڭگۇس قوۋملىرىدىن سىيانپىي (سىبىر) ۋە ئۇغانلارمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ماسلىششى بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ، شىمالىي ھۇنلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. جەنۇبىي ھۇنلارمۇ خەن سۇلالىسگە ياردەملىشىپ، شىمالىي ھۇنلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئاتلاندى. مىلادىيە 89 ـ يىلى، شىمالىي ھۇنلار ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇب بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ زور كۆپچىلىكى غەربكە قاراپ كۆچتى. بىر قىسمى ئورخۇن دەرياسى بويىدا تۇرۇپ قالدى② .ئۇلار كېيىن سىيانپىيلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. غەربكە قاراپ كۆچكەن شىمالىي ھۇنلار چىچى تەڭرىقۇت دەۋرىدە، يەتتە سۇ رايونىغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان ھۇنلارغا قوشۇلۇپ، ھازىرقى قازاقىستان تەۋەسىدە غەربىي ھۇن ئىمپېرىيىسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ دۆلەتنىڭ بايرىقى بولسا، ئاچ سېرىق رەڭلىك تۆت چاسا يىپەك بايراق ئىدى. مانا شۇ شىمالىي ھۇنلار مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياۋروپادا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. لېكىن، ھۇنلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ياۋروپاغا كۆچۈشى مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈز بەردى. مانا بۇ ھۇنلار تارىختا .ياۋروپا ھۇنلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ

.ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 12 ـ توم. 2 ـ جىلد، 152 ـ بەت»①
.لىن گەن: «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە، 107 ـ 108 ـ بەتلەر②

جەنۇبقا كۆچكەن جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولسا گاھىدا خەن سۇلالىسگە قارام بولۇپ، گاھىدا مۇستەقىل ھالدا داۋاملىشىپ، مىلادىيە 188 ـ يىلىغا كەلگەندە خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى قۇرۇلغان ھۇن ئىمپېرىيىسى يۇقىرقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ تامامەن يوقالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، ھۇنلار يەنىلا مۇھىم بىر كۈچ سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلدى. مىلادىيە 4 ـ 5 ـ ئەسىرلەردە مانا شۇ ھۇنلار ئېلىمىز تارىخىدا كېيىنكى خەن (مىلادىيە 304 ـ 329 ـ يىللار)، ئالدىنقى جاۋ (مىلادىيە 328 ـ 352 ـ يىللار)، كېيىنكى شىيا (مىلادىيە 407 ـ 431 ـ يىللار)، شىمالىي لياڭ (مىلادىيە 401 ـ 439 ـ يىللار) قاتارلىق پادىشاھلىقلارنى قۇردى. شىمالىي لياڭ سۇلالىسى مىلادىيە 439 ـ يىلى تابغاچلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ دۆلەتنى قۇرغان ھۇنلار ھازىرقى شەرقىي شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ دۆلەت تارىختا «لوپنۇر خانلىقى» (مىلادىيە 442 ـ 460 ـ يىللار) دەپ ئاتالدى. بۇ ھۇنلار كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان تۈركلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئېتنىك مەنبەگە ئايلىنىپ قالدى. .ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھۇنلار بولسا كېيىن خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى
بۇ يەردە ئىككى مەسىلىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. بىرى، غەربنىڭ قەدىمكى

جۇغراپىيە ۋە تارىخى ئەسەرلەردە قارا دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ، تاكى جۇڭگونىڭ شىمالىغىچە بولغان جايلار «سكىتىيە» دەپ ئاتالغان بولسا، بۇ جايدا ياشىغان ھەر قايسى كۆچمەن ۋە ئولتۇراق مىللەتلەر قايسى تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىشىدىن قەتئىنەزەر، ئۇلار بىردەك ھالدا «سكىتلەر» (سېكىفلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتالغاندى. شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەن ھۇنلارمۇ قەدىمكى غەرب ئاپتورلىرى تەرىپىدىن مۇشۇنداق نامدا ئاتىلىشتىن خالىي بولالمىدى. شەرقىي رىم ئاپتورلىرى ھۇنلارنى ھېرودوت تىلغا ئالغان قەدىمكى شەرق مىللەتلىرى بىلەن بىر دەپ قارىغان. تودۇرېتۇس ۋە پىرىسكوس قاتارلىقلار ھۇنلارنى «سكىت» دەپ يازغان. زوسىموس بولسا ھۇنلارنى «كىرال سكىتلىرى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ھۇنلارنى ئاتاشتا ھېرودوت تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن سىگۇنناي دېگەن نامنىمۇ ئىشلەتكەندى. پىروكوپىئوس ھۇنلارنى «كىممىروي» ۋە «ماسساگىت» دەپ ئاتىغاندى. يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا غەرب دۇنياسىدا 18 ـ ئەسىردىلا تەتقىقاتلار باشلانغان. لېكىن، غەرب ئىلىم ساھەسىدە ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ ئاسىيادىن كۆچكەن ھۇنلار ئىكەنلىكى ئالىملار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تۈرلۈك كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئېلىپ ئېيتساق ژ.دېگۇيگەنىس، ژ.كىلاپروت، ك.پ نئومانن، ئا.تىرىي، ۋ.ۋ رادلوف، پ. پېلىئوت، ھى.شىراتورى، ئو.فرانكى، ر.گىروسېت قاتارلىقلار ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا فىن، فىن ـ ئۇغۇر، ئۇيغۇر، موڭغۇل، تۈرك ـ موڭغۇل ئارلاشمىسى، تۈرك ـ موڭغۇل ـ مانجۇ ئارلاشمىسى دەپ قارىغان. ۋېنلىن،ئىلىۋايىسكى، زىبىلىن، قاتارلىقلار ھۇنلارنى سلاۋيان مىللىتىگە باغلىغان.موللېنخوف، ئا.فىخ، ر.مۇخ، ژ.خۇپىن قاتارلىقلار ھۇنلارنى گېرمان مىللىتىدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارىغان بولسا، ل.زىلىچ، قاتارلىقلار ھۇنلارنى كاۋكاز قوۋمىگە باغلىغان. ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بۇنداق كۆپ خىل تالاش ـ تارتىشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى سەۋەب، ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسىنى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر تەشكىل قىلغانىدى. ئىمپېرىيە ئىچىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى مىللەت ھۇنلار بولسىمۇ، لېكىن ئىمپېرىيە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى تەشكىل قىلغان كۈچلەر ئىچىدە ھەر ۋاقىت گوتلار، گېپىدلەر، ۋاندالالار، سكىلوۋىنلار، ئانتىلار، چەرەمىسلەر ۋە موردېۋىنلەر قاتارلىق سلاۋيان، گېرمان، ۋە فىن ـ ئۇغۇر خەلقلىرىنىڭ بولۇشى، يەنە شۇنداقلا ئالانلار ۋە سارماتلار قاتارلىق ئىران نەسلىلىك خەلقنىڭ بولۇشى، يۇقىرقىدەك كۆپ خىل تالاش ـ تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

## 3. ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

مىلادىيە 350 ـ يىلى ھۇنلار ھازىرقى قازاقىستان دالىسىدىن ھەيۋەت بىلەن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ مەزگىلدە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا ئالان①دۆلىتى بار ئىدى. لاتىن تارىخچىسى ماركىللىنۇسنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھۇنلار مىلادىيە 355 ـ يىلى ئالانلارنىڭ دۆلىتىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. مىلادىيە 360 ـ 370 ـ يىللار ئارىسىدا ھۇنلار ئاناتولىيىدىكى ئۇفراتقا قەدەر يۈرۈش قىلىپ بارغان. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ھۇنلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىن غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلغان. ھۇنلارنىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈش قىلىشى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق بولغاچقا، بۇ ھەرىكەت شۇ جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان②. بەزى مەنبەلەردە ھۇنلار ياۋروپاغا قاراپ كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر بۇغىنىڭ يول باشلاپ ماڭغانلىقى سۆزلىنىدۇ③. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ھۇنلار مائوتىس دەرياسىدىن بىر بۇغىنىڭ ياردىمىدە كېسىپ ئۆتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ④.

مىلادىيە 374 ـ يىلى كۈچلۈك ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە ھۇنلار قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا بېسىپ كەلگەن.لاتىن تارىخچىسى جوردانىسنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ چاغدىكى ھۇنلارنىڭ داھىيسى بالامبەر (بەزىلەر بالامىر دەپمۇ يازىدۇ. بالامبەر باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ 15 ـ نەۋرىسى، چىچى تەڭرىقۇتنىڭ 9 ـ نەۋرىسى ئىدى)دېگەن كىشى ئىدى.

---

.ئالان» سانسكرىتچە سۆز بولۇپ، «يىراق دالىدا ياشىغۇچىلار»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ»①
.تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 1 ـ توم، 420 ـ بەت»
.دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە، 2 ـ توم، 2 ـ قىسىم، 1117 ـ بەت»②
.ئايدىن تانەرى: «تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسى»، تۈركچە، 23 ـ بەت③
.تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 19 ـ توم، 384 ـ بەت»④

تارىخ سەھنىسىگە مىلادىيە 372 ـ يىلى چىققان بالامبەر ھاكىمىيەت ئىدارە قىلىش جەھەتتە يېتىشكەن سىياسىئون، ھەربىي تاكتىكا سەنئىتى جەھەتتە جەسۇر ۋە ماھىر قوماندان ئىدى. بالامبەر ئالدى بىلەن بۇ ئەتراپتىكى سارمات ۋە سكىت قوۋملىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تولۇقلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، بالامبەر شەرقىي گوتلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان. بۇ چاغدا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى جايلار گېرمان نەسلىلىك گوتلارنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا بولۇپ، دون ـ دنېپىر دەرياسى ئارلىقىدىكى جايلاردا شەرقىي گوتلار (ئوستگوتلار)، ئۇنىڭ غەربىدىكى جايلاردا بولسا غەربىي گوتلار (ۋېستگوتلار) ياشايتى. غەربىي گوتلارنىڭ غەربىدىكى ترانسىلۋانىيە ۋە گالچىيىيەدە گېپىدلار، بۇگۈنكى ھۇنگرىيىدە ۋانداللار ياشايتتى. بۇ .تۆت گېرمان قوۋمىدىن باشقا، يەنە بۇ ئەتراپتا ئىران ۋە سلاۋيان خەلقلىرىمۇ بار ئىدى

بالامبەر شەرقىي گوتلارنى مەغلۇب قىلىشتا بىر تەرەپتىن تۈيۈقسىز ھەم شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھۇنلارنىڭ دەھشەتلىك ھەيۋىسىنى نامايەن قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى روھىي جەھەتتىنمۇ ئاجىزلاشتۇرغان. شەرقىي گوتلارنىڭ پادىشاھى ئەرمانارىك ھۇنلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئەرمانارىكنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلى بولمىغاچقا، گوتلار خانلىقىنىڭ باشقا بىر جەمەتىدىن بولغان ۋىتىخمىرنى ئۆزىگە خان قىلىپ تىكلىگەن. ۋىتىخمىر تەختكە چىققاندىن كېيىن شەرقىي گوتلارنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قوشنا مىللەتلەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى بولغان. شەرقىي گوتلارنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىنى خالىمىغان تاكتىكىلىق بالامبەر شەرقىي گوتلارنىڭ ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ، ۋىتىخمىرگە قارشى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. شۇ ئارقىلىق ۋىتىخمىرنىڭ ئۆز مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا پۇرسەت بەرمىگەن. مىلادىيە 375 ـ يىلى ۋىتىخمىر نامەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن ئېتىلغان ئوقتا ئۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن، ۋىتىخمىرنىڭ قىسقىغىنە ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان. ۋىتىخمىرنىڭ تەرەپدارلىرى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ھۇنلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، دىنىستىر دەرياسىنىڭ غەربىدىكى غەربىي گوتلار ئىچىگە قېچىپ بارغان. شەرقىي گوتلارنىڭ كۆپچىلىكى بولسا، ئەسلى جايلىرىدا قېلىپ، ھۇنلارغا بويسۇنغان①. ھۇنلار شەرقىي گوتلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ھۇنىمۇد دېگەن كىشىنى خان قىلىپ سايلىغان. شۇنىڭ بىلەن، جەنۇبىي روسىيە دالىسى ھۇنلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن. ھۇنلار بۇ جاينى بازا قىلىپ تۇرۇپ ئەتراپقا .قاراپ كېڭەيگەن

شەرقىي گوتلارنىڭ ھۇنلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغانلىق خەۋىرى غەربىي گوتلار ئىچىگە يېتىپ بېرىشى بىلەنلا، ئۇلار قورقۇپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن. ھۇنلارنىڭ ئەمدى ھۇجۇم نىشانىنى ئۆزلىرىگە قاراتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن غەربىي گوتلار، دىنىستىر دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە مۇستەھكەم قورغانلارنى سېلىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ھۇنلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىنى توسماقچى بولغان. غەربىي گوتلارنىڭ پۇختا تەييارلىقىنى كۆرگەن بالامبەر ئايلانما ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، غەربىي گوتلار مۇداپىئەسىز قالدۇرغان دىنىستىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئايدىڭ كېچىدە كېسىپ ئۆتۈپ، غەربىي گوتلارنىڭ ئۈستىگە يان تەرەپتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىغان. ئۇرۇشتا غەربىي گوتلار قاتتىق مەغلۇپ بولغان. پادىشاھ ئاتخانارىك مەغلۇپ بولغان غەربىي گوتلارنى باشلاپ، رىم ئېمپىرىيىسىگە قاراپ قاچقان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ھۇنلار ناھايىتى كۆپ ئولجىغا ئېرىشكەن. غەربىي گوتلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دىنىستىر دەرياسى بىلەن ئىسپانىيە ئارلىقىدىكى جايلاردا ياشايدىغان ھەر قايسى مىللەتلەر

ھۇنلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ئارقا-ئارقىدىن رىم ئىمپېرىيىسىگە قېچىپ كىرگەن. مانا بۇ تارىختا ناھايىتى زور سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان مىللەتلەر چوڭ كۆچۈش ھەرىكىتى ئىدى①. شۇنداق قىلىپ گوتلار پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بالامبەر مىلادىيە 375-يىلى زېمىنى ئېتىل (ۋولگا) دەرياسىدىن، دوناي دەرياسىغىچە سوزۇلغان ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. بۇ ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىن بويىدا ئىدى. بۇ جاي ھەر قايسى تەرەپلەرگە بارىدىغان يوللارنى ۋە ھۇنلارغا تەۋە مىللەتلەرنى كونترول قىلىپ تۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە جاي ھېسابلىناتتى.

---

①«دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە 3-توم، 1-قىسىم، 75-76-بەتلەر.

## 4. شەرقىي ۋە غەربىي سەپتىكى يۈرۈش

مىلادىيە 375-يىلى بالامبەر ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ھۇنلارغا بېقىنغان گوتلار، ئالانلار ۋە تەيفاللاردىن ياردەمچى قىسىم تەشكىل قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى تېخىمۇ زورىيىپ، ياۋروپادىكى ھەيۋىسى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بارغان ۋە ياۋروپا ئۈچۈن قورقۇنچلۇق كۈچكە ئايلانغان.

مىلادىيە 378-يىلى ھۇن قوشۇنى دوناي دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھېچقانداق قارشىلىقىغا ئۇچرىماستىن (ئەمەلىيەتتە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۇنلارغا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان)، ھۇنگرىيە تۈزلەڭلىكىگىچە ئىلگىرىلەپ بارغان. ئەمما، ھۇنلارنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ھېچقانداق بىر ئىشغالىيەت مەقسىتى يوق ئىدى. ئۇلار پەقەت يېڭى زېمىن ۋە ئۇ يەردە ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىشنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ قېتىمقى يۈرۈشنى تېزلا ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتقان. ئەسلىدە ھۇنلار ئۆزى ئىگىلىمەكچى بولغان جايلارنى ئالدىن كۆزىتىپ تەتقىق قىلاتتى. بۇ خىل ماھىيەتتىكى يۈرۈشلەرنىڭ بەزىلىرى، ھەتتا بىر قانچە يىل داۋاملىشاتتى. بۇ ھۇنلارنىڭ ھەربىي ئىشلار سەنئىتىدىكى بىر تاكتىكا ئىدى.

ھۇنلاردىن قاتتىق چۆچۈگەن ماركومانلار ۋە كۇئادلار (ئۇلار ئاۋستىرىيىدە ياشايتتى) مىلادىيە 381-يىلى رىم ئىمپېرىيىسىگە قېچىپ بېرىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، سارماتلار ۋە گوتلارمۇ چېگرىدىن ئۆتۈپ رىم ئىمپېرىيىسىگە قېچىپ كىرگەن. بۇ ۋاقىتتا بەزى گېرمان ۋە ئىران نەسلىلىك خەلقلەرمۇ غەربىي ھۇنگرىيىدىن يولغا چىقىپ، ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئىتالىيىگە تەھدىت سالغان. ھۇنلارمۇ مىلادىيە 381-يىلدىن باشلاپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرا بويلىرىدىكى ئۆلكىلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان.

ھۇنلار ئەينى ۋاقىتتا كۈچلۈك دۆلەت ھېسابلانغان رىم ئىمپېرىيىسىگە قارىتا كەڭ كۆلەملىك تىگىش قىلمىغان، ئەمما رىم ئىمپېرىيىسىگە قارىتا ناھايىتى ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرگەن. مىلادىيە 391-يىلى ھۇنلار تىسسا دەرياسى بويىدىكى سارماتلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. شۇ يىلى يەنە چېخىيە تەۋەسىدىكى مىللەتلەر بىلەنمۇ ئىتتىپاق تۈزۈپ، رىم ئىمپېرىيىسىگە قارشى كۈچلەرنى ئۇلغايتقان.

مىلادىيە 395-يىلى رىم ئىمپېراتورى تېئودو سىئوس ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن تەڭلا ئىچكى نىزا يۈز بېرىپ، بىر پۈتۈن رىم ئىمپېرىيىسى شەرقىي ۋە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى دەپ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى كونستانتىنوپول (ئىستانبول)نى پايتەخت قىلغان. غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى يەنىلا رىم شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. بىر پۈتۈن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشى، ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىۋەتكەنىدى. بۇ ئەھۋال ھۇنلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان. شۇڭا، ھۇنلار مىلادىيە395-يىلى ئىككى سەپ بويىچە رىم ئىمپېرىيىسىگە يۈرۈش قىلغان. شەرقىي سەپتىكى يۈرۈشكە باسىق بىلەن قۇرسىق قوماندانلىق قىلغان. بۇ سەپتىكى ھۇن قوشۇنلىرى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن ئاتلىنىپ، دارىيال دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، فىرات دەرياسىنى بويلاپ، ئالدىغا ئۇچرىغان ھەر قانداق قارشى كۈچنى تارمار قىلىپ، ئاناتولىيىدىكى ئەرزىروم، مالاتىيا، ئادانا، ئۇفرا، ئانتاكيا، ئەنقەرە ۋە قەيسەرى ئەتراپلىرىغىچە يۈرۈش

قىلىپ بارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇرىيىدىكى سۇر ۋە قۇددۇس شەھەرلىرىگىمۇ ئىلگىرلەپ بېرىپ، ئەزەربەيجان ئارقىلىق قايتقان. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە ھۇنلار نۇرغۇن ئولجىغا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە 18مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ ياندى. قايتىش جەريانىدا ھۇنلار ئىرانغىمۇ تېگىش قىلغاندا، كۆتۈلمىگەن يەردە ھۇنلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئولجا ۋە ئەسىرلەرنى ئىرانلىقلارغا تارتقۇزۇپ قويغان①.

① «تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 5 ـ توم، 347 ـ بەت.

شەرقىي سەپتىكى يۈرۈش ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغاچقا، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى بۇنىڭدىن ئىنتايىن چۆچىگەنىدى. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتا ھۇنلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى توغرىسىدا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر تارقالغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ خىلدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن ھەر كۈنى بىرى پەيدا بولۇپ تۇرغان. بۇ قېتىمقى يۈرۈش ھۇنلارنىڭ ئاناتولىيىگە قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى ئىدى. مىلادىيە 398 ـ يىلى ھۇنلار ئاناتولىيىگە ئۈچىنچى قېتىم يۈرۈش قىلغان. بۇ قېتىممۇ شەرقىي رىمنىڭ ياش ئىمپېراتورى ئاركادى ھۇنلارغا قارىتا ھېچقانداق بىر جىددىي چارە ـ تەدبىر يۈرگۈزەلمىگەن. ھۇنلار بۇ يۈرۈشتە نۇرغۇن ئولجىنى غەنىيمەت ئالغان.

غەربىي سەپتە بولسا ھۇن قوشۇنى تىراكىياغىچە يۈرۈش قىلىپ بارغان. لېكىن، بۇ سەپتىكى يۈرۈشكە قاتناشقان ھۇن قوشۇنى سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ۋاقتى مىلادىيە 400 ـ يىلى ئىدى. بۇ چاغدا بالامبەر ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا ئوغلى (بەزى مەنبەلەردە نەۋرىسى دېيىلىدۇ) يىلدىز (ئۇلدىز ـ يۇلتۇز) ھۇن تەختىگە چىققان ۋاقىت ئىدى. يىلدىز قوماندانلىق قىلغان غەربىي سەپتىكى بۇ ھۇن قوشۇنىنىڭ دوناي دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپىدە پەيدا بولۇشى، شەرقىي ياۋروپادا مىللەتلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ كۆچۈش دولقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە ھۇنلاردىن قورقۇپ قاچقان ۋانداللار بىلەن غەربىي گوتلار يەنە بىر قېتىم غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە قېچىپ كىرگەن. ئەمما، ئالارىك غەربىي گوتلارغا رەھبەرلىك قىلىپ مىلادىيە 401 ـ يىلى رىم شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، بۇ شەھەرنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بۇلاپ ـ تالىغان. گوتلارنىڭ بۇ تەھدىتى ئاتاقلىق رىم قوماندانى سىلىكخۇ تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. ئەگەر، سىلىكخۇ بۇ بۇلاڭچىلىقنى باستۇرالمىغان بولسا، رىم شەھىرىدىن ھېچقانداق بىر ئەسەر قالمىغان بولاتتى.

غەربىي گوتلارنىڭ تەھدىتى ئەمدىلا ئاياغلىشىپ تۇرىشىغا، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى يەنە بىر چوڭ تەھدىتكە دۇچ كەلگەن. بۇ بولسا راداگاسنىڭ ھۇنلاردىن قورقۇپ قاچقان سۇئېپ، كوئاد، بۇرگۇند، ساكسون، ئالمان (نېمىس) قاتارلىق قوۋملەرنى بىرلەشتۈرۈپ، رىم شەھىرىگە دەھشەتلىك ھالدا بېسىپ كېلىشى ئىدى. راداگاس رىم شەھىرىنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىشنى ئېلان قىلغان. غەربىي رىمنىڭ ئاتاقلىق قوماندانى سىلىكخۇ پاۋىيا ئۇرۇشىدا راداگاس بىلەن قاتتىق تۇتۇشقان بولسىمۇ، ئۇنى توسۇپ قالالمىغانىدى. غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى يېقىنلىشىپ قالغان بۇنداق خەتەرلىك پەيتتە، ھۇنلارغا باش ئۇرۇپ ئۇلاردىن ياردەم سوراشتىن باشقا ھېچقانداق بىر چىقىش يولى تاپالمىغان. يىلدىز قوماندانلىقىدىكى ھۇن ۋە غەربىي رىمنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى مىلادىيە 406 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، فلورسادا راداگاسنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن شۇنداق قىلىپ يىلدىز غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغان①.

① سىزاكىس: «ھۇنلار»، تۈركچە، 127 ـ بەت.

بۇ يەردە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھۇنلارغا بولۇپمۇ، ھۇنلارنىڭ مەشھۇر داھىيسى ـ ئاتتىلاغا نىسبەتەن دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە قەلەم تەۋرەتكەن غەرب ئاپتورلىرى، رىم شەھرىنى بۇلاپ ـ تالىغان ئالارىك ئۈچۈن بولسۇن ياكى رىم شەھرىنى يەر يۈزىدىن يوق قىلۋەتمەكچى بولغان راداگاس ئۈچۈن بولسۇن، ئۇلارغا سەلبىي پوزىتسىيە قوللانمىغان. بولۇپمۇ غەرب ئاپتورلىرى رىم شەھرىنى ھۇنلارنىڭ قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى يۇشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، تورلۇك سۆز ئويۇنلىرىنى ئىشلىتىشتىن باش تارتمىغان.

ھۇنلارنىڭ غەربىي رىمغا ياردەم بېرىشى، ھۇن ئىمپىراتورى يىلدىزنىڭ مىلادىيە 400 ـ يىلى ئوتتۇرغا قويغان ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ تاشقى سىياستىدە بەلگىلەنگەن بىر تۈرلۈك ماددا ئىدى. يىلدىزنىڭ تاشقى سىياستى شەرقىي رىمغا داۋاملىق بېسىم ئىشلىتىش، بۇنىڭ ئەكسىچە غەربىي رىم بىلەن نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئىدى. چۈنكى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ئىچكە بېسىپ كىرىپ، ۋەيرانچىلىق پەيدا قىلغان مىللەتلەر ئەينى ۋاقىتتا يەنە ھۇنلارنىڭمۇ دۈشمىنى بولغاچقا، غەربىي رىم بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش يىلدىزنىڭ تاشقى سىياستىگە كىرگۈزۈلگەنىدى. يىلدىزنىڭ بۇ سىياستى تاكى ئاتتىلا دەۋرىگىچە داۋاملاشقان.

5. شەرقىي رىمنىڭ ھۇنلارغا قارام بولۇشى

يىلدىز مىلادىيە 409 ـ يىلى دوناي دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، بۇ دەريانىڭ جەنۇبىدىكى شەرقىي رىمنىڭ بەزى ئىستىراتېگىيىلىك جايلىرىنى ئىشغال قىلىپ، شەرقىي رىم ھۆكۈمىتىگە ھۇنلارنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويغان. گرېك مەنبەلىرىگە قارىغاندا، يىلدىز شەرقىي رىمنىڭ تىنچلىق ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ۋەكىلىگە: «مەن كۈن پېتىشقىچە بولغان جايلارنى ئىگىلەيمەن» دەپ ھەيۋە قىلغانىدى. يىلدىز مىلادىيە 410 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. يىلدىزنىڭ دەۋرىدە ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى شەرقتە بالقاش كۆلىگە قەدەر سوزۇلغانىدى①.

يىلدىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا قاراتون تەختكە چىققان. قاراتون توغرىسىدا مەنبەلەردە كۆپ مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. پەقەت بىزگە مىلادىيە 412 ـ يىلى شەرقىي رىم ئەلچىسى ئولۇمپىئودوروسنىڭ قاراتوننىڭ ئوردىسىغا بارغانلىقى ھەققىدىكى مەنبەلەر مەلۇم. قاراتوننىڭ ئايبارىس، مۇنجۇق، رۇگا ۋە ئوكتار ئىسىملىك تۆت ئوغلى بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇنجۇق بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتكەن.

مىلادىيە 422 ـ يىلى قاراتون ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا چوڭ ئوغلى رۇگا ئىمپىراتور بولغان. رۇگا ئىنىسى ئايبارىسنى «سول قول بىلگە خان» ۋە ئوكتارنى «ئوڭ قول بىلگە خان» ئەملىگە قويۇپ، ئۇلارنى ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىغا خان قىلىپ سايلىغان.

رۇگا تەختكە چىققاندىن كېيىن، شەرقىي رىم ھۇن ئىمپېرىيىسىگە مەخسۇس تەيىنلەنگەن جاسۇسلارنى ۋە تەشۋىقاتچىلارنى ئەۋەتىپ، ھۇن قوشۇننى ئىسيان كۆتۈرۈشكە ۋە ھۇنلارغا تەۋە مىللەتلەرنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھۇن ئىمپېرىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا كۈچكۈرتكەن. شەرقىي رىم بۇ ئارقىلىق ھۇنلارنى ئىچكى قىسمىدىن غۇلىتىپ تاشلىماقچى بولغان. شەرقىي رىمنىڭ بۇ سۇيقەستىنى سېزىپ قېلىپ، قاتتىق غەزەپلەنگەن رۇگا مىلادىيە 422 ـ يىلى ھۇن قوشۇننى باشلاپ شەرقىي رىمنىڭ بالقاندىكى ئۆلكىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ جايلارنى بېسىۋالغان. شەرقىي رىم ھۇنلارغا تەڭ كېلەلمەي تىنچلىق ئورنىتىشنى تەلەپ قىلغان. رۇگامۇ شەرقىي رىمنىڭ تەلپىگە قوشۇلغان. نەتىجىدە، شەرقىي رىم ھۇنلارنىڭ تەلپىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ، ھەر يىلى ھۇنلارغا باج سۈپىتىدە 350 لىرا ئالتۇن تاپشۇرۇشقا قوشۇلغان②.

ھۇنلاردىن قاتتىق دەككىسىنى يەپ ناھايىتى كۆپ باج تاپشۇرۇشقا مەسئۇل بولغان شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى، مىلادىيە 423 ـ يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتكەن. غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى بۇ قېتىم يەنە ھۇنلاردىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولغان. رۇگانىڭ 60 مىڭ كىشىلىك

قوشۇن بىلەن ياردەمگە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن شەرقىي رىم قوشۇنى، ئۇرۇشقا كىرمەستىنلا ئالدىراپ ـ تېنەپ چېكىنىپ كەتكەن. گەرچە، بۇ قېتىم زور ئۇرۇش پارتىلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن رۇگا شەرقىي رىمدىن بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ ھەربىي چىقىملىرىنى تولۇق تۆلىتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار غەربىي رىمنى يەنە بىر قېتىم .ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغان. شەرقىي رىم بولسا ھۇنلارغا قارام دۆلەتكە ئايلانغان

شەرقىي رىم تارىخچىسى پىرىسكوسنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، شەرقىي رىم ئىمپىراتورى تېئودوروس ھۇنلار بىلەن يامانلىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ، يىللىق باجنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، بەلگىلەنگەن مىقداردا تاپشۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ھۇنلارغا تەۋە مىللەتلەرنى ئاستىرتتىن كۈشكۈرتۈش ھەرىكىتىنى زادىلا توختاتمىغان. شۇڭا رۇگا تېئودوروسنىڭ بۇ يامان نىيىتىنى بەربات قىلىش ئۈچۈن، شەرقىي رىمنىڭ ھۇن ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى مىللەتلەردىن مۇئاشلىق ئەسكەر قوبۇل قىلىشنى ۋە شەرقىي رىم سودىگەرلىرىنىڭ ھۇن تۇپرىقىدا ئەركىن سودا قىلىشنى چەكلىگەن. رۇگا يەنە تېئودوروس نى شەرقىي رىمغا قېچىپ بارغان ھۇن دۆلەت ئەمەلدارلىرىدىن ئاتاقام بىلەن مامانىڭ ئوغۇللىرىنى ۋە باشقا ھۇن قاچاقلىرىنى دەرھال ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە زورلىغان. ئىلاجسىز ئەھۋالدا قالغان تېئودوروس ھۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن، مىلادىيە **434** ـ يىلى بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ھۇن ئىمپېرىيىسىگە ئەۋەتكەن. ئەلچىلەر ئۆمىكى يېتىپ كەلگەن چاغدا، رۇگا ئالەمدىن ئۆتۈپ ئورنىغا مۇنجۇقنىڭ ئوغلى ئاتتىلا ھۇن تەختىگە چىققانىدى. شەرقىي رىم رۇگادىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك رەقىبدىن قۇتۇلغىنىغا ناھايىتى خوش بولغان. شۇ ۋاقىتتىكى خىرىستىئان دىنىي ئېپىسكوپى پىروكۇلۇس چېركاۋدا «تەڭرى تەقۋادار تېئودوروسنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، شەرقىي رىم ئۈستىدىكى تەھدىتنى يوقاتتى»، ③دەپ ۋەز ئېيتقان. لېكىن، بۇ چاغدا تېئودوروس يېڭىدىن تەختكە چىققان .ئاتتىلانىڭ، شەرقىي رىم ئۈچۈن رۇگادىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق كۈچ ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى

---

ۋاكزى: «ئاتىللا ۋە ھۇنلار»، تۈركچە، **82** ـ بەت ①

سىزاكىس: «ھۇنلار»، تۈركچە، **165** ـ بەت②

.ئالزىم: «ئاتتىلا»، تۈركچە، **133** ـ بەت ③

ئىككىنچى باب

## ئاتتىلا دەۋرىدىكى ھۇن ئىمپېرىيىسى

### ئاتتىلا» دېگەن ئىسىمنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى» .1

تەڭرى قامچىسى» دېگەن نام بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئاتتىلانىڭ ئىسمى، شەرقىي رىم مەنبەلىرىدە » «ئاتتىلاس»، «ئاتىلاس»، «ئاتىللاس»، « ئاتتېلاس»، لاتىنچە مەنبەلەردە «ئاتتىلا»، «ئاتتىيلا»، «ئاتتىلا»، سلاۋيان مەنبەلىرىدە «ئاتېلا»، «ئاتىلا»، يىراق قەدىمكى گېرمانچە مەنبەلەردە «ئەرزىلو»، ئوتتۇرا قەدىمكى گىرمانچە مەنبەلەردە «ئەتزەل». كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر گېرمانچە مەنبەلەردە «ئەتتەل»، «ھەتتەل»، «ئەتخەلە»، ئېنگلىزچە مەنبەلەردە «ئائەتلا»، شىمالى گېرمانچە مەنبەلەردە «ئاتلى»، ھۇنگرىيە مەنبەلىرىدە «ئەتخەلە»، «ئەتەلە»، .①«ئاتخىلا»، «ئاتتىلا» ۋە «ئاتىلا» دېگەن شەكىللەردە يېزىلغان

ئاتتىلا» دېگەن ئىسىمنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى توغرىسىدا ھۇنگىر تۈركولوگى » گ.نېمېزنىڭ «ئاتتىلا ۋە ھۇنلار» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان «ئاتتىلا» دېگەن ئىسىم گوتچە «دادا» دېگەن مەنىدىكى «ئاتتا» (بۇ سۆز ئەسلىدە تۈركى تىللىق

مىللەتلەردىن گوتلارغا ئۆتكەن سۆز ئىدى) سۆزى بىلەن يەنە گوتچە ئەكىلەتمە سۆزى بولغان «ئىلا» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، مەنىسى «كىچىك دادا» دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەن قارىشى هازىر ئىلىم ساھەسىدە ئانچە نەزەر ئېتىبارىغا ئېلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا «ئاتتىلا» دېگەن ئىسمىنىڭ ئىتىل دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى قاراش بارغانسىرى ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشمەكتە.
ۋولگا دەرياسىنىڭ تۈركچە نامى «ئىتىل» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ نام ھەر قايسى تۈركىي تىل شېۋىلىرىدە يەنە «ئاتال»، «ئەتىل»، «ئادەل»، «ئەدىل» ۋە «ئىدىل» دەپمۇ ئاتىلاتتى. شەرقىي رىم مەنبەلىرىدە بولسا «ئاتىلا» ۋە «ئاتىل» دەپ يېزىلغان. «ئىتىل» سۆزىنىڭ مەنىسى «چوڭ دەريا»، «ئېقىن»، «سۇ» دېگەنلىك بولاتتى. ۋولگا سۆزى بولسا فىن-ئۇغۇر تىلىدىن كەلگەن. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئىتىل دەرياسىنى «ئەدىل» دەپ ئاتاپ، ئۇنى قىپچاق دالىسىدىكى بىر دەريانىڭ نامى، دەپ كۆرسەتكەن ھەم بۇ دەرياغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى شېئىرنى قوشۇمچە قىلغان:

ئىتىل «ئەدىل» سۈيى ئېقىپ تۇرار،
قىيا تۈۋىگە سوقۇپ تۇرار.
بېلىق-پاقا تولۇپ تۇرار،
كۆلچەك ئىچى تېشىپ تۇرار.①

ئاتتىلا» دېگەن ئىسمنى تۈنجى قېتىم پىرىسكوس «ئاتتىلاس» دەپ تىلغا ئالغان. گېرېك تىلدا » «os» «ئاس» سۆزى قوشۇمچە ھېسابلىناتتى. گېرېكلار تۈركىي تىلدا «ئا» ۋە «ئە» تاۋۇشلىرى ئۈچۈن بەلگىسىنى قوللانغان. شۇڭا، پىرىسكوس «ئاتتىلاس» دەپ تىلغا ئالغان ئىسمنى «ئاتتىل» ياكى «ئەتتىل» دەپ ئوقۇشقا ھەم بۇ ئىسمنىڭ دەل ۋولگا دەرياسىنىڭ تۈركچە ئىسمىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.
ئاتتىلا ئىتىل دەرياسى بويىدا تۇغۇلغاچقا، ئۇنىڭغا بۇ دەريانىڭ ئىسمى قويۇلغان. بۇ خىل ئادەت تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا كۆپ ئۇچرايدۇ①. دېمەك، ئاتتىلاغا «چوڭ دەريا»، «ئېقىن»، «سۇ» دېگەن مەنىلەردىكى ئاتىل دېگەن ئىسىم قويۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىسىم «ئاتتىلا» دېگەن شەكىلدە ئومۇملىشىپ كەتكەن.

---

①«تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 20-توم، 33-بەت.
①«تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 20-توم، 33-بەت.
① بەش -149. تۈركچە، " تۈركلەر ۋە تۈرك دۆلەتلىرى تارىخى " :كامۇران گۆرۈن.

## 2. ئاتتىلا ۋە بىلەدا

ئاتتىلا مىلادىيە 400-يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى مۇنجۇق بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتكەچكە، ئاتتىلا تاغىسى رۇگانىڭ يېنىدا چوڭ بولغان. ئاتتىلا كىچىكىدىنلا ناھايىتى ئەقىللىق، ھوشيار ھەم جاسارەتلىك بولغاچقا، رۇگا ئاتتىلانى ئۆزى بىلەن نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتناشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەربىي ماھارەت ئۆگەتكەن ھەمدە ئۇنىڭغا ھۇنلارنىڭ ئېچكى تاشقى سىياسەتلىرىنى پىششىق تونۇتقاندى. ئاتتىلا ياش ۋاقتىدا بىر مەزگىل رىم ئېمپېرىيىسىدە گۆرەدە تۇرغان. ئاتتىلا گۆرەدە تۇرغان مەزگىلدە، رىم ئېمپېرىيىسىنىڭ بارلىق ئاجىزلىق ۋە زىددىيەتلىرىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن. كېيىن ئاتتىلا شەرقىي رىمغا قوللانغان سىياسىتىدە ئۆز ۋاقتىدا ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغان. دېمەك، ئاتتىلا تەختكە چىققان مەزگىلدە ئۇ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە كۈچلۈك تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىپ بولغانىدى.
مىلادىيە 434-يىلى رۇگا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئاتتىلا بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى بىلەدا «بۇدا» بىرلىكتە

ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىگە چىققان. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئاتتىلانىڭ باشقۇرۇشىدىكى جايلار ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى جايلار، بلەدانىڭ باشقۇرۇشىدىكى جايلار ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلار ئىدى .

بلەدا ئۇيۇن تاماشىغا ئامراق، دۆلەت ئىشى بلەن ئانچە كارى يوق ئىدى . شۇڭا، دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى ئاتتىلا ئۆزى باشقۇرغان. شۇنداقتىمۇ، ئاتتىلا يەنىلا ئاكىسىنىڭ نامىدا بولسىمۇ خان دەپ ئاتىلىشنى خالىمىغان. ئاخىرى بلەدا مىلادىيە 445ـ يىلى ئاتتىلا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن .قەدىمكى مەنبەلەردە بۇ ھەقتە بەزى مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. مەسىلەن جوردانىس: «ئاتتىلا ئاكىسى بلەدا بلەن بىرلىكتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ پىلانىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بلەدانى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بلەن، ئاتتىلا ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنى قولىغا كەلتۈرگەن» دەيدۇ. ماركىللىنوسمۇ بۇ ھەقتە: «ھۇنلارنىڭ خانى بلەدانى ئاتتىلا ھىلە بلەن يوق قىلدى» دەپ يازغان. لېكىن، مىلادىيە 448 ـ يىلى ئاتتىلانىڭ قېشىغا كەلگەن شەرقىي رىم ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاللىرىدىن بىرى بولغان تارىخچى پىرىسكوس، بلادانىڭ ئىسمىنى بىر قانچە يەردە تىلغا ئالغان ھەمدە ئۇ ھەمراھلىرى بلەن بلەدانىڭ بىر خانىشىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغان بولسىمۇ، لېكىن بلەدا پاجىئەسى توغرىسىدا بىر نېمە دېمىگەن. بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا، بلەدا ھايات ۋاقتىدا ئاتتىلانىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە ھۇنلارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئارلاشقانلىقى مەلۇم. ھەتتا، مىلادىيە 441 ـ يىلى بلەدا ئۆز نامىدا كۈمۈش تەڭگە پۇل قۇيدۇرغانىدى. بۇ پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىدە بۇدا(بلەدا) دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىگە «بۇدا، 441 ـ يىل» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. تارىخى مەنبەلەرگە قارىغاندا، بلەدا ئۇيۇن ـ تاماشىغا ئامراق كىشى بولۇپ، ھەر ۋاقىت خوشال ـ خۇرام، كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە ئۆتۈشنى خالايتتى. شۇڭا، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئېغىر يۈك دەپ بلەتتى. ئاتتىلانىڭ بلەدانى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئانچە كۆپ ئارلاشتۇرماسلىقى، مۇشۇ سەۋەپتىن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە پىرىسكوس مۇنداق دەپ مەلۇمات بەرگەن: «ھۇنلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ئەسىرلەر ئىچىدە زەركۇن ئىسىملىك بىر ئەرەب قىزىقچىسى بار ئىدى. ئۇ ئاتتىلانىڭ سارىيىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، ئاتتىلا ئۇنى زادىلا ياقتۇرمىغان. بلەدا بولسا ئۇنىڭ ئەرەبچە، گوتچە، لاتىنچە ۋە ھىندىچە سۆزلەر بلەن ئارىلاشقان قىزىقارلىق سۆزلىرىنى ناھايتى ياقتۇرۇپ قالغان. شۇڭا، ئۇنى يېنىدا ئېلىپ قالغان. بىر كۈنى بۇ ئەرەپ قىزىقچىسى قېچىپ كەتكەن. بلەدانىڭ ئادەملىرى ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ، بلەداغا تاپشۇرغان. بلەدا ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن قاچقانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ توي قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان. بۇنى ئاڭلاپ بلەدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن ھەمدە دەرھال چوڭ خانىشىنىڭ كېنىزەكلىرىدىن بىرنى تاللاپ چىقىپ، زەركۇننى ئۆيلەپ قويغان. بلەدا ئۆلگەندىن كېيىن، ئاتتىلا ئۇنى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قوماندانى ئائېتوسقا بېرىۋەتكەن». مانا بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بلەدا بلەن ئاتتىلانىڭ خاراكتېرى، قىزىقىشى ۋە سىياسىي ـ ھەربىي ئىشلارغا بولغان قارىشى تۈپتىن ئوخشىمايتتى.

بلەدا ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئاتتىلادەك كەڭ ئورۇن ئالالمىغان. نېمىسلارنىڭ «نىبۇڭلار ھەققىدە قوشاق» ناملىق ئېپوسىدا بلەدانىڭ ئىسمى «بلۆدەل» دېگەن ئىسىم بلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئېپوستا ئېيتىلىشىچە، كرىيمخىلد ئەتزەل بلەن توي قىلىشقا قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تولۇندىكى سارىيىغا سالامغا بېرىش ئۈچۈن، ئەتزەل تەرەپتىن 24 نەپەر ۋەكىل ئەۋەتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بلۆدەلمۇ بار ئىدى. توي مەرىكىسى دەسلەپ ۋىنادا، كېيىن، ئەتزەلنىڭ پايتەختى ئەتزەلبورگدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. كرىيمخىلد ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئېرى سىگفىردىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، نىبۇلۇڭلار (بۇرگۇندلار)نى ئۆزى بلەن بىرلىكتە ئەتزەلنىڭ سارىيىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. خانىشنىڭ بۇ پىلانىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئەتزەل ئۇلارنى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە سىگفىردىنىڭ قاتىلى خاگىن دېگەن كىشىمۇ بار ئىدى. كرىيمخىلد ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بلۆدەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھۇنلار بلەن نىبۇلۇڭلار ئوتتۇرىسىدا ئورۇش پارتلايدۇ. بۇ ئۇرۇشتا تۇنجى بولۇپ، بلۆدە

.①جىنىدىن ئايرىلدۇ

بىلەدا ھەققىدە ھۇنگىرلار ئارىسىدىمۇ بەزى رىۋايەتلەر تارقالغان. ئەرد رىۋايىتى ياكى باشقا رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشچە، قادار قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان بۇدا بەندەگۆزنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتەلە(ئاتتىلا) ۋە كەۋە (رۇۋا) دەيدىغان ئىككى ئىنىسى بولغان. بۇدا ھۇنلارنىڭ يەتتە چوڭ قوماندانلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. رىملىقلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جەسۇمائۇر (ئاۋىستىرىيىدىكى زىسەلمائۇر)ئۇرۇشدا ھۇن قوماندانلىرى ئۆلتۈرۈلدى. پەقەت بۇدا ھايات قالدۇ. بۇدا بىلەن ئەتەلە ھۇن ئىمپېرىيىسىنى ئىككىگە بۆلۈپ باشقۇردۇ. تىسسا دەرياسىغىچە بولغان شەرقىي قىسىمدىكى جايلار بۇداغا، تىسسا دەرياسىنىڭ غەربى قىسىمدىكى جايلار بولسا، ئەتەلەگە قارايدۇ. ئەتەلە بىر قېتىم غەرب مىللەتلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا، بۇدا ئەتەلەگە بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ پايتەختى سىچامبىرا (ئوكۇېنكوم ـ بوداپېشتتىكى بۇدا شەھىرى)غا كۆچىدۇ ھەمدە بۇ جايىنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن باغلاپ «بۇداۋارا»(بۇدا قەلئەسى) دەپ ئاتايدۇ. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئەتەلە دەرھال ئۇرۇشنى توختىتىپ دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ بۇدانى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى دوناي دەرياسىغا تاشلىۋېتىدۇ. ئارقىدىن بۇداۋارانى «ئەتەلە ۋارا» (ئاتتىلا قەلئەسى) دەپ ئاتاشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. نېمىسلار بۇ بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپ،«ئەتزەلبورگ» دەپ ئاتايدۇ. .لېكىن، بۇ بۇيرۇققا بويسۇنمىغان ھۇنگىرلار بۇ شەھەرنى يەنىلا «بۇداۋارا»دەپ ئاتاۋېرىدۇ

ھۇنگر رىۋايەتلىرىدە يەنە بىلەدانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ھەققىدە باشقا سەۋەبلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىمۇ سۆزلىنىدۇ. بىر رىۋايەتتە مۇنداق ئېيتىلىدۇ: ئەتەلەنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان نام ـ ئابرويى ۋە كۈچ قۇدرىتى بۇدادا قاتتىق ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇدا ئىنىسى ئەتەلە بىر قېتىم دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا، ئەتەلەنىڭ سارىيىدىن ئۇنىڭغا دۇنيانى ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئاتا قىلغان سېھىرلىك قىلىچىنى ئوغرلاپ قاچىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئەتەلە ئۇرۇشنى توختىتىپ، مەملىكىتىگە قايتىپ، بۇدانىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدۇ. بۇدا قولىغا سېھىرلىك قىلىچنى ئېلىپ، ئەتەلەگە قارشى ئۇرۇشقا كىرىدۇ. لېكىن، بۇدانىڭ قولىدا بۇ قىلىچ ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقىتىپ، ئادەتتىكى قىلىچقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇرۇشتا ئەتەلە بۇدانى ئۆلتۈرۈپ، تەڭرى تەرىپىدىن ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ مۇقەددەس قىلىچنى ②قايتۇرۇۋالىدۇ

بىلەدانىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە بىلەدا ۋە ئاتتىلانىڭ پايتەختىنىڭ بۈگۈنكى ھۇنگرىينىڭ پايتەختى بۇداپېشت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى سۆزلەنگەن. مەلۇمكى، بۇداپېشت شەھىرى بۇدا ۋە پېشت شەھىرىدىن ئىبارەت ئىككى شەھەردىن تەشكىل تاپقان. پېشت شەھىرى مىلادىيە 13ـ ئەسىردىن كېيىن بىنا قىلىنغان. بۇدا شەھىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2ـ ئەسىردىن باشلاپ ئوكۇېنكوم(سىچامبىرا)دەپ ئاتالغان. ئاتتىلا دەۋرىدە بىلەدا ئوكۇېنكومنى پايتەخت قىلغان. ھۇنلار بىلەدا (بۇ شەرقىي رىم مەنبەلىرىدىكى ئاتىلىشى)نى بۇدا دەپ ئاتايتى. شۇڭا بۇ شەھەر «بۇدا قەلئەسى » دەپ ئاتالغان. ھۇنگر تارىخچىسى ئانونىموس ئاتتىلانىڭ ئوكۇېنكومنى ئۆزگەرتىپ پايتەخت قىلغانلىقىنى، ھۇنگىرلارنىڭ بۇ يەرنى بۇدانىڭ نامىغا باغلاپ، «بۇدا قەلئەسى»③ دەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. دېمەك، .يۇقىرىدىكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئاتتىلا ھازىرقى بۇداپېشتنى پايتەخت قىلغان

شەرقى رىم تارىخچىسى پىرىسكوسنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئاتتىلانىڭ پايتەختى چوڭ بىر يېزىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاتتىلانىڭ ئوردىسى ئېگىز بىر دۆڭلۈك ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇنىڭ كەينىگە ئاتتىلانىڭ يېقىن ئادىمى ئۇنىگۇس (تۇرۇكچە ئون ئىككى دېگەنلىك بولىدۇ) نىڭ سارىيى جايلاشقان. ئاتتىلانىڭ پايتەختىدە چوڭ ـ كىچىك سارايلار، خەلقنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى، ھەربىي بازىلار، قورال ـ ياراق ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ساقلايدىغان ئامبارلارنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن سېلىنغان. ئاتتىلانىڭ پايتەختىدىكى بىردىن ـ بىر تاش قۇرۇلۇش بولسا، ئۇنىگۇسنىڭ مۇنچىخانىسى ئىدى. ھۇنلار بۇ قۇرۇلۇشنى سېلىشتا ئەسىر ئالغان ياكى تەكلىپ بويىچە ئېلىپ كەلگەن رىم ئۇستىكارلىرىنى ئىشلەتكەن. ئاتتىلانىڭ ئوردىسىدىكى تامنىڭ ھەممە يېرىگە قاپارتما

④.نەقشلەر ئويۇلغان، يەرگە گىلەم سېلىنغان. ئوردا ئىچىنىڭ بېزىلىشى گېرىك ـ رىم ئۇسلۇبىدا ئىدى

.تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 7 ـ توم، 115 ـ 116 ـ بەتلەر»①
.تۈرۈك ئىنسىكلوپېدىيىسى»،تۈرۈكچە،7توم 116ـ بەت» ②
.تۈرۈك ئىنسىكلوپېدىيىسى»،تۈرۈكچە، 8 ـ توم، 288ـ بەت»③
ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»، خەنزۇچە، 82 ـ بەت»④

## ئاتتىلا ۋە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى .3

مىلادىيە 434 ـ يىلى شەرقىي رىمنىڭ ئەلچىلىرى ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا، رۇگا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا ئاتتىلا تەختكە چىققان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي رىمنىڭ ئەلچىلىرى ئاتتىلا بىلەن كۆرۈشكەن. ئاتتىلا شەرقىي رىمنىڭ ئەلچىلىرىنى مارگۇس شەھرىدە (ھازىرقى يۇگوسلاۋىيەدە) ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قارشى ئالغان ھەم ئۇلار بىلەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتىدە ئاتتىلا رىم ئەلچىلىرىگە تاغىسى رۇگادىنمۇ بەكرەك قاتتىق پوزىتسىيىدە بولۇپ، تېخىمۇ ئېغىر شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. شەرقىي رىم ئەلچىلىرى ئۇنىڭ شەرتلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ قېتىمقى كېلىشىم تارىختا «مارگۇس كېلىشىمى» دەپ ئاتالغان. بۇ كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

1. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ھەر يىلى ھۇنلارغا تاپشۇرىدىغان باجنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ 700 لىرا ئالتۇنغا كۆپەيتىش.
2. ھۇن قاچاقلىرىنى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە كىرگۈزمەسلىك، ھازىرغا قەدەر قېچىپ بارغانلارنى قايتۇرۇپ بېرىش.
3. ھۇنلار تۇتۇپ تۇرۋاتقان مەزگىلدە، قېچىپ كەتكەن شەرقىي رىم ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش ياكى ھەر بىرى ئۈچۈن سەككىز لىرا ئالتۇن تاپشۇرۇش.
4. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ھۇنلارغا قارايدىغان مىللەتلەر بىلەن ھەر قانداق شەكىلدە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك.
5. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى چېگرا رايونىدىكى بەلگىلەنگەن رايونىدا ئېلىپ بېرىش①.

ئاتتىلارنىڭ شەرتىنى رەت قىلالمىغان تېئودورۇس ھۇن قاچاقلىرىنى دەرھال ئاتتىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئاتتىلا ھۇن قاچاقلىرىنى شەرقىي رىم تەۋەسىدىكى، فارسوس (بۈگۈنكى بۇلغارىيىدىكى خىرسوۋا) تا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە شەرقىي ۋە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى دائىرىسىدە ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئاتتىلانىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىلا، كىشىلەر چۆچۈپ تىترەپ كېتىدىغان ھالەت كۆرۈلگەن.

مىلادىيە 434 ـ يىلى ئىمزالانغان مارگۇس كېلىشىمىدىن كېيىن، ئاتتىلا ئىمپېرىيىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۆزى مەخسۇس ئاتلىق ھالدا ئىمپېرىيىنىڭ شەرقىي قىسمىنى كۆزدىن كەچۈرگەن. بۇ جەرياندا ئاتتىلا مىلادىيە 435 ـ يىلى ئىتىل (ۋولگا) دەرياسى بويىدىكى ساراغۇرلارنىڭ قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرغان. مىلادىيە 436 ـ يىلى ئوكتارنىڭ قوماندانلىقىدا رېين دەرياسىنىڭ بويىدا بۇرگۇندلارنىڭ ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانى

گۇندىكارنى ئۆلتۈرگەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا گۇندىكار بىلەن بىرگە ئۆلگەن بورگونددىلارنىڭ سانى 20 مىڭغا يەتكەن.②مۇشۇ مەزگىلدە هۇنلارغا بويسۇنغان مىللەتنىڭ سانى 45 كە يەتكەن. قەدىمكى غەرپ تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مۇشۇ مەزگىللەردە هۇن ئىمپىرىيىسىنىڭ غەربى قىسىم مەركىزى بولغان دۇناي دەرياسى بويىدا ۋە شەرقىي قىسىم مەركىزى بولغان دىنېپىر دەرياسى بويىدا تۆۋەندىكىدەك مىللەتلەر جايلارشقان.

1. گېرمانلار: (شەرىقتىن غەربكە) شەرقى گوتلار، گېپىدىلەر، تۈركىڭلەر،سۇئىبلەر، ماركومانلار، كۇئادىلار، هىروللار، رۇگىلەر، ۋە سكىرلەر.
2. سلاۋيانلار: (ئوتتۇرا ۋە غەربىي روسىيەدە) ۋېنېدلار، ئانتلار ۋە سكلاۋىنلەر.
3. پارىسلار ـ ئىرانلىقلار: (كاۋكازدىن دونايغا قەدەر تارقاق هالدا تارقالغان) ئالانلار، سارماتلار، باشتانارلار، نىيۇرلار ۋە روشۇلانلار.
4. فىن ـ ئۇغۇرلار: (ئورالدىن ـ بالتىق دېڭىزىغا قەدەر) چەرەمىشلەر، موردېۋىنلەر، مەريالار، ۋېشلەر، چۇدلار، ئىستىلەر ۋە ۋىدىۋارىلەر.
5. تۈركىي تىللىق مىللەتلەر: (ئىتىل دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە) هۇنلار، بىتتۇرلار، بۇئىسكلەر، بىتتىغۇرلار، قۇتۇرغۇرلار، ئالتىغۇرلار، ساراغۇرلار، ئوغۇزلار، سابارلار، (سابىرلار)، ئاكاتىرلار (ئاق هازارلار) ۋە باشقىلار. ئاتتىلا مىلادىيە 434 ـ 440 ـ يىللاردا شەرقىي رىمگە هېچقانداق بىر تىگىش قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ مەزگىلدە دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرى بىلەن بەنت بولغاندى. مىلادىيە 440 ـ يىلىدىن كېيىن، ئاتتىلا نىشانىنى شەرقىي رىمگە قاراتتى. ئاتتىلانىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەبى بولسا، شەرقىي رىم ئىمپېراتورى تىئودورۇس كېيىنكى چاغلاردا مارگۇس كېلىشىمىنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپ هالدا، هۇن ئىمپېرىيىسىدىن قېچىپ بارغان قاچاقلارنى قايتۇرۇپ بەرمىگەن هەمدە ئۆلارنىڭ بەزىلىرىنى يۇقىرى ۋەزىپىلەرگە قويغان. ئىككى دۆلەتنىڭ چېگراسىدىكى ئورتاق بازاردا رىم سودىگەرلىرى هۇن سودىگەرلىرىنى ئالداپ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشۋالغان، يەنە بىر تەرەپتىن مارگۇس ئېپىسكوپى هۇنلارنىڭ بىر قەبرىستانلىقنى ئېچىپ بولغان. بۇ قەبرىستانلىق هۇنلارنىڭ ئۇلۇغ كىشلىرى دەپنە قىلىنغان هەم قىممەتلىك مەدەنلەردىن ياسالغان قورال ـ ياراقلار ۋە زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى قوشۇپ كۆمۈلگەن قەبرىستانلىق ئىدى. بۇ ۋەقە هۇنلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. چۈنكى، قەبرىستانلىقنى ئېچىپ ئۇنى بولاپ ـ تالاش هۇنلارنىڭ روهى دۇنياسىغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ هاقارەت ۋە تاجاۋۇزچىلىق هېسابلىناتتى. شۇڭا، ئاتتىلا شەرقىي رىمنىڭ قاتتىق ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن، مىلادىيە 441 ـ يىلى بىلگراد شەهرىدىن ئاتلىنىپ، رىمنىڭ سوفىيا قاتارلىق شەهەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇدۇل پايتەختت كونستانتىنىپولغا قاراپ يۈرۈش قىلغان. شەرقىي رىم يوقلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن هالقىلىق پەيتتە، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرغا چۈشۈپ، ئاتتىلاغا يالۋۇرۇپ، ئۇنى توختىتىۋالغان. غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مەشهۇر قوماندانى ئائىتوس تىئودوروسنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن، شەرتنامىنىڭ پىرىنسىپلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىپ، ئۆز ئوغلىنى هۇنلارغا گۆرەگە قويغان.③

ئاتتىلا بۇ قېتىمقى يۈرشدە شەرقىي رىمنىڭ دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەزى شەهەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۋالغان هەم بۇ جايلاردىكى هۇنلارغا قارشى ئىستېهكاملارنىڭ هەممىسىنى پاچاقلاپ تاشلىغان. مىلادىيە 442 ـ يىلى ئاتتىلا گىلىپولى يېرىم ئارىلدا شەرقىي رىم قوشۇننى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. تىئودورۇس بۇ قېتىم يەنىلاهۇنلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئورنىتىشتىن باشقا چىقىش يولى تاپالمىغان. شۇنىڭ بىلەن، تىئودورۇس مىلادىيە 443 ـ يىلى ئاتتىلا بىلەن كېلىشىم تۈزگەن. كېلىشىمدە ئاتتىلا شەرقىي رىم ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيەتلەرنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋەتكەن. كېلىشىمنىڭ مەزمونى مۇنداق ئىدى:

1. شەرقىي رىم هۇنلارغ تاپشۇرمىغان باجنىڭ هېسابىغا 6000 لىرا ئالتۇن تاپشۇرۇش.
2. يىللىق باجنى 2100 لىرا ئالتۇنغا ئۆستۈرۈش.

3. هۇنلارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇشىدىن قېچىپ كەتكەن شەرقىي رىم ئەسكەرلىرىنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن 12 لىرا ئالتۇن تاپشۇرۇش.

4. ھۇن قاچاقلىرنى شەرىقي رىم تەۋەسىگە كىرگۈزمەسلىك ①«ھۇن تارىخىغا دائىرماقالىلەرتوپلىمى»خەنزۇچە، 137 ـ بەت.

تىئودۇرۇس بۇ شەرتلەرنىمۇ ئۈن ـ تىنسىز ھالدا قۇبۇل قىلغان. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئاتتىلاغا قارشى چىققۇدەك كۈچ ـ قۇدرەت يوق ئىدى. لېكىن، بۇ كېلىشىم ھۇنلار ئۈچۈن يەنىلا ۋاقىتلىق ئىدى. چۈنكى باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھۇنلارنىڭ تاشقى سىياسىتىدە شەرقىي رىمگە داۋاملىق بېسىم ئىشلىتىپ ۋە زەئىپلەشتۈرۈپ، ئاخىرى يوقىتىش بەلگىلەندى. شۇڭلاشقا، ھۇنلار بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىچە بولغان ئارلىقتا شەرقىي رىمدىن كۆپىرەك نەپ شىلىۋېلىپ، ئۇنى ھالسىرىتىپ، ئاخىرى ھەربىي كۈچ ئىشلەتمەيلا يوقىتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

شەرقىي رىم بۇنچىلىك ئېغىر باجنى تاپشۇرۇشتا زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىلادىيە 447 ـ يىلى شەرقىي رىم تەۋەسىدە قاتتىق يەر تەۋرەپ، ئېغىر ۋەيرانچىلىقلار كېلىپ چىقان. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت ئاي داۋاملاشقان. شۇڭا، مىلادىيە 447 ـ يىلى تىئودۇرۇس ھۇنلارغا تاپشۇردىغان ئالتۇننى تاپشۇرالماي قالىغان. بۇنى باھانە قىلغان ئاتتىلا شۇ يىلى بالقانغا ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلغان. بۇ قېتىم ئاتتىلا شەرقىي رىمنىڭ 70 دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەرنى ئىگىلەپ، ئارقىدىن كونستانتىنپولنى قاتمۇقات مۇھاسىرگە ئالغان. مۇشۇ چاغدا ئاتتىلا مۇھاسىرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شەھەر ئىچىگە بېسىپ كىرىدىغانلا بولسا، شەرقىي رىم شۇ ھامان شەرتسىز تەسلىم بولغان بولاتتى. لېكىن، ئاتتىلا ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ يەنە تىئودۇرۇس نىڭ كېلىشىم تۈزۈپ تىنچلىق ئورنىتىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، شەرقىي رىمگە يەنە بىر قېتىم ھاياتلىق پۇرستى بەردى. تىئودۇرۇس ئاتتىلانىڭ دېگىنى بويىچە، دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن بەش كۈنلۈك مۇساپىدە كېلىدىغان كەڭرى بىر جاينى ھۇنلارغا بۆلۈپ بەردى. ھۇنلارنىڭ ھەربىي چىقىمى ئۈچۈن 600 لىرا ئالتۇن تۆلىدى ھەمدە يىللىق باجنى 2100 لىرا ئالتۇندىن ئۈچ ھەسسە كۆپەيتىشكە قوشۇلدى.①

ئىبراھىم كافەس ئوغلو: «12 ـ ئەسىرگە قەدەر ئىستانبۇلنىڭ تۈركلەر تەرىپىدىن مۇھاسىرە قىلىنىشى»، «ئىستامبۇل ئىنستىتوتى ژۇرنىلى»، تۈركچە، 1957 ـ يىلى 3 ـ سان1 ـ ، 6 ـ بەتلەر

شەرقىي رىم ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنى ھۇنلارغا يىللىق باجنى تاپشۇرۇش بولدى. بۇنچىلىك كۆپ ئالتۇننىڭ چىقىم قىلىنىشى دۆلەت مالىيىسىنى قۇرۇقداپ قوياتتى. ئىمپېراتور تىئودۇرۇس بېشى قېتىپ، قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغان بىر پەيتتە، باش ساراي خادىمى كىرساپخىئوس ئاتتىلادىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاپ تاپقان. يەنى ئۇ ئاتتىلانى ئۆلتۈرۈش چارىسىنى ئوتتۇرغا قويغان. كىرساپخىئوس ئاتتىلانىڭ ئەلچىسى ئەدەقۇنغا پارە بېرىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنگەن. ئەدەقۇن ئۇنىڭغا يالغاندىن سېتىلغان. بۇ سۇيىقەستنى ئورۇنداش ئۈچۈن، كىرساپخىئوس ئاتتىلاغا تونۇشلۇق بولغان ماكسىمنوسنىڭ باشچىلىقىدا، تارىخچى پىرسكوسمۇ قاتناشقان بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئاتتىلانىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە 448 ـ يىلى ھۇنلانىڭ پايتەختىگە ئەۋەتكەن. ئاتتىلانى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى بىگىلا ئىسىملىك بىر ئۈستىگە ئالغان. بۇنى پەقەت تەرجىمان ۋىگىلاس بىلەتتى. قالغانلارنىڭ بۇ ئىشتىن زادى خەۋرى يوق ئىدى. ئەلچىلەر يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئەدەقۇن سۇيىقەست پىلانىنى ئاتتىلاغا مەلۇم قىلغان. قاتتىق غەزەپلەنگەن ئاتتىلا بىگىلانى ھۇن ئەدلىيە ھەيئىتىنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىپ، جىنايىتىنى ئىقرار قىلدۇرغان. ئاتتىلا شۇ مەيداندا ئۇزۇن بىر نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن: «ئەگەر كەچۈرمەيدىغان بولسام سىلەرنى ھۇنلانىڭ ئادىتى (قانۇنى) بويىچە دالىغا ئېگىز موما ياغىچى تىكىپ، موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا يالىڭاچ باغلاپ قويۇپ، ياۋايى يىرتقۇچ قۇشلارغا يەم قىلىپ بېرىپ جازالايتىم.» دەپ

ئەلچىلەرگە هۇنلارنىڭ قانۇننى تونۇتۇپ، ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلغان.
شەرقىي رىمنىڭ سۇيىقەست پىلانى بەربات بولغاندىن كېيىن، ئاتتىلا دەرھال ئۆزىنىڭ ئىككى ئەلچىسى ئارقىلىق تېئودورۇس گە ناھايىتى ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن تولغان بىر مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن كىرساپخىئوسنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كاللىسنى هۇنلارنىڭ پايتەختىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. قورقۇپ كەتكەن تېئودورۇس مىلادىيە 449 ـ يىلى كىرساپخىئوسنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كاللىسنى ئاتتىلاغا ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، كىرساپخىئوسنىڭ ئاتتىلانى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستى، ئەكسىنچە ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدەك ئېچىنىشلىق پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشقان.

بىر ئۆمۈر هۇنلار ئۈچۈن ئېغىر مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەپ خورلۇق ئىچىدە ياشىغان تېئودورۇس مىلادىيە 450 ـ يىلى ھەسرەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. تېئودورۇس مىلادىيە 422 ـ يىلى تۆت ياش ۋاقتىدا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىگە چىققان. ئۇدا ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى هۇنلارغا قارام بولۇپ قېلىپ، نومۇسلۇق كۈنلەرگە دۇچار بولغانىدى. بولۇپمۇ ئاتتىلا هۇن ئىمپېراتورى بولغاندىن كېيىن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە ئاھانەتلىك كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. ئۆزىنىڭ نۇرغۇن زېمىننى هۇنلارغا تارتقۇزۇپ قويغان ھەتتا، تارىخ سەھنىسىدىن غۇلاپ چۈشۈشكە تاس قالغان. پەقەت نۇرغۇن بەدەل تۆلەش ھېسابىغا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان.
تېئودورۇس ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا ماركىنوس تەختكە چىققان. ئاتتىلا بۇ يېڭى ئىمپېراتورنى تىنچلىق كېلىشىمى بويىچە تېگىشلىك باجنى تاپشۇرۇشقا قىستىغان. ماركىنوس باج تاپشۇرۇش ئورنىغا قولىغا قورال ئېلىپ، هۇنلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ماركىنوسنىڭ بۇ قىلمىشىدىن غەزەپلەنگەن ئاتتىلا شەرقىي رىمنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىشنى قارار قىلىپ، شەرقىي رىم ئۈستىگە جەڭ يۈرۈش قىلىۋاتقان چاغدا، ئۇ ماركىنوسنى چوڭ سۆزلەتكەن كۈچىنىڭ غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن، ئاتتىلا شەرقىي رىم بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەربىي كېلىشىم تۈزۈۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن، نىشانىنى بىردىنلا غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە يۆتكىگەن. شەرقىي رىم بىلەن كېيىن ھېسابلاشماقچى بولغان④.

---

①ئالزىم: «ئاتتىلا»، تۈرۈكچە، 134 ـ بەت
②ئاتتىلا «س.ئاققايا: «قەدىمكى نېمىس داستانلىرىدا ئاتتىلا dfctd مەجمۇئەسى»، تۈركچە، 1944 ـ يىلى 2 ـ سان، 561 ـ بەت
③ئالزىم: «ئاتتىلا»، تۈركچە، 168 ـ بەت

④«تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 4 ـ توم، 193 ـ بەت»

## 4. ئاتتىلا ۋە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى هۇنلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى ئىدى. لېكىن، ئاتتىلا دەۋرىگە كەلگەندە بۇ خىل ئىتتىپاق نامىدا بار، ئەمەلدە يوق ھالغا چۈشۈپ قالغان. شۇ دەۋردىكى ياۋروپا دۇنياسىدا ئاتتىلا «تەڭرى قامچىسى»، ئۇ گۇناھقا تولغان خىرىستىئان دۇنياسىنى جازالاش ئۈچۈن، تەڭرى تەرىپىدىن يەر يۈزىگە ئەۋەتىلگەن، ئاتتىلانىڭ قولىدىكى قىلىچ ئۇرۇش تەڭرىسى ئارس(«يۇنان ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەتلىرى»دىكى جەڭ تەڭرىسى ـ م.) قىلىچى بولۇپ، تەڭرى ئۇنى ئاتتىلانىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەرگەن، دېگەنگە ئوخشاش رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغانىدى. ھەتتا، بۇ رىۋايەتلەرگە ئاتتىلانىڭ ئۆزىمۇ ئىشەنگەن. شۇڭا، پۈتۈن دۇنيانى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈشنى ئويلايدىغان ئاتتىلا ئۆزىنىڭ يېنىدا غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىدەك چوڭ بىر دۆلەتنىڭ بولۇشىنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۇ،بۇ دۆلەتنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش

كېرەك ،دەپ قارايتتى. ئاتتىلا بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىيە 439 ـ يىلدىن باشلاپ غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە قاراتقان تاشقىي سىياستىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا بېرىدىغان ياردەمنىمۇ كېمەيتكەن. ئاتتىلا يەنە مىلادىيە 443 ـ يىلى گاللىيە (ھازىرقى پولشا، فىرانسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىر قىسمى)دىن، تاكى ئىسپانىيىگىچە بولغان جايلاردا ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ غەربى رىم ئىمپېرىيىسىگە قارشى قوزغىلىڭىنى قوللاپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرنى پاناھىغا ئالغان. ئاتتىلا شەرقىي رىمگە قانداق ئېغىر شەرتلەرنى قويغان بولسا، غەربىي رىمگىمۇ شۇ خىلدىكى شەرتلەرنى تاڭغان. مەسىلەن، سىلۋانۇس ئىسىملىك بىر رىملىق ئالتۇن ـ كۈمۈش سودىگىرى ھۇنلار ئىشغال قىلغان سىرىئوم شەھىرىنىڭ ئېپىسكوپى ئارقىلىق ئاتتىلانىڭ كاتىپى كونستانتىنوستىن دىنىي مۇراسىملاردا ئىشلىتىدىغان ئالتۇن قاچا ـ قۇچىلارنى ئارىيەتكە ئالغان. كېيىن، قايتۇرۇش ۋاقتى توشقاندا، ئۇ بۇ ئالتۇن قاچا ـ قۇچىلارنى ئىتالىيلىك بىر سودىگەرگە سېتىۋەتكەن. ئاتتىلا سىلۋانوسنى ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزدى، دەپ قاراپ، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىدىن ئۇنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى، بولمىسا ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ئاتتىلا يەن بىر تەرەپتىن ھۇنارىيا مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرغا قويغان. غەربىي رىمنىڭ ھۇنارىيا ئىسىملىك بىر مەلىكىسى بار بولۇپ، ئۇ ئىمپېراتور ۋالىنتىنوس نىڭ سىڭلىسى ئىدى. كېيىن ھۇنارىيانىڭ باللىرى بىلەن ۋالىنتىنوس نىڭ ئوتتۇرىسدا تەخت تالىشىش داۋاسىنىڭ پەيدا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر ھۇنارىيانىڭ توي قىلىشىنى چەكلىگەن. ھۇنارىيا ئاتتىلا يېڭىدىن تەختكە چىققان چاغدا، ئاتتىلانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر توي ئۈزۈكى ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ ئاتتىلا بىلەن توي قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرغان. ئەمما، ئاتتىلا مەلىكە ھۇنارىيانىڭ بۇ تەلىپىگە جاۋاپ بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئاستا ـ ئاستا بېسىقىپ قالغان. كېيىن ھۇنارىيانىڭ سارايدىكى بىر ئەمەلدار بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى سېزىلىپ قېلىپ، ئانىسى پىلاكرىيا ھۇنارىيانى ئاۋال شەرقىي رىم ئوردىسىدا، كېيىن غەربىي رىمنىڭ ئوردىسىدا نەزەربەند قىلغان. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئاتتىلا، ھۇنارىيانى ئۆزىنىڭ ئالماقچى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بولغۇسى بۇ خانىشنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ، غەربىي رىمگە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئاتتىلا ئەلچىلەر ئارقىلىق ھۇنارىيانىڭ مىراسى سۈپىتىدە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ئاتتىلانىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ھۇنارىيانى باشقا بىرىگە ياتلىق قىلىۋەتكەن①. ئاتتىلانىڭ مانا مۇشۇنداق ئېغىر شەرتلەرنى ئوتتۇرغا قويۇش ئارقىلىق، غەربىي رىمگە قارىتا قوراللىق ھەرىكەت قوزغاشقا باھانە ئىزدەۋاتقانلىقى غەربىي رىم ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم ئىدى.

ھۇنلار غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى بىر قانچە قېتىم خەتەرلىك كۈندىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولغاچقا، بۇنىڭ بەدىلىگە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ھۇنلارغا يىللىق باج تاپشۇراتتى. ئاتتىلا بىلەن دەۋرداش بولغان غەربىي رىم قوماندانى ئائتوس ھەر ۋاقىت بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى ئويلايتتى. ئۇ ھامان بىر كۈنى ئاتتىلانىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ غەربلىكلەر تەرىپىدىن ئاتالمىش ۋار ـ ۋار②دەپ ئاتالغان مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئۇلاردىن تەشكىل قىلغان مۇئاشلىق ئەسكەرلەر ئارقىلىق، ھۇن ئۇسلۇبىدا ئاتلىق قوشۇن تەربىيلىگەن ھەمدە ھۇن ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى بەزى مىللەتلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنى ئاتتىلاغا قارشى ئېسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەن. دېمەك، ھۇنلار بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى بىر ـ بىرىگە قوراللىق ھەرىكەت قوللىنىشقا خېلىدىن بېرى تەييارلىق قىلىشقانىدى.

مۇشۇ چاغدا غەربىي رىم قوشۇنىنىڭ تەركىبىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. غەربىي رىم قوشۇنى ئىچىدىكى غەربىي گوتلار يالغۇز ئۆز ئالدىغا ھۇنلار بىلەن تىركىشەلىگۈدەك كۈچكە ئىگە ئىدى. ئاتتىلا غەربىي گوت قوشۇنىنى پاچاقلاپ تاشلىغاندىلا، غەربىي رىم قوشۇنىنى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن رىم قوشۇنى بىلەن غەربىي گوتلار ئارىسىدىكى كۈچلۈك زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، رىملىقلار بىلەن غەربىي گوتلانى بىر ـ بىردىن ئايرىپ تاشلىماقچى بولغان. ئۇ پىلاننى سەزدۈرۈپ

قويماسلىقى ئۈچۈن، غەربىي رىم ئىمپېراتورى ۋالىنتىنوسقا غەربىي گوتلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدۇرغانلىقىنى،
غەربىي گوتلارغا بولسا گاللىيەدىكى رىم بويۇنتۇرۇقىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدۇرغانلىقىنى
.ئېيتقان

ھەقىقەتەن ئاتتىلا مىلادىيە **451** ـ يىلى **1** ـ ئايدا، **200** مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن غەربكە يۈرۈش
قىلغان. يۈرۈش جەريانىدا ئۇ دوناي دەرياسى بويىدىكى غەربىي رىم شەھەرلىرى ۋە ئىستىھكاملىرىنى ۋەيران
قىلىپ ئۆتكەن ھەم بۇ ئەتراپتا ياشايدىغان ھەر قايسى گېرمان قوۋملىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ،قوشۇنىنىڭ سانىنى
**500** مىڭغا يەتكۈزگەن③ئاتتىلا مۇشۇ قېتىمقى يۈرۈشكە ئاتلىنىدىغان چاغدا ناھايىتى تەنتەنىلىك نۇتۇق سۆزلەپ
مۇنداق دېگەن: «بىز يات مىللەتلەر ئۈستىگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز. مىللىتىمىزنىڭ ھەيۋەتلىك
نامى ئۇلارنى قورقۇتۇپ تىترىتىدۇ. ئېھتىمال بىز ئۆلۈپ كېتىشىمىزمۇ مۇمكىن. لېكىن، ئاسمان ـ زېمىننى
«.زىل ـ زىلىگە كەلتۈرگەن ئىشىمىز مەڭگۈ ياشايدۇ. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدۇ

شۇ يىلى **3** ـ ئايدا ئاتتىلا رەھبەرلىكىدە ھۇن قوشۇنى رېين دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، فىرانسىيىدىكى
مىتزى ۋە رېيمسى قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغان. ئارقىدىن پارىژنىڭ يېنىدىكى ئورلېئان شەھرىگە
قىستاپ كەلگەن. ئاتتىلا مۇشۇ جايدا غەربىي گوتلارنى مەغلۇب قىلىپ، ئاندىن غەربىي رىم قوشۇنىنى
يوقاتماقچى. لېكىن، ئائېتوس قوماندانلىقىدىكى **600** مىڭ كىشىلىك غەربىي رىم قوشۇنى ئاتتىلانىڭ كەينىدىن
بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن، ئاتتىلار دەرھال كاتالونىيە تۈزلەڭلىكى (گوت ـ ئالان تۈزلەڭلىكى)گە چېكىنىپ،
ئەسكەرلەرنى سەپكە ئورۇنلاشتۇرغان. غەربىي گوتلار دەسلەپتە ئۆزىنىڭ بىتەرەپ ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.
.كېيىن ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، غەربىي رىم تەرەپتە تۇرغان
كاتالونىيە تۈزلەڭلىكى (فىرانسىيە)دە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز قوشۇنىنى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئۈچ
.سەپ بويىچە ئورۇنلارشتۇرغان
ئائېتوسنىڭ باش قوماندانلىقىدىكى غەربىي رىمنىڭ ئەسلى قوشۇنى فىرانك پادىشاھى مىروۋىخ
قوماندانلىقىدىكى قوشۇنى بىلەن شىمالىي سەپ بولۇپ ئۇيۇشقان. شىمالىي سەپنىڭ يېنىدا مۇداپىئەلىنىشكە
ئەپلىك بىر ئېگىزلىك بار ئىدى. ئوتتۇرا سەپنى سانگىيان قوماندانلىقىدىكى ئالان قوشۇنى تەشكىل قىلغان.
.جەنۇبىي سەپكە تېئودورىك قوماندانلىقىدىكى غەربىي گوت قوشۇنى قويۇلغان
ئاتتىلانىڭ قوشۇنى تەرەپتە بولسا، غەربىي رىم ئۇرۇش سېپىنىڭ ئەڭ ئاجىز نوقتىسى بولغان ئوتتۇرا
قىسىمدىكى ئالان قوشۇنىغا، ئاتتىلا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان ھۇن ئاتلىق قىسمى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.
شىمالىي سەپكە ھېرۇللار، كۇئادلار قاتارلىق گېرمان قوۋملىرىدىن تەشكىل قىلغان قىسىم قويۇلغان. جەنۇبىي
سەپتە غەربىي گوتلارغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل قىلىپ، ۋالامىر رەھبەرلىكىدىكى شەرقىي گوت قوشۇنى قويۇلغان. مانا بۇ
دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئۇرۇشلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان ــ كاتالونيا ئۇرۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك
.④ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى

كاتالونىيە ئۇرۇشى مىلادىيە **451** ـ يىلى **6** ـ ئاينىڭ **21** ـ كۈنى يۈز بەرگەن. ئۇرۇش ساق بىر سوتكا
داۋاملاشقان. ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا ئاتتىلا جەنۇبىي ۋە شىمالىي سەپنى مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى
غەربىي رىمنىڭ ئاجىز نوقتىسى بولغان ئوتتۇرا سەپكە ـ ئالانلار ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق
مەغلۇب قىلغان. غەربىي رىمنىڭ جەنۇبىي سەپ قوشۇنىمۇ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، قوماندان تېئودورىك
ئۆلگەن. كەچ كىرگەن چاغدا غەربىي رىمنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي سەپتىكى قوشۇنى چېكىنىپ كەتكەن. بۇ
چاغدا باش قوماندان ئائېتوسمۇ ھۇنلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، ناھايىتى تەسلىكتە قۇتۇلۇپ
چىققان. ئائېتوس ھۇنلارنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن، ئەتىسى ئەتىگەندە غەربىي رىم
قوشۇنىنى باشلاپ چېكىنىپ كەتكەن. غەربىي رىم قوشۇنىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرگەن ئاتتىلامۇ قىسىملىرىنى
باشلاپ، **20** كۈن ئىچىدە ئۆز پايتەختىگە قايتىپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش شۇنداق دەھشەتلىك
بولغانكى، سىنا دەرياسىنىڭ سۈيى ئادەمنىڭ مەيدىسىگە كەلگۈدەك چوڭقۇرلۇقتا قانغا تولۇپ ئاققان. ئۇرۇشتا

ھەر ئىككى تەرەپتىن 300 مىڭ ئادەم ئۆلگەن. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ روھى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۇرۇشقانمىش⑤. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا غەلبە ئاتتىلاغا مەنسۇپ بولغان. مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە ياشىغان پىروستىرپىرونىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئائىتوس ئېمپىراتور ۋالېنتىنوسقا ئۆزىنىڭ ھۇنلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇنىڭ بەدىلگە ئىتالىيىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى ھۇنلارغا بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ۋالېنتىنوس بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، ئۇنى مەجبۇرىي ئۇرۇشقا سالغان. ئائىتوس ئۇرۇشتا ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كۈچلۈك ھۇنلارغا تەڭ كېلەلمىگەن.

كاتالونىيا ئۇرۇشىدا ئائىتوس مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن. ئاتتىلامۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىماي غەربىي رىم بىلەن قايتا بىر قېتىم ھېسابلىشىشنى ئويلاپ، ئۆز پايتەختىگە قايتقان.

مىلادىيە 452 ـ يىلى ئاتتىلا100مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىككىنچى قېتىم غەربىي رىم ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان. ئاتتىلا بۇ قېتىمقى يۈرۈشىدە ئالدىغا ئۇچرىغان تۇنجى شەھەرئاچىئويلانى قاتتىق ۋەيران قىلىپ، ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن. ئارقىدىن ئىتالىيىدىكى مىلان ۋە پاۋىيان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگەلەپ، ئۇدۇل رىم شەھرىگە قىستاپ بارغان. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن رىم ئىمپېرىيىسى، ئەينى ۋاقىتتىكى خىرىستىئان دىنىي دۇنياسىنىڭ مەنىۋىي داھىيسى پاپا لېئو 1 باشچىلىقىدا، ئۈچ كىشىلىك بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئاتتىلانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن. پاپا لېئو1 غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ۋە پۈتكۈل خىرىستىئان دىنىي دۇنياسى نامىدىن ئاتتىلا بىلەن سۈلھى تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ۋە ھەرقانداق شەرتنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ چاغدا ئاتتىلانىڭ يېقىن كىشىلىرىمۇ رىمنىڭ قەدىمى مەدەنىيەت مەركىزى ئىكەنلىكىنى، ئاتتىلانىڭ مەدەنىيەتنى ھىمايە قىلغۇچى كىشى بولغاچقا، بۇ شەھەرنى ۋەيران قىلماي بۇ شەھەرنى ساقلاپ قېلىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئاتتىلامۇ بۇ پىكىرنى توغرا تاپقان. شۇڭا ئاتتىلا غەربىي رىمنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى پاپا لېئو 1 گە ئېتىراپ قىلدۇرۇش شەرتى بىلەن، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزگەن. كېلىشىم بويىچە، غەربىي رىم ھەر يىلى ھۇنلارغا تاپشۇرىدىغان 700 لىرا ئالتۇننى، 2100 لىرا ئالتۇنغا كۆپەيتكەن.شۇنداق قىلىپ، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىمۇ ھۇنلارغا قارام بولۇش ھالىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان.

---

①«تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 19 ـ توم، 343 ـ بەت.

② لاتىنچە «بارا ـ باروي» يۇنانچە «بارا ـ بارى» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. ئەسلىدە «بار ـ بار» ۋار ـ ۋار دېگەن نامىلار«چۈشەنگىلى بولمايدىغان تىلدا سۆزلىشىدىغانلار» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. سانسكرىتچە «بار ـ باراخ» سۆزى بولسا «تۆتۆت» (كېكەچ) دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئوتتىگىناتنىڭ چۈشەندۈرۈشچە، «بارا ـ باراس» دېگەن سۆزى بولسا «ئارىئانلاردىن بولمىغان قوۋملەر» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئوتتىگىناتنىڭ چۈشەندۈرۈشچە، «بارا ـ بارا» دېگەن نام ئاككات تىلىدا «بۆرە» بولۇپ بۇ لۇۋى قەبىلىلىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە يۇنان تىلىغا، ئۇنىڭدىن لاتىن تىلى ۋە باشقا تىللارغا ئۆتكەن.

③«تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، تۈرۈكچە، 4 ـ توم، 193 ـ بەت.

④«تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، تۈرۈكچە، 9 ـ توم، 496 ـ بەت.

⑤«تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، تۈرۈكچە، 9 ـ توم، 496 ـ بەت.

## 5.ئاتتىلانىڭ ئۆلۈمى

ئاتتىلا مىلادىيە 453 ـ يىلى ئىراندىكى ساسانىيلار سۇلالىسى ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى بولغان. ئاتتىلا ئىرانغا يۈرۈش قىلىشتىن بۇرۇن غەربىي رىمنىڭ بىر مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن. پىرىسكوس ۋە جوردانىسنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئاتتىلا توي كېچىسى بۇرنى قاناپ ئالەمدىن ئۆتكەن①. ئاتتىلادىن يۈز يىلى كېيىن ياشىغان جوردانىسنىڭ

خاتىرلىشچە، ئاتتىلا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھۇنلار كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزگەن. بۇ ھەقتە جوردانىس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئاتتىلانىڭ جىنازىسى خان سارىيىنىڭ ئالدىدىكى يىپەك چېدىر ئىچىگە قويۇلغاندى. ماتەم مۇراسىمى ھۇنلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ باتۇر يىگىتلەرنىڭ قېلىچۋازلىق قىلىشى بىلەن باشلاندى. ھۇن شائىرلىرىنىڭ ئاتتىلاغا ئاتاپ قايغۇلۇق مەرسىيەلەرنى ئوقۇدى.» جوردانىس ھۇن شائىرلىرىنىڭ مەرسىيەلىرىنى مۇنداق بايان قىلغاندى: «ھۇنلانىڭ ئەڭ بۈيۈك خانى، مۇنجۇقنىڭ ئوغلى، ئەڭ جەسۇر مىللەتنىڭ ھۆكۈمدارى ئاتتىلا ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچكىمدە كۆرۈلۈپ باقمىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ ئۆز ئالدىغا پۈتۈن سكتىيە ۋە گېرمان دۆلىتىنى بويسۇندۇردى. بىر قانچە يۈز شەھەرنى ئىگەلىدى. ھەر ئىككى تىم ئىمپېرىيىسىنى قاتتىق قورقىتىپ، ئۆزىگە باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. مانا بۇ غەلىبىلەرنىڭ ھەممىسى بەخت ـ تەلەيىنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتى ئىدى. ئاتتىلا دۈشمەننىڭ زەربىسى ياكى ئۆز ئادەملىرىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى توي كېچىسىدە گىگانت مىللەتنىڭ ئىچىدە ئاغرىق ئازابىغا گىرىپتار بولماستىن ئالەمدىن ئۆتتى. ھەممە ئادەم قايغۇغا چۆمگەن بۇ ئۆلۈمنى كىممۇ ئۆلۈم ھېسابلىسۇن. ②

ئاتتىلانىڭ ماتەم مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىدى ئالتۇن، كۆمۈش ۋە تۆمۈردىن ئۈچ قات قىلىپ ياسالغان ساندۇقنىڭ ئىچىگە سېلىنغان. ھۇنلار بىردەريانىڭ (قايسى دەريا ئىكەنلىكى نامەلۇم) سۈيىنى ۋاقىتنچە باشقا يۆنىلىشكە ئاققۇزۇپ، ئۇنىڭ ئاستىنى چوڭقۇر كولاپ، ئۇ يەرگە ئاتتىلانىڭ جەسىدى سېلىنغان ساندۇقنى كۆمگەن. ئاتتىلا كۆمۈلگەن جاينى مەڭگۈ مەخپىي قىلىش ئۈچۈن، ئاتتىلانى يەرگە كۆمگەن كۇلغان كىشىلەر ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاتىلانىڭ يېنىغان كۆمۈۋېتىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۇنلار دەريانى ئەسلى قېنى بويىچە ئاققۇزغان. ③

كېيىنكى كىشىلەر ئاتتىلا كۆمۈلگەن جاينى ھۇنگرىيە، رۇمىنىيە، ئاۋستىرىيە، پولشا، ئىتالىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئىزدىدى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مىلادىيە 1799 ـ يىلى رومىنىيىنىڭ بانا رايونىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تىمىس دەرياسىنىڭ ئارانكو دەرياسىغا قوشۇلىدىغان يېرىدىكى نود سەنتمىكلوس دېگەن جايدىن قەدىمكى بىر دەپىنە بۇيۇملىرى تېپىلغان. بۇ دەپىنە بۇيۇملىرى ئالتۇن ـ كۆمۈشتىن ياسالغان قاچا ـ قۇچىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ نەرسىلەر تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئىچىدىن تېپىلغان. ئالتۇن قاچا ـ قۇچۇلارنىڭ ئۈستىگە «ئۆرخۇن ـ يېنسەي يېزىقى»دا خەت ئويۇلغان بولۇپ، بۇ دەپىنە بۇيۇملىرىنى رىملىق ئىككى سودىگەر ھۇنگرىيەگە ئېلىپ كەلگەندى. ھازىر بۇ بۇيۇيۇملار ۋىنا موزېيىدا ساقلانماقتا. ھۇنگرلار ھازىرغا قەدەر بۇ بۇيۇملارنى ئاتتىلا بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن دەپىنە بۇيىملىرى، بۇ نەرسە تېپىلغان جاينى ئاتتىلانىڭ مازىرى، دەپ قاراپ كەلمەكتە. ④ لېكىن يەنى بەزى ئالىملار بۇ دەپىنە بۇيۇملىرىنى پەچىنەكلەرگە مال قىلىدۇ.

---

① «تۈرك ئېنسكلوپېدىيىسى»، تۈرۈكچە، 20 ـ توم، 72 ـ بەت.

② «تۈرك ئېنسكلوپېدىيىسى »، تۈرۈكچە، 4 ـ توم، 194 ـ بەت.

③ «تۈرك ئېنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە 4 ـ توم، 203 ـ بەت.

④ «تۈرك ئېنسكلوپېدىيىسى»، تۈركچە 25 ـ توم، 73 ـ بەت.

## 6. ئاتتىلا قانداق كىشى؟

ياۋرۇپا ھۇن ئىمپېرىيىسىنى باللەمبەر قۇرغان، يىلدىز ۋە رۇگا ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئاساس سالغان. ئاتتىلا ئۇنى مىسلىسىز دەرىجىدە قۇدرەت تاپقۇزغان. شۇڭا، ياۋرۇپا ھۇنلىرى «ئاتتىلا ھۇنلىرى» دەپ ئاتالسا، ياۋرۇپا ھۇن ئىپىرىيىسى «ئاتتىلا ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتىغان. ئاتتىلا دەۋرىدە بۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى شىمالدا بالتىق دېڭىزدىن، جەنۇپتا دۇناي دەرياسىغىچە، غەربتە ئاتلارنتىك ئوكياندىن، شەرقتە بالقش كۆلى ھەتتا، ئالتاي تاغلىرىغىچە سوزۇلغان بولۇپ. ئاسىيا ۋە ياۋرۇپا قىتئەسىگە كەڭەيگەن ئەڭ چوڭ

.ئىمپېرىيىگە ئايلاندى
قەدىمكى بىر خرىستىئان دىنى ھۆججىتىدە ئاتتىلانىڭ دۆلەت بايرىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېشىدا تاجىسى
① .بار بۈركۈتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن،ئاق رەڭلىك توت چاسا يىپەك بايراق ئىكەنلىكى خاتىرلەنگەن
ھۇن ئىمپېرىيىسى تۈركى تىللىق مىللەتنىڭ ياۋرۇپادا قۇرغان تۇنجى ئىمپېرىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ
مەزگىلدە ھۇنلار ئۆزىنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى ۋە مۇكەممەل ھەربىي تەشكىلى تۈزۈمىنى ياۋرۇپاغا تونۇتتى ۋە
تارقاتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن رىملىقلا ئۆز قوشۇننى ھۇن ئۇسۇلى بويىچە يەنى «ئونلۇق سىستېمىسى»
بويىچە تەشكىلاتلاندۇرىدىغان بولدى ھەمدە ئوقيا رىم ئەسكەرلىرىنىڭ ئاساسلىق قۇرالىغا ئايلاندى.رىملىقلار
كۆڭلەك كىيىشنى شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلاردىن ئۆگەندى. بۇ ھەقتە ف.گىرىناد:«ئاسىيانىڭ ئۈستۈنلىكى ۋە
چۈشكۈلىكى»دېگەن ئەسىرنىڭ 12 ـ بېتىدە:«شۇ زامانغىچە، ياۋرۇپالىقلارغا نامەلۇم بولغان كۆڭلەك، ئات
جابدۇقلىرى، ھۇنلارنىڭ ئاتنى ئىگەرلەش ئۇسۇلى،ھەربىي ۋە ئاتلىق قوشۇنغا دائىر نۇرغۇنلىغان مەلۇماتلار،
.كۆپلىگەن جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار ھۇنلاردىن قوبۇل قىلىنغاندى»، دەپ كۆرسەتكەن

ھۇنلار ئاسىيادا قاتتىق قۇرغاقچىلىق، سىياسى ۋە ھەربىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچراپ، چىقىش يولى ئىزدىگەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ياۋرۇپاغا كۆچۈپ بېرىشىغا يول ئېچىپ
بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن 900 يىلى داۋامىدا ئاۋارلار، ئوغۇرلار (ئۇيغۇرلار) ھازارلار، سابىرلار، پەچىنەكلەر،
ئوغۇزلار ۋە قومان ـ قىپچاق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر ياۋرۇپاغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە دۆلەت قۇرۇپ،
.ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تارقىتىپ، ياۋرۇپانىڭ سىياسى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان
ھۇنلارنىڭ ياۋرۇپادا پەيدا بولۇشى، ياۋرۇپادا ياشايدىغان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك
ئۆزگەرتىۋەتكەن. بالەمبەر ۋە يىلدىزنىڭ ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشلىرى، ياۋرۇپادا مىللەتنىڭ ئىككى
قېتىملىق چوڭ كۆچۈشنى پەيدا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ياۋرۇپا مىللەتلىرىنىڭ ئۆز ـ ئارا قوشۇلۇشى تېزلىشىپ،
.ھازىرقى نۇرغۇن مىللەتنىڭ ئېتنىك ئاساسى شەكىللەنگەن
ئاتتىلا ئەينى ۋاقىتتاشەرقىي ۋە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە كەينى ـ كەينىدىن ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق،
ئۇلارنىڭ سىياسى ۋەھەربىي جەھەتە قاتتىق ھالسىرتىۋەتتى. ئۇلارنى يۇقىرى نىسبەتە باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر
قىلىپ، مالىيە جەھەتە ئېغىر كىرىزىسقا دۇچار قىلدى. رىم ئىمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ مالىيە چىقىمىنى ھەل قىلىش
ئۈچۈن، ئۆزىنى قارام خەلقلىرى ئۈستىدىكى ھۆكمرانلىقىنى كۈچەيتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن رىم ئىمپېرىيىسىگە
قارشى ھەر قايسى جايلاردا كەينى ـ كەينىدىن قوزغىلاڭ پاتىلدى. ئاتتىلا بۇ قوزغىلاڭنى قولدى. ئاتتىلارنىڭ
ھەربىي ھۇجۇمى ئاستىدا ھالسىرغان غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى قارام خەلق ۋە قۇللا قوازغىلىڭىنىڭ ئوت يالقۇنى
ئىچىدە، مىلادىيە 476 ـ يىلى ھالەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ياۋرۇپادا قۇللۇق تۈزۈم يىمىرلىپ، فېئوداللىق
تۈزۈم تىكلىنىشكە باشلىدى. مانا مۇشۇنداق ئىككى خىلئىجىمائىي پورماتسىيىنىڭ ئۇرۇن ئالمىششىدا ئاتتىلار ۋە
.ھۇنلارنىڭ سىياسى، ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتكى ئوينىغان رولى ناھايتى زور بولدى
ئاتتىلا 53 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. جوردانىسنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئاتتىلا ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي
ئۆڭلۈك، گۈرەنلىك،كۆچ ـ قۇۋۋەتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، توختىماستىن ئەتىراپقا نەزەر تاشلاپ تۇرىدىغان،
كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق كىشى ئىدى. ئاتتىلا ئېرىشمەكچى بولغان ھەرقانداق نەرسىنى ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىپ
قولغا كەلتۈرەتى. تارىخچىلار ئاتتىلانى چىڭگىزخاندىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەڭ چوڭ دۇنياۋى ھاكىمىيەت
چۈشەنچىسىگە ئىگە ئۇلۇغ ئىمپىراتۇر، تەشكىلاتچى ۋە ھەربىي قوماندان،دەپ قارايدۇ.
شۇڭا، ئاتتىلانىڭ نامى توغرىسىدا ياۋرۇپادىكى ھەرقايسى ئەلەردە بارلىققا كەلگەن
رىۋايەتلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كوچۈپ مانا ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە. ئاتتىلانىڭ
ھاياتى، يازغۇچىلار،رەساملار، ھەيكەلتىراشلار، مۇزىكانتلار ۋە سىنارىستلارنىڭ
.ئىجادىيىتىگە تېما بولۇپ كەلدى
ئاتتىلانىڭ بىۋاستە زىيارەت قىلىغان شەرقى رىم تارىخچىسى پىرىسكوسنىڭ
مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا بېرىشچە، ياۋرۇپا ھۇنلىرى ئاتتىلانى كىشلىكتىن ئۈستۈن

ئىقتىدارغا ئىگە دەپ قارايتى. شۇڭا، ئاتتىلانىڭ ئالدىدا ھەرقانداق كىشى قورقۇپ تىترەپ تۇراتتى. ھەتتا
ئاتتىلانىڭ چوڭ ئوغلى ئىلەكمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئاتتىلانىڭ ئوردىسىدىكى
بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ خانلىرى ۋە قوماندانلىرىمۇ ئاتتىلانىڭ بۇيرۇقىنى ئۇن ـ تىن تىترەپ تۇرۇپ بەجا
كەلتۈرەتتى. لېكىن، بۇنداق قورقۇش،بىركىشىنىڭ زالىم ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمدارغا بولغان قورقۇشى بولماستىن،
بەلكى كىشىلىكتىن ئۈستۈن ئىقتىدارغا ئىگە دەپ قارالغان بىر كۈچكە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىدى. بۇ
توغرۇلۇق پىرىسكوسنىڭ بىر مەلۇماتىنى كۆرۈپ ئۆتۈشمىزگە ئەرزىيدۇ.مىلادىيە 448 ـ يىلى ئاتتىلانىڭ ئوردىسىغا
.بارغان شەرقىي رىم ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ئىككى ھۇن ئەلچىسىمۇ بار ئىدى
ئەلچىلەرگە بۈگۈنكى سوگىيە شەھرىدە كاتتا زىياپەت بېرىلگەن زىياپەت سورۇنىدا شەرقىي
نى، ھۇنلار ئاتتىلانى ماختىغان، شەرقىي رىملىقلاردىن بىر ئىنسانى تەڭرى بىلەن IIرىملىقلارتىئودورۇس
تەڭلەشتۈرۈشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىن ئېيتقان چاغدا ،ئىككى ھۇن ئەلچىسى قاتتىق غەزەپلەنگەن. چۈنكى ئۇلار
ئاتتىلانى ھەققى تەڭرى دېگەن. پىرىسكوس تىلغا ئالغان يەنە بىر مەلۇماتا ئېيتىشچە، ھۇنلار ئاگاچىرى
قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلىش ۋەزىپىسىنى شۇ قەبىلىدىن چىققان بىر قوماندانغا تاپشۇرغان. ئاتتىلا ئۇنىڭ
كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن مۇكاپاتلىماقچى بولۇپ، ئوردىسىغا چاقىرتقاندا، ئۇ كەلمەي مۇنداق بىر خەتنى
ئەۋەتكەن :«ئىنسان ئۈچۈن تەڭرى ھۇزۇرىغا بېرىش ناھايىتى مۇشكۈل ئىشتۇر، مەن كۆزۈمنى چوڭراق ئېچىپ
كۈنگە قارىيالمايمەن، بۇ ھالىم بىلەن ئەڭ چوڭ تەڭرىگە قانداق قارىيالايمەن». ھۇنلار ۋە باشقا تۈركى
تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بويىچە، ئىمپېراتۇر ياكى قاغان تەڭرىنىڭ يەر يۈزىدىكى
ۋەكىلى، تەخت ئۇنىڭغا تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان، دەپ قارىلىپ، مىللەتنىڭ ئائاتىسى ھېسابلىناتتى.
شۇڭلاشقا تۈركى تىللىق مىلەتلەرنىڭ ئىمپېرتورلىرى ياكى قاغانلىرى ئۆزلىرىنى ئىلاھىيلەشتۈرۈپ «تەڭرى خان »دەپ
ئاتايتى. ھۇنلارنىڭ ئاتتىلانى ئىلاھىيلەشتۈرۈپ، تەڭرى دەرىجىسىگە كۆتۈرشى، بەلكىم مۇشۇ خىل ھاكىمىيەت
.چۈشەنچىسىنىڭ تەسىر بولسا كېرەك
ئاتتىلار بويسۇندۇرغۇچى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقان بولسىمۇ،لېكىن ئۇ ئىدارە قىلىش جەھەتتە
ئادىل ۋە ئادالەتنى يەقلىغۇچى كىشى ئىدى.شۇڭا ھۇنلار ئەمەس بەلكى بويسۇندۇرۇلغان قوۋملەرمۇ ئۇنىڭغا
سادىقلىق خىزمەت قىلغان. جوردانىس ئاتتىلائۆزىگە يېلىنغانلارغا ناھايىتى شەپقەت كۆرستەتتى، ئۆزىگە
بويسۇنغانلارغا ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، دەيدۇ. ئاتتىلانىڭ يۈرگۈزگەن قانۇن ـ تۈزىمى ئادىل بۇلۇپ،
جەمىيەت ھۆرلۈكە تولغاندى. بىر رىملىقنىڭ شەرقىي رىمدا كىشلەرنىڭ نازارەت ئاستىدا تۇردىغانلىقى، ھۇن
ئىمپېرىيىسىدە بولسا كىشلەرنىڭ ئىنتايىن ئەركىن، ھۆر ياشايدىغانلىقى ئۆزىنىڭمۇ شۇ كىشلەردىن بىر
ئىكەنلىكىنى توغرىسىدا ئېيتقان سۆزى پىرىسكوسنىڭ ئەسىردە خاتىرلەنگەن. ئاتتىلانىڭ ئۆزىگە قارشى پىلانىغا
سۇيىقەست ئاشكارلانغاندا، گۇناھسىز ماكسىموس بىلە گۇناھكار بىگىلاسنى ئايرىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغانلىقى،
ئاتتىلانىڭ يۈرگۈزگەن قانۇن ـ تۈزىمنىڭ نەقەدەر ئادىل ئىكەنلىكىگە مىسال بولىدۇ.ئاتتىلانىڭ ئۆزىنىڭ
ھايات ـ ماماتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك سۇيىقەستنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ھەق بىلەن ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ
.بىرتەرەپ قىلىشى ،شۇ دەۋردە ناھايىتى ئاز كۆرىلىدىغان ئىش
ئاتتىلا دۇنياغا چاكىسز ئېپتىخار ۋە ئىشەنچ بىلەن نەزەر سالاتتى. جوردانىسنىڭ مەلۇماتىغا
ئاساسلانغاند ، ئاتتىلا ئۇرۇش قىلىشقا ئامراق. پىلان تۈزۈشكە ماھىر بولغاچقا، پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمدار
.بولۇشنى ئۆزىنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر، دەپ بىلەتتى
ئاتتىلا ھەر ۋاقىت مىللەتنىڭ يېتەكچىسى بولغان كىشىنىڭ مىللەتنى مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش قوغداش،
مىللەتنى كۈچەيتىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش، تەختنى مۇستەھكەن ساقلاش مەجبۇرىيتى بار، دەپ قارايتى ۋە
گە يازغان بىر IIبۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق باش قاتۇراتتى. ئېلىپ ئېيتساق، ئاتتىلا تىئودۇرۇس
ئەسلى ئۇلۇغ كىشىنىڭ ئوغلى، ئاتتىلامۇ ھەم شۇنداق. ئاتتىلار داسىنىڭ ئېسىل IIمەكتۇبىدا :«تىئودورۇس
بولسا، ئاتتىلاغا باج تاپشۇردىغان قۇل سۈپىتىدە دادىسىدىن IIنەسەبىنى ساقلاپ ئۇنى قوغدىدى. تىئودۇرۇس
قالغان ئېسىل نەرسىلەرنى يوقاتتى» دەپ يازغانلىقى ئۇنىڭ تارىخى مەجبۇرىيەت تۇيغۇسنىڭ ناھايتىمۇ
.يۈكسەكلىكىنى چۈشەندۇردۇ

ئاتتىلار دۆلەتلەرئوتتۇرىسكى دىپلوماتىيە قائىدە ـ يوسۇنلىرغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ قوشنا دۆلەتنىڭ ئورنىغا ھۆرمەت قىلىشنىمۇ ھەم ئۇلارغا قاتتىق پوزىتسىيە قوللىنىشنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئاتتىلا ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەن چەت ئەل ئەلچىسىنىڭ ئالىي نەسەبلىك بولۇشىنى ھەم كونسولدا تۇرغان بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنداقلا ئۇ ئەلچىلەرنى ئالىي ئېھترام بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇلار بىلەن سەممى سوھبەتلىشەتتى. ئاتتىلا بەزىدە ھەتتا، چەت ئەل ئەلچىلىرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چېگىراغىچە باراتتى. ئاتتىلا قوشنا دۆلەتكە ئۆزىنىڭ تاشقى سىياستىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، تىنچ ئۇسۇلنى بىكار قىلىپ، قورال كۈچىنى ئىشقا سالاتتى.

ئاتتىلا بۈيۈك ئىستېلاتچى ھېسابلىندۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن ھەربىي يۈرۈشلەرنى قىلىپ، نەچچە يۈز شەھەرنى ئىگىلەپ، نەچچە شەھەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزى ئىشغال قىلغان جايلاردىكى مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى قوغداشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

پىرىسكونىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئاتتىلا ناھايىتى بىلىملىك كىشى ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىلىملىك كىشلەرنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. مەيلى ئۇلار قايسى مىللەتتىن بولىشىدىن قەتتى نەزەر، ئۆز يېنىغا يىغاتتى. مەسلەن، ئۇنىڭ يېنىدا رىملىق ئونىگوس، ئورستى، گېرمانىتلىك ئىرئىد قاتارلىق ۋەزىر، قوماندان ۋە كاتىپلار بار ئىدى. ئۇلار ئاتتىلاغا جانپىدالىق بىلەن خىزمەت قىلاتتى. ئاتتىلا مىلادىيە 452 ـ يىلى رىم شەھرىگە قىستاپ كەلگەندە، ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشلەر رىم شەھرىنى قەدىمى مەدەنىيەت مەركىزى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى ۋەيران قىلماي ساقلاپ قېلىشنى تەۋسىيە قىلغاندا، ئاتتىلامۇ بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلغان .

ئاتتىلا ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا دۇنياسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ باي ھۇن ئىمپېرىيىسىنى بۈيۈك ئېمپېراتورى بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتا ناھايىتى ئاددى ـ ساددا ئىدى. ھەشەمەتخورلۇقنى قىلچە ياقتۇرمايتتى.ئۇنىڭ ئوردىسىمۇ باشقا پادىشاھلارنىڭكىدەك ھەشەمەتلىك ئەمەس ئىدى. ئاتتىلانىڭ زىياپەت سورۇنىدا باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش تاۋاقتا ئەڭ ئېسىل يېمەكلىكلەرنى كەلتۈرەتتى، ئۆزى بولسا ياغاچ تاۋاقتا گۆش بىلەن غىزالىناتتى. ئۇنىڭ كىيگەن كىيمىنىڭ ئاددىي بولۇشىغا قارماي پاكىزلىق جەھەتە ھەرقانداق كىشىنىڭ دىققتىنى قوزغايتى. ئۇنىڭ قورال ـ يىراق ۋە ئات جابدۇقلىرى ھۇنلارنىڭ باشقا دۆلەت ئەمەلدارلىرنىڭكىدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن زىنەتتىلەنمىگەندى. مانا مۇشۇنداق ئاددىي ـ سادىلىق ئۇلۇغ ئىمپېراتور ئاتتىلىرنىڭ ئەڭ ئېسىل خارەكتېرى ھېسابلىناتتى. ئاتتىلا ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى زادىلا ياقتۇرمايتتى، ھەتتا ئەڭ ئاددى زىياپەت سورۇنلىردىمۇ ئۇنىڭ كۆكۈمسىرگەن سىياقىنى ئۈچىراتقىلى بولمايتتى. ئاتتىلا ھۇن شائىرلىرى ئېيتقان ھۇنلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرىنى مەغرۇر قىياپەتە ئولتۇرۇپ، مەمنۇنىيە بىلەن ئاڭلاشنى بەكمۇ ياخشى كۆەتتى.

بۇ ھەقتە پىرسكوس مۇنداق دەپ يازغان :«كەچ بولغاندا مەشئەللەر يېقىلدى. ئىككى ھۇن شائىرى ئېچكىرى كىرىپ ئاتتىلانى ئۇدۇلدا تۇردى. ئۇلار ئۆزلىرى تەيارلىغان داستانلىرى بىلەن ئاتتىلانىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە زەپەرلىرىنى كۈيلىدى. زىياپەتكە قاتناشقۇچىلار ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى داستاندىن ھۇزۇرلىناتتى، بەزىلىرى ئۇرۇشنى ئەسلەپ خىيالغا چۆمگەندى.» ئاتتىلانىڭ ئەڭ چوڭ كۆڭۈل .ئېچىش پالىيتى ئوۋ ئوۋلاش بولۇپ، بۇ ئاتتىلا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر قېتىملىق ھەربىي مانېۋىر ھېسانلىناتتى ياۋروپا ھۇنلىرى ئارىسدا شامانىزمنىڭ بەزى تەسىرلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغاندى. شۇڭا، ئاتتىلانىڭ يېنىدا داۋاملىق ھالدا نۇرغۇنلىغان باخشى ۋە پالچىلاربىللە بولاتتى. ئاتتىلا ئۇلارغا پال ئاچقۇزۇپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇرۇش توغرىسدا قارار چىقىراتتى. ئاتتىلا ھەر قېتىم ئۇرۇشقا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن قوي سۆڭىكىنى كۆيدۈرۈپ پال سالدۇراتتى②. بىرقېتىم ئاتتىلا پال ئاچۇرزۇپ كۆرسە، پالچىلار ئاتتىلاغا ئۇنىڭ نەسلىنىڭ ئۆزگىردىغانلىقى، ئىرنەكنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ قايتا گۈلۈندىغانلىقى توغرىسدا بىشارەت بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئاتتىلا چوڭ ئوغلى ئىلەكنى تەخت ۋارىسلىقدىن قالدۇرۇپ، كىچىك ئوغلى ئىرنەكنى تەخت ۋارىسلىقغا كۆرسەتكەن. نەتىجدە ئۆزىنىڭ

كەلگۈسى خانلىق ئورنىدىن مەھرۇم بولغان ئىلەك ئاتتىلا ئۆلگەندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش ماجىراسىنى پەيدا قىلغا بۇنىڭدىن پايدىلانغان قارام دولەتلەر ھۇن ئىمپېرىيىسگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ياۋرۇپانى بىر مەزگىل قاتتىق چۆچۈتكەن ھۇن ئىمپېرىيىسى ئاتتىلار ئالەمدىن ئۆتۈپ ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا تارىخ سەھنىسىدىن غۇلاپ چۈشكەن .

---

①«ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»،تۈركچە،2 ـ توم، 405 ـ بەت.

②ب.ئۆگەل:«بۈيۈك ھۇن ئىمپېرىيىسى تارىخى»تۈركچە، 1 ـ توم، 344 ـ بەت.

ئۈچۈنچى باب

## ياۋروپا رىۋايەتلىرىدىكى ئاتتىلا

ياۋرۇپادا ھۇن ئىمپېراتورى ئاتتىلا توغرىسدا شۇ دەۋردىن باشلاپ نۇرغۇن رىۋايەتلەر توقۇلغان بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ، تا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ رىۋايەتلەردە ئاتتىلانىڭ ھايات ـ پائالىيىتى ھەر خىل شەكىللەردە بايان قىلىنىدۇ. ئاتتىلارغا ئاتاپ توقۇلغان رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرگە ئاتتىلا ۋە ھۇنلارمۇ ئىشەنگەن. تۆۋەندە بىز بۇ رىۋايەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

### 1. ھۇنلاردىكى«تەڭرى قىلىچى»رىۋايىتى

ھۇن رىۋايەتلىرىدە بايان قىلىنىشچە، ياۋروپا مىللەتلىرى ئاتتىلانى «تەڭرى قامچىسى» دەپ ئاتايتتى. ئاتتىلا گۇناھقا تولغان خرىستىئان دۇنياسىنى جازالاش ئۈچۈن، تەڭرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن. تەڭرى ئاتا قىلغان بۇ ۋەزىپىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدىكى ئۇرۇش تەڭرىسى ئارېس بەرگەن «تەڭرى قىلىچى»نى ئاتتىلا ھەر قانداق ۋاقىتتا يېنىدىن ئايرىمايتتى. ئاتتىلا ئالەمدىن ئۆتۈپ 100 يىلدىن كېيىن يېزىلغان «گوت تارىخى» دېگەن ئەسەردە، «تەڭرى قىلىچى» رىۋايىتى خاتىرلەنگەن. بۇ رىۋايەت يەنە 19 ـ ئەسىردە ياشىغان ھۇنگىرىيىلىك ژ.ئارانىينىڭ «بۇدانىڭ ئۆلۈمى» دېگەن 12 قىسىملىق ئېپوسغا كىرگۈزۈلگەن.
بۇ رىۋايەتتە بايان قىلىنىشچە، ھۇنلارنىڭ ياشانغان ھەم ئىقتىدارسىز خانى بۇدا ئەقىل ـ پاراسەتلىك ھەم كۈچ ـ قۇۋۋەتتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تۇرىدىغان ئىنىسى ئاتتىلا بىلەن بىرلىكتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز يېنىدا دۆلەت ئىشلىرىغا ئارلاشتۇرۇپ، ھۇن قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ. ئۇزۇنغا بارماي بۇدا ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىدىن پۇشايمان قىلىپ، ئاتتىلانى يوقاتماقچى بولىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە ئاتتىلا بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە ھۇنلارنىڭ تەڭرىسى ھادۇر بىر قىلىچنى ئېلىپ كېلىپ ئاتتىلانىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. ئاتتىلا كۆرگەن چۈشنى باش قامغا سۆزلەپ بېرىدۇ. باش قام ئاتتىلاغا: بۇ دۇنيا ھاكىمىيتىنى ئىگىلەيدىغان «تەڭرى قىلىچى»نىڭ پات ئارىدا سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى، دەپ تەبىر بېرىدۇ. بىر كۈنى بىر ھۇن پادىچى بالا پادا بېقىۋاتقان چاغدا، بىر موزاينىڭ ئاقساۋاتقانلىقىنى ھەم پۇتىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. پادىچى بالا قان تامچىغان ئىزنى بويلاپ مېڭىپ، بىر يەرگە بارغاندا، يەرگە كۆمۈلگەن بىر قىلىچنىڭ ئۇچىنى ئۇچرىتىدۇ. پادىچى بالا قىلىچنى يەردىن سۇغۇرۇۋالماقچى بولۇپ، قولنى ئۇزىتىشىغا قىلىچنىڭ ئۇچىدىن ئوت يانىدۇ. ئوت بىردەمدىن كېيىن ئۆچىدۇ. پادىچى بالا قىلىچنى يەردىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئۇنى ئاتتىلاغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئاتتىلا بۇ قىلىچتا ئىلاھى بىر بەلگىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ، تەڭرى دۇنيا ھاكىمىيتىنى ماڭا تاپشۇرۇپتۇ، دەپ چۈشىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاتتىلانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە نوپۇزى

يۇقىرى ئۆرلەپ، داڭقى ئەتراپقا تارقىلدۇ. ئاتتىلانىڭ بۇنداق شۆھرەت قازىنىشىغا قاتتىق ھەسەت قىلغان
ئاكىسى بۇدا «تەڭرى قىلىچى»نى ئاتتىلادىن تارتىۋالماقچى بولىدۇ. ئاتتىلا بىر قېتىم خرىستىئانلار بىلەن
ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا، بۇدا ئاتتىلانىڭ سارىيىدىن «تەڭرى قىلىچى»نى ئوغرىلاپ قاچىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر
تاپقان ئاتتىلا دەرھال ئۇرۇشنى توختىتىپ، مەملىكىتىگە قايتىپ، بۇدانىڭ سارىيىغا ئاتلىنىدۇ. بۇدا «تەڭرى
قىلىچى»نى ئېسىپ ئاتتىلاغا قارشى ئۇرۇشقا كىرىدۇ. ئەپسۇس، بۇدانىڭ قولىدا بۇ قىلىچ ئۆزىنىڭ سېھرىي
كۈچىنى يوقىتىپ، ئادەتتىكى بىر قىلىچقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇدانىڭ قولىدىن «تەڭرى قىلىچى»نى
قايتۇرۇۋالغان ئاتتىلا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى دوناي دەرياسىغا تاشلىۋېتىدۇ. ھۇنلاردىكى بۇ قانلىق پاجەنى
.كۆرگەن ھۇن تەڭرىسى ھادۇر ھۇن مىللىتىگە ئېچىنىپ «ھۇن مىللىتى يوقىلىشى كېرەك» دەپ ئاھ ئۇرىدۇ
ئاتتىلاغا دائىر خاتىرە بۇيۇملار ساقلانغان ھۇنگىر سارىيىدا ئاتتىلانىڭ دۇنياۋىي ھاكىمىيەتنى قۇرغان
«تەڭرى قىلىچى» دەيدىغان بىر قىلىچ ساقلانغان. مىلادىيە 1071 ـ يىلى يېزىلغان بىر يىلنامىدە، باۋارىيە
نىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرىنىڭ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ئۆز قىلىچىغا سانجىلىپ IVپادىشاھى ھېنرى
ئۆلگەنلىكى يېزىلغان. بۇ يىلنامىنى يازغان ئاپتور بۇ قىلىچنىڭ ئاتتىلانىڭ گاللىينى ئىشغال قىلغان چاغدا
ئىشلەتكەن قىلىچى ئىكەنلىكىنى قۇشۇمچە قىلىپ قويغان. كېيىن بۇ قىلىچنىڭ قولغا چۈشۈشى ھەققىدىكى
رىۋايەتنى تارىخچى جوردانىسنىڭ مەلۇماتىغا ئوخشىتىپ يازغان يەنە بىر تارىخچى بولسا، بۇنى «ئارېسنىڭ
.①قىلىچى» دەپ ئاتاپ، بۇ قىلىچنىڭ تەڭرى قىلىچى سۈپىتىدە بىلىنىدىغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالغان
بۇ يەردە شۇنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بەزى ئالىملار ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى
ئوغۇزخان ئوبرازىدا ئاتتىلانىڭمۇ تارىخىي پائالىيىتى ئەكس ئەتكەن، دەپ قارايدۇ. بۇ توغرىسىدا داڭلىق
باشقىرت ئالىمى ئوردىنارىيۇس، پروفېسسور ئا.زەكى ۋەلىدى توغان ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئومۇمىي تۈرك
تارىخىغا كىرىش» دېگەن كىتابىنىڭ 174 ـ بېتىدە: «ئوغۇز داستانىدا ‹ئوغۇز ئاكا› ياكى ئوغۇزخان دېگەن
ئىسىم بىلەن ھۇن ھۆكۈمدارلىرىدىن مەتە (باتۇر)نىڭ شەرقتە، يەنە بىر ئۇلۇغ يابغۇ (چىچى تەڭرىقۇت)نىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئاتتىلانىڭ غەربتە ئېلىپ بارغان فۇتۇھاتلىرىغا دائىر خاتىرىلەر تىلغا ئېلىنغان» دەپ
.كۆرسىتىدۇ

## شەرقىي رىم رىۋايەتلىرىدىكى ئاتتىلا .2

ئاتتىلانىڭ سەلتەنەتلىك ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىداشلىرىغا ئاجايىپ بىر مۆجىزە بولۇپ تۇيۇلىدىغان بولسا،
ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتىشىمۇ دەۋرىداشلىرى ئۈچۈن يەنە شۇنداق ئاجايىپ بىر سىرلىق ۋەقە بولۇپ
تۇيۇلۇپ، ئۇلارنى تولىمۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان. پىرىسكوسنىڭ ھېكايىسىدىن پايدىلانغان جوردانىس ۋە
تىئوپخانىسنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئاتتىلا توي كېچىسى بۇرۇن قاناش كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.
ئاتتىلا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شەرقىي رىمدا ئاتتىلانى ياكى ئائىتوس پار بېرىپ سېتىۋالغان خاس
مۇھاپىزەتچىلەردىن بىرىنىڭ قەستلىگەنلىكىنى ياكى ئاتتىلا بىلەن بىر ھۇجرىغا كىرگەن مەلىكىنىڭ زەھەر
بېرىپ ئۆلتۈرگەنلىكىگە دائىر رىۋايەتلەر تارقالغان. يەنە بىر شەرقىي رىم مەنبەسىگە ئاساسلانغان مىلادىيە
10 ـ ئەسىرگە ئائىت «ئېلىن خرونىگى» دېگەن روسچە يىلنامىدە، ئاتتىلانىڭ بۇرنىنىڭ قانىشى بىر ئاز
رومانتىك تۈس ئالغان ھالدا بايان قىلىنغان. بۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، رىم شەھرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان ئاتتىلا،
قەلئە يېنىدا تۇرغان غەربىي رىم ئېمپېراتورىنىڭ گۈزەل مەلىكىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق
بولۇپ قالىدۇ. ئاتتىلا بۇ گۈزەل مەلىكىگە ئۆيلىنىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، غەربىي
رىم ئېمپېراتورىغا بېسىم ئىشلىتىدۇ. غەربىي رىمنىڭ بارلىق ئاقساقاللىرىنىڭ قايتا ـ قايتا
ئۆتىنىشى بىلەن بۇ مەلىكە ئاتتىلانىڭ قېشىغا بارىدۇ. قىز ئاتتىلانىڭ يېنىغا كېلىشى
.بىلەنلا ئاتتىلانىڭ بۇرنىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىپ جان ئۈزىدۇ
بۇ رىۋايەتتىن بىلىنىشىچە، ئاتتىلار غەربىي رىمنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئۆلگەن،
مەلۇمكى، باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، مىلادىيە 452 ـ يىلى ئاتتىلا 100 مىڭ كىشىلىك

باشچىلىقىدىكى بىر  اقۇشۇن بىلەن رىم شەھىرىگە قىستاپ كەلگەن چاغدا، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى پاپالىئو ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئاتتىلانىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، تەسلىم بولغانلىق شەرتى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەن. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ئاتتىلا غەربىي رىم ئەلچىلىرىگە ھۇنورىيا بىلەن ئۇنىڭ تېگىشلىك مىراسلىرىنى ئۆزىگە بېرىشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلغان. ئەگەر، غەربىي رىم بۇ تەلەپكە قوشۇلمىسا ئاتتىلا جازا يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالغان. مانا شۇ تارىخىي پاكىت «ئېلىن خىررونىگى»دا سۆزلەنگەن رىۋايەت بىلەن بىردەك. ئەمما مۇشۇ ۋاقىتتا مەلىكە ھۇنورىيا مەجبۇرىي ھالدا باشقا بىرىگە ياتلىق قىلىۋېتىلگەچكە، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ئاتتىلانىڭ جازاسىدىن قورقۇپ، ئىلدىكو ئاتلىق بىر قىزنى ئاتتىلاغا ياتلىق قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا غەربىي رىم ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت ھېسابلانغان ئاتتىلانى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن، توي كېچىسى ئىلدىكو زەھەر سېلىنغان شارابنى ئاتتىلاغا سۇنغان. ئاتتىلا شارابنى ئىچىپلا بۇرنىدىن قان ئېقىپ جان ئۈزگەن.

ئاتتىلانىڭ ئۆلۈمىگە دائىر غەرب مەنبەلىرنىڭ نۇرغۇنلىرىدا يەنە مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ سۆزلىنىدۇ. بۇ رىۋايەتتە ئېيتىلىشچە: شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ماركىنوس ئاتتىلا ئۆلگەن كۈنى چۈشىدە ئاتتىلانىڭ ئوقياسىنىڭ سۇنغانلىقىنى كۆرگەنمىش. بۇ رىۋايەتتە ئاتتىلانىڭ غەلبىسىنىڭ سىرى بولغان «تەڭرىقىلىچى» نىڭ ئورنىنى «ئوقيا» نىڭ ئىگىلىشى ئالاھىدە دىقىتىنى تارتىدۇ.①

①«تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە 4 ـ توم، 195 ـ بەت.

3. گوت رىۋايىتىدىكى ئاتتىلا

غەرب دۇنياسىدا ئاتتىلا ۋە ھۇنلارغا دائىر مەلۇمات ۋە رىۋايەتلەرنى تۇنجى بولۇپ توپلىغان كىشى گوت تارىخچىسى كاسسىدۇرۇس (مىلادىيە490 ـ 580 ـ يىللار) ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن،ئۇنىڭ ھۇنلار ھەققىدىكى مەلۇمات ۋە رىۋايەتلەرنى خاتىرلەپ قالدۇرغان «گوت تارىخى» دېگەن ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. گوتلار ئىچىدە تاقالغان رىۋايەتلەرنى بىز پەقەت دىئاكونوس، ھيداتىئوس ۋە ئىستورۇسنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆرىمىز.دىئاكونوس تىلغا ئالغان رىۋايەتتە شىمالىي ئىتالىيىدىكى اشەھەرلەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ۋە قايتىدىن بىنا قىلىنىشى ئاتتىلاغا باغلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئاتتىلا بىلەن پاپالىئو بىلەن  ائوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم ھەققىدىكى رىۋايەتنى مۇنداق بايان قىلغان ئاتتىلا، پاپا لىئو گە مۇنداق يۇمشاق  اكۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەسكەر چېكىندۈردۇ. باشقىلار ئاتتىلادىن نېمىشقا پاپالىئو نىڭ تەلىپىنى رەت قىلسام، ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزىنى امۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئاتتىلا پاپالىئو ئۆلتۈرۈۋالىمەن دەپ قېلىچىنى تۇتۇپ تۇرغان باش پاپا قىياپەتلىك بىر مويسىپىت كىشى بار ئىكەن، شۇ نىڭ كېلىشىم تۈزۈش تەلىپىنى قوبۇل قىلدىم دېگەنمىش. اكىشىنىڭ يۈز ئابرويىنى قىلىپ ئاتتىلا پاپالىئو ھيداتىئوس تىلغا ئالغان رىۋايەتتە ئاتتىلا ئىتالىيىنىڭ ئاچۇيلا شەھىرىگە يۈرۈش قىلغاندا، ئائىتوس تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، دەپ سۆزلىنىدۇ.

ئىسدۇرۇسنىڭ رىۋايەت قىلىشچە، ئاتتىلا شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ماركىنوس تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزۈن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ھۇنلار بىر ـ بىرىنى قىرىپ تۈگىشىدۇ. تەڭرى ئاتتىلانى گۇناھكار ئىنسانلارنى جازالاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا غەلبە نۇسرىتىنى ئاتا قىلغان، ئاتتىلا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، تەڭرى ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىغان.①

گوت رىۋايەتلىرىدە ئاتتىلانىڭ ھايات ـ پائالىيەتلىرى بۇرمىلانغان ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈلگەن. بۇ گوتلارنىڭ ھۇنلارنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن شەكىللەنگەن ئۆچمەنلىكتىن پەيدا بولغىن بولۇشى مۇمكىن.

①«تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە4 ـ توم، 195 ـ 196 ـ بەتلەر.

4. پولشا رىۋايەتلىرىدىكى ئاتتىلا

ئاتتىلادىن 100 يىل كېيىن ياشىغان گاللىيە تارىخچىسى گېئورگىي ئۆزىنىڭ ئەسىردە پولشادا بارلىققا كەلگەن ئاتتىلا توغرىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىككى رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن. ئۇنىڭ بىرى، ئورلېئان (فىرانسىيەدە) شەھرىنىڭ ئېپىسكوپى ئانىئانوسنىڭ ھېكايىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رىۋايەتتە ئانىئانوسنىڭ ئاتتىلا تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنغان ئورلېئان شەھرىنى قۇتقۇزۇشتا ئوينىغان رولى ناھايىتى ئەپسانىۋى شەكىلدە بايان قىلىنغان.

گېئورگىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئانىئانوس ئاتتىلا مۇھاسىرىگە ئالغان ئورلېئان شەھرىنى تەڭرىنىڭ قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن، ئۆز جامائىتى بىلەن تەڭرىگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تەڭرىنىڭ ياردەمچى كۈچلىرىنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، جامائىتنى باشلاپ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، تۆت ئەتراپقا قارايدۇ. سېپىلنىڭ ئەتراپىدا ھېچنىمە كۆرۈنمەيدۇ. ئانىئانوس تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ، قايتا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، يەنە جامائىتنى باشلاپ، سېپىل ئۈستىگە چىقىپ تەڭرىنىڭ ياردىمىنى كۈتىدۇ. بۇ قېتىممۇ ھېچقانداق بىر قۇتقازغۇچى كۈچ كۆرۈنمەيدۇ. ئېپىسكوپ جامائەتكە قاراپ، «سىلەر داۋاملىق دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىڭلار، تەڭرى سىلەرنى بوگۈن چوقۇم ئازاد قىلىدۇ» دەپ ۋەز ئېيتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن، جامائەت ئانىئانوسقا ئۇپۇقتا بىر قارا بۇلۇتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ قېتىم راستىنلا تەڭرىنىڭ قۇتقازغۇچى كۈچلىرى ئائىتوس ۋە تورىسموندنىڭ ياردەمچى قوشۇنى سۈپىتىدە پەيدا بولۇپ، ھۇنلارنى سېپىلدىن يىراققا چېكىندۈرىدۇ. ھۇنلار يەنە ئۇدا بىر قانچە كۈن ياغقان قارا يامغۇرنىڭ قاتتىق تالاپىتىگە ئۇچرايدۇ. ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى يامغۇر سۈيىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ. بىر قىسمى تەڭرى ئەۋەتكەن قۇتقازغۇچى قوشۇن تەرىپىدىن قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. گېئورگىي تىلغا ئالغان يەنە بىر رىۋايەتتە بولسا، مەيتىز شەھرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا دائىر ۋەقە سۆزلىنىدۇ. گېئورگىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پاننونىيادىن ئاتلانغان ھۇنلار يول بويى ئالدىغا ئۇچرىغان ھەر قانداق نەرسىنى ۋەيران قىلىپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرگەن پېتى مەيتىز شەھرىگە يېتىپ كېلىدۇ. ھۇنلار مەيتىز شەھرىگە ئوت قويۇپ، خەلقنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلايدۇ. چېركاۋدىكى پاپالارنىڭمۇ كاللىسى ئېلىنىدۇ. ھۇنلارنىڭ بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقىدا پەقەت ستېپخانوس چېركاۋى ئامان قالىدۇ. چۈنكى، ستېپخانوس بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ياردەمچىسى شەھەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، تەڭرىگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان بىر دىندار كىشىگە، ئۆزلىرىنىڭ چۈشىدە خەلقلەر ئۆتكۈزگەن گۇناھى ۋە يامانلىقلىرى ئۈچۈن شەھەرنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى، پەقەت ستېپخانوس چېركاۋىنىڭ ساق قالىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەن ستېپخانوس چېركاۋى ھۇنلار باستۇرۇپ كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ كۆزىگە قىيا ھالىتىدە كۆرۈنۈپ ھۇنلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ئامان قالىدۇ.

پولشادا بارلىققا كەلگەن ئۇچىنچى خىل رىۋايەتتە بولسا، تونگروس شەھرىنىڭ ئېپىسكوپى ئاراۋاتىئوس ھەققىدىكى رىۋايەتتۇر. بۇ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئېپىسكوپ ئاراۋاتىئوس ئاتتىلانىڭ پولشاغا يېقىنلاشقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ رىم شەھرىگە بېرىپ، بىر قەبرىستانلىقتا ئۆز خەلقى ئۈچۈن تەڭرىگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئاراۋاتىئوسقا غايىبتىن: «ھەي! ئەزىز كىشى، نېمىشقا مېنى ئاۋارە قىلىسەن، تەڭرى ھۇنلارنى پولشاغا بېرىپ، ئۇ يەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىشكە قارار قىلدى، مېنىڭ نەسىھىتىمنى ئاڭلا، سەن دەرھال قايتىپ بېرىپ ئۆيۈڭنى تۈزەشتۈرۈپ، ئاخىرەتلىكىڭگە تەييارلىق قىلغىن» دېگەن سادا ئاڭلىنىدۇ. ئېپىسكوپ غايىبتىن كەلگەن ئاۋازنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدۇ. ئۇ پاپا ۋە جامائەت بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ماستىرختىقا بېرىپ، شۇ يەردە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ھۇنلار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن جان ئۈزىدۇ.

مىلادىيە 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن گىنوۋىۋا رىۋايىتىدىمۇ ئاتتىلاغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بولغان. بۇ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئاتتىلانىڭ پولشانى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان پارىژ خەلقى، شەھەرنى تاشلاپ قوغدىنىشقا ئەپلىك بىر جايغا قاچماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا گىنوۋىۋا ئوتتۇرىغا چىقىپ، پارىژ خەلقىگە شەھەرنىڭ ھۇنلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ئامان قالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پارىژ خەلقى ئۇنى

پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدى دەپ، ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا گېرمانىيەدىن بىر خەۋەرچى كېلىپ، گىنوۋىۋانىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پارىژ خەلقى ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئامان قالىدۇ.

ترويىس شەھرىنىڭ قوغدىغۇچى ئەۋلىياسى، دەپ قارالغان لوپۇس ئاتتىلادىن ترويىس شەھرىگە كىرمەسلىكىنى ئۆتۈنىدۇ. ئاتتىلا ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاتتىلا بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن رېين دەرياسىغا بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويۇشنى سورايدۇ. لوپۇس ئاتتىلانى رېين دەرياسىغا باشلاپ بارغاندىن كېيىن، ئاتتىلا ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىدۇ.

ئاتتىلا ۋە لوپۇس رىۋايىتى يەنە مىلادىيە 8-مەمورىس رىۋايىتىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ رىۋايەتتە ئاتتىلا زالىم، قانخور پادىشاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، لوپۇس ترويىس شەھرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، كېچە-كۈندۈز تەڭرىگە دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ. لوپۇس بىر كۈنى ئاخشىمى چۈشىدە بىر مالائىكىنىڭ ئۇنىڭغا گۇناھكار 12 كىچىك بالىنى يۇيۇندۇرۇپ، ئۇلارنى پاپا ۋە مەمورىس بىلەن بىرلىكتە ئاتتىلانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇيدۇ. لوپۇس مالائىكىنىڭ دېگىنىدەك قىلىدۇ. ئاتتىلا بۇ ئىشنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ ئەندىشىگە چۈشىدۇ. ئاتتىلا كەلگەنلەرنىڭ ئىسمىنى سورايدۇ. مەمورىس ئاتتىلانىڭ ئالدىغا بېرىپ، لوپۇسنىڭ شەھرىگە چېقىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. غەزەبلەنگەن ئاتتىلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پاپا بىلەن 12 بالىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، كېرىست بەلگىسىنى ئوتقا تاشلاپ، كۆيدۈرىۋېتىدۇ. كۆيۈۋاتقان ئوتتىن چاچراپ چىققان بىر ئۇچقۇن ئاتتىلانىڭ خاس خىزمەتچىلىرىدىن بىرىنىڭ كۆزىنى كور قىلىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا مەمورىس ئاتتىلارغا قاراپ:

— خىرىستىئان دىنى تەڭرىسىگە ئىشەنسەڭ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىمەن، دەيدۇ.

— ئاتتىلا ئىشىنىمەن، دەيدۇ.

مەمورىس خىزمەتچىنىڭ كۆزىنى ئايەت ئوقۇپ ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئاتتىلا ئۇنىڭدىن:

— ئىسمىڭ نېمە؟ دەپ سورايدۇ.

— تەڭرىگە ئېتىقاد قىلساڭ ئېيتىپ بېرىمەن دەيدۇ، مەمورىس.

— ئاتتىلا ئېتىقاد قىلىمەن، دەيدۇ.

مىنىڭ ئىسمىم مەمورىس، سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟

— ئاتتىلا: ئىسمىم ئاتخىلا، قوماندانىمنىڭ ئىسمى بولسا سىلىئۇس، دەپ جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن، مەمورىسنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، جەسىتىنى دەرياغا تاشلاتقۇزۇۋېتىدۇ. شۇ كېچىسى قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپ، ئاتتىلانىڭ قوشۇنى تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كېتىدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە لوپۇس رىۋايىتىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلگەن. «رىۋايەتلەر توپلىمى» دېگەن كىتابتا ۋە باشقا رىۋايەتلەردە بايان قىلىنىشىچە، ترويىس ئېپىسكوپى لوپۇس ئاتتىلادىن:

— بۇ يەرنى ۋەيران قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەركىن مېڭىپ يۈرگەن قايسىڭ؟ دەپ سورايدۇ. ئاتتىلا:

— ھۇنلارنىڭ ئىمپىراتورى، تەڭرى قامچىسى — ئاتتىلامەن، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. لوپۇس قاتتىق ئۈھ تارتىپ، يالغاندىن نەيرەڭ ئىشلىتىپ:

— مەن بولسام تەڭرىنىڭ قامچىسىنى توغرا يولغا باشلايدىغان بۆرىمەن، مەن تەڭرىنىڭ پادىلىرىنى قوغدايمە، دەيدۇ-دە شەھەر دەرۋازىسىنى. ئېچىپ بېرىدۇ. ھۇنلارشەھەرگە زادىلا چېقىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىگە ئائىت مەنبەلەردە رېيمىس ئېپىسكوپى نىكاسىئوس بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى پىترىپيانىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنىڭ ئاتتىلاغا يۈككەلەنگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ھالبۇكى، قەدىمكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ ئاكا-سىڭىلار ۋانداللارنىڭ ھۇجۇمىدا ئۆلتۈرۈلگەنىكەن.

ئاتتىلاغا ئائىت رىۋايەتنىڭ ئەڭ مەشھۇرى ئۇرسۇلار ۋە ئۇنىڭ 11 مىڭ كىنىزىكىنىڭ قۇربان بولۇش رىۋايىتىدۇر.

بۇ رىۋايەتتە مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: قۇدرەتلىك بىر ئەلنىڭ شاھزادىسى ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى ئۇرسۇلابىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇرسۇلا بۇ شاھزادىدىن خىرىستىئان دىنىغا ئېتقان قىلىشنى،

خرىستىئان دىنىنىڭ ئەقىدە ـ پىرىنسىپلىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەش ئۈچۈن ئۈچ يىل كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇشۇ ئۈچ يىل ئىچىدە كۆرۈنۈشتە ئەر ـ خوتۇن بولۇش شەرتى بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ.
ئۇرسۇلار ئون قىز دوستى ۋە 11مىڭ كېنىزىكى بىلەن بىلە كېمىگە چۈشۈپ،شاھزادىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار شاھزادىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن،كېمىدىن زادىلا چۈشكىلى ئۇنىمايدۇ.ئۈچ يىل توشقاندىن كېيىن،توساتتىن كۆتۈرۈلگەن قاتتىق بوران كېمىنى سۈرۈپ كۆلنىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. قىزلار ئۇيەردە كېمىدىن چۈشىدۇ. بۇۋاقىتتا بىر مالائىكە ئۇرسۇلاغا ئۇنىڭ 11 مىڭ كېنىزىكىنىڭ شېھىت بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.قىزلار كېمىگە چىقىپ، بەسەل شەھىرگە بارىدۇ. ئۇ يەردىن پىيادە مېڭىپ رىم شەھىرىگە بارىدۇ. رىمدىن يەنە سۇ يولى ئارقىلىق كۆلنىگە قايتىپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھۇنلار كۆلنىنى ـ بولارپ تالاۋاتقان بولۇپ، ئۇلار كېمىدىن چۈشكەن قىزلارنىڭ ئۇرسۇلادىن باشقا ھەممىسىنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. ئاتتىلا ئۇرسۇلانى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغاچقا، ئۇنى ئۆلتۈرمەي ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇرسۇلا ئاتتىلانىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. تەلىپى رەت قىلىنغان ئاتتىلا قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇرسۇلانى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. ھۇنلار كېمىنى بولاشقا تەمشەلگەندە، كېمىسىدە 11 نەپەر مالائىكە ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشىدۇ. ئۇرۇشتا ھۇنلار مەغلۇپ بولۇپ، كۆلن شەھىرىمۇ ئامان قالىدۇ.
①

---

① «تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە 4 ـ توم، 196 ـ ،197 ـ بەتلەر.

## 5. ئىتالىيە رىۋايەتلىرىدىكى ئاتتىلا

ئىتالىيىدە ئاتتىلا رىۋايىتى باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا كەڭ تارقالغان. ئاچۇيلا(ئاكۇيلا) بىلەن ئاتتىلانىڭ كۆرۈشۈشى ۋە امۇھاسىرە قىلىنىشى، شىمالىي ئىتالىيىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى، پاپالىئو ئاتتىلانىڭ ھۇنارىيا بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقى، تارىخچىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەممە كىشىلەرگە مەلۇم بولغان ھەمدە ئاتتىلا ھەققىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مەنبە بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاتتىلادىن 100 يىل كېيىن رىم شەھرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان شەرقىي گوت پادىشاھى تۇتىلانىڭ نامىنى ئاتتىلا بىلەن تەڭلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تۇتىلانىڭ نۇرغۇن پائالىيەتلىرى ئاتتىلاغا مال قىلىۋېتىلگەن. ئىتالىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى يازغان مالاسپىنا(مىلادىيە 1281 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ۋە ۋىللانى(مىلادىيە 1348 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)نىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئاتتىلا فلورىنسىيا(ئىتالىيە)دىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالغاندىن كېيىن، فلورىنسىيا شەھرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتكەن. دانتى ئاتتىلانى دوزاقنىڭ 7 ـ قەۋىتىدىكى قانخور زالىملار قاتارىغا قويغان.
ئاتتىلا ئىتالىيىگە يۈرۈش قىلغاندا، پو دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتمىگەن. تۇتىلا بولسا فلورىنسىيانى ھەقىقەتەن مۇھاسىرىگە ئالغان. تۇتىلا دېگەن ئىسىم ئاتتىلا دېگەن ئىسىمغا يېقىن كەلگەچكە، ئاتتىلا تارىخىي ئەسەرلەردە ۋە رىۋايەتلەردە فلورىنسىياغىچە بارغان قىلىپ سۆزلىنىدۇ.
ئىتالىيىدە ئېقىپ يۈرگەن ئاتتىلا ھەققىدىكى رىۋايەتلەر مۇنداق باشلىنىدۇ: ئاتتىلا ئىتالىيە سەپىرىدە ئاچۇيلاغا بارىدۇ. ئاتتىلا ئىستىھكاملىرى مۇستەھكەم ئاچۇيلا شەھرىنى زادىلا قولغا كىرگۈزەلمەيدۇ. ئاتتىلانىڭ قوشۇنى بۇ شەھەردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، چېكىنىپ كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرغان چاغدا،سېپىل تېمى ئاستىدا ئۇچۇپ يۈرگەن تۇرنىلارنىڭ باچكىلىرىنى شەھەر سىرتىدىكى چاتقاللىقلارغا ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. تۇرنىلارنىڭ كۆچىشىنى ئاتتىلا غەلىبىنىڭ بىشارىتى دەپ بىلىپ، شەھەرنىڭ ئۇزۇنغا بارماي ھۇنلارنىڭ قولىغا چۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاتتىلا قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ.
تۆۋەندە بايان قىلىنماقچى بولغان مودىنا ئېپىسكوپى گېمىنىئانوس رىۋايىتى لوپۇس رىۋايىتىنى ئەسلىتىدۇ. ئاتتىلا ھۇنلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغان مودېنا شەھرى ئۈستىدە تۇرۇپ خەلققە ئىلھام بېرىۋاتقان كىشىدىن ـ سەن كىم ؟ دەپ سورايدۇ.

: ئېپىسكوپ

.ـــ تەڭرىنىڭ قۇلمەن، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ

:ئاتتىلا بۇنىڭغا جاۋابەن ناھايىتى مەغرۇر ھالدا

ـــ ئەگەر سەن تەڭرىنىڭ قۇلى بولساڭ، مەن تەڭرىنىڭ قامچىسى ـ ئاتتىلا بولىمەن. ئىتائەتسىزلىك قىلغان ۋە ئۆز خانىنىڭ ئەمرىگە بويۇنتاۋلۇق قىلغانلارنى دۇمبالاشقا ۋە قامچىلاشقا ھەقلىقتۇر، دەيدۇ.

:ئاتتىلانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان گىمنىئانوس ناھايىتى سىلىقلىق بىلەن

پۈتۈن قۇدرەت تەڭرىنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ، سەن ئۆزۈڭنىڭ تەڭرىنىڭ قامچىسى ئىكەنلىكىڭنى ئېيتقان يەردە، مەن يەنىلا ئۆزۈمنى تەڭرىنىڭ قۇلى دەپ سانايمەن، شۇڭا ئۇنىڭ قامچىسىغا قارشى چىقمايمەن، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ ۋە شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ھۇنلار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ھېچقانداق نەرسىگە .چېقىلمايدۇ

مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە ياشىغان ئاگىنىللوس راۋاننا(غەربىي رىم پايتەختى)نىڭ باش ئېپىسكوپى جۇھاننىسنىڭمۇ راۋاننانى ھۇنلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ قالدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ رىۋايەتتە ئاتتىلا بىر خرىستىئان مۇخلىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. بۇ رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە، ھۇنلار راۋاننا شەھىرىگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، ئېغىر تەھدىتنى كۆرگەن بەش ئېپىسكوپ جۇھاننىس پاپا بىلەن بىرلىكتە ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئاتتىلانىڭ ئالدىغا بارىدۇ. تەختتە ئولتۇرغان ئاتتىلا پاپا باشچىلىقىدىكى بىر توپ كىشىلەرنى :كۆرۈپ ئەتراپتىكىلەرگە

ـ ئىلاھىي سۆز قىلىدىغان بۇ ئۇلۇغ كىشىلەر كىم ؟ئۇلار نېمە قىلماقچى ؟ بۇنداق كىشىلەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، بۇلار قاردىنمۇ ئاق، جىمىكى ئېسىل نەرسىلەردىنمۇ گۈزەل ۋە ناھايىتى پەزىلەتلىك تاللانغان كىشىلەر ئىكەن، دەيدۇ. ۋەكىللەر توپىنىڭ ئالدىدا تۇرغان باش ئېپىسكوپ ئاتتىلاغا ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاتتىلا بۇ ئوغۇللارنىڭ مەنىۋىي ئوغۇل ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەچكە، چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ ھوشىدىن كېتىدۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپ جەننەتتىكە كرېستكە باغلانغان :ئەيسانى كۆرىدۇ. ئاتتىلا ھوشىغا كېلىپ

ـ ھەي! ئوغۇللىرى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى ئۆلۈمگە ئاتىغان ئۇلۇغ ئاتا،ھەي! تەرىپلىگۈسىز مۇقەددەس سەۋرچان كىشى، دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئاتتىلا شەھەرگە چېقىلماستىن شەھەر كوچىلىرىدىن قوراللىق ھالدا .ئۆتۈپ كېتىدۇ

ئاتتىلانىڭ شىمالىي ئىتالىيەدە ئېلىپ بارغان يۈرۈشلىرى نۇرغۇنلىغان رىۋايەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالغان . شۇڭا، شىمالىي ئىتالىيەدىكى شەھەرلەرنىڭ تارىخى ئاتتىلانىڭ فۇتۇ ھاتىدىن كېيىن باشلىنىدۇ. ئېلىپ ئېيتساق، ۋېنىتسىيىلىكلەر ئۆزىنىڭ ئەجدادىنى ئاچۇيلا شەھرى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ھازىرقى ۋېنىتسىيىگە كۆچۈپ كەلگەن، دەپ بىلىدۇ. مىلادىيە 10ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بىر ۋېنىتسىيە يىلنامىسىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاتتىلا زور قوشۇن بىلەن ۋېنىتسىيەگە ھۇجۇم قىلغاندا، بۇ يەردىكى خەلقلەر سۇ ئۈستىگە سېلىنغان ئۆيلەرگە قاراپ كۆچكەن. بۇ چاغدا تەڭرى ھۇنلارنىڭ ئەقلىنى بۇلغىغان، ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ، بىر قىسمى بىر ـ بىرىنى سۇغا ئىتتىرىپ ئۆلتۈرۈلىشقان. يەنە بەزىلىرى تاغنىڭ .ئۈستىدىن ئۆزىنى سۇغا ياكى كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۋالغان

ئاتتىلا ۋە ھۇنلارنىڭ ئىتالىيەدە ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلىشى ئىتالىيە رىۋايەتلىرىنىڭ ئاساسىي موتىفى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئەسلىدە ئاتتىلادىن ئەمەس،بەلكى تۇتىلانىڭ ھېكايىسىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. تۇتىلا ھەقىقەتەن ئىتالىيەدە شەرقىي رىم قوماندانى نارسېس بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا،ئوق تېگىپ ئۆلگەن. بۇ .يەردە تۇتىلانىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمىگە توقۇلغان رىۋايەتلەر ئاتتىلاغا يۆكلەنگەن

مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ياشىغان كونىستانتىنوسمۇ قەدىمكى ۋېنىتسىيىنىڭ تارىخىنى ئاتتىلاغا باغلايدۇ. كونىستانتىنوسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ھۇنلارنىڭ ئىمپېراتورى ئاتتىلا قوشۇن باشلاپ كېلىپ، پۈتۈن فرانكلار دۆلىتىنى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، فرانكلار ئاچۇيلا بىلەن فرانك دۆلىتىنىڭ يەنە بىر قەلئەسىدىن

.قېچىپ چىقىپ، ۋېنتسىيەدىكى بوش ئاراللارغا كۆچكەن ھەم بۇ يەردە ئۆي -جاي سېلىپ ماكانلاشقان
غەرب مەنبەلىرىنىڭ ئاتتىلا ھەققىدە بەرگەن سەلبىي خاراكتېردىكى رىۋايىتىدىن ئىتالىيىدا ئىت يۈزلۈك
ئاتتىلا رىۋايىتىدىن بىرى پەيدا بولغان. ئاتتىلانىڭ تاقىر بېشى ۋە ئىتنىڭكىگە ئوخشايدىغان قۇلاقلىرىنىڭ
بارلىقى تۆنجى قېتىم مالاسپىنانىڭ ئەسىردە تىلغا ئېلىنغان. مەلۇمكى،مالاسپىنا جوردانىسنىڭ ئاتتىلانىڭ
يەنى «ئاق چۈشكەن» دېگەن سۆزنى خاتا ھالدا «canisaspersus» ساقلى ھەققىدە ئىشلەتكەن
يەنى «ئىت يۈزلۈك» دېگەن شەكىلدە ئوقۇۋالغان. شۇڭلاشقا، پىلنوس قاتارلىق «canisaspertus»
نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئاتتىلانى قەدىمكى ئىت باشلىق خەلقلەر بىلەن بىر بولسا كېرەك، دەپ قارىغان. مىلادىيە
14 - ئەسىردە ئاتتىلانىڭ ئىتتىن تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدا ھېكايىمۇ يېزىلغان. بۇ ھېكايىنىڭ دەسلەپكى شەكلى
ۋېنتسىيەدىكى سان - ماركو كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان «ئاتتىلا ھېكايىسى»دە ئۇچرايدۇ. يەنە شۇ ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرلىرىدا كاسولا دېگەن بىر شائىر بۇ توغرىسىدا داستاندىن بىرنى يازغان. داستاندا ئاتتىلا ھۇنلارنىڭ خانى
.ئەمەس، بەلكى ھۇنگىرلارنىڭ خانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن
بۇ داستاندا ئېيتىلىشچە، ئەينى ۋاقىتتىكى ھۇنگىرىيىدە ئوستۇرۇبال دېگەن بىر پادىشاھنىڭ دۇنيادا
تەڭدىشى يوق گۈزەل بىر مەلىكىسى بولغان. بۇ قىزغا نۇرغۇن يىگىتلەر توي قىلىش تەكلىپىنى قويغان
بولسىمۇ، قىز ھەممىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. مەلىكىنىڭ ئانىسى ئۇنى شەرقىي رىم ئىمپېراتورى
كونستانتىنوسنىڭ ئوغلى ھىراكلىئوسقا ياتلىق قىلىش نىيىتى بولغاچقا، مەلىكىنى نۇرغۇن كېنىزەكلەر بىلەن
بىرگە، ئېگىز بىر قەلئەگە سولاپ قويۇپ نازارەت قىلغان. ئانىسى مەلىكىنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان
ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ئارغامچا ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بەرگەن.
مەلىكە ئۆزى بىلەن بىرگە بىر كىچىك كۈچۈكنى ئېلىۋالغان بولۇپ، ئاخشىمى بۇ كۈچۈك بىلەن
يېتىپ - قوپقان. كۈچۈك چوڭايغاندىن كېيىن مەلىكە ئۇنىڭدىن ھامىلدار بولۇپ قالغان. پادىشاھ بۇ
سەتچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دەرھال مەلىكىنىڭ تويىنى قىلىۋەتكەن. مەلىكىنىڭ ۋاقتى - سائىتى توشۇپ
كۆزى يورۇغاندا، ئىتقا ئوخشاش بوۋاقتىن بىرى تۇغۇلغان. بالىغا ئاتتىلا دەپ ئىسىم قويۇلغان. ئاتتىلا چوڭ
بولغاندىن كېيىن، چوڭ دادىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان. ئاتتىلا ناھايىتى ئەقىل - پاراسەتلىك،
ئەخلاقىي - پەزىلەتلىك ۋە كۆتىرەڭگۈ روھلۇق بولغاچقا، قوشنا ئەللەرنىڭ پادىشاھ، بەگلىرى ئۇنى ناھايىتى
ياخشى كۆرۈپ قالغان. ئاتتىلا خرىستىئانلارغا بەك ئۆچمەنلىك قىلغان. ئۇ كاتولىك دىنىنىڭ ھۇنگىرىيىگە
يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلەنگەن ھەم قوشۇن باشلاپ يول بويى ئالدىغا ئۇچرىغان ھەر
قانداق نەرسىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇدۇل ئاچۇيلا شەھىرىگە يېتىپ بارغان. داستاننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى
.بۆلۈملىرى ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بايان قىلىنغان
ئاتالمىش ئىتالىيە رىۋايەتلىرىدىكى ئىت يۈزلۈك ئاتتىلا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئىتالىيە
پادىشاھلىرى توغرىسىدا ئىتالىيە ئەدەبىياتىدا نۇرغۇنلىغان ھېكايە، مەسەل، داستان ۋە رومانلار يېزىلغان.
مىلادىيە 14 - ئەسىرگە ئائىت بىر ئىتالىيە يىلنامىسىدە، ئاچۇيلا تۇرنىلىرى رىۋايىتىنىڭ بەزى ئىزلىرى ساقلانغان.
بۇنىڭدا ئېيتىلىشچە، ئاچۇيلا شەھەر خەلقى ئۆز شەھىرىنىڭ يوقىتىلىدىغانلىقىنى ئالدىن سەزگەچكە، شەھەرنى
تاشلاپ قاچىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ شەھەردىن قېچىپ چىققانلىقىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، سېپىل تېمىغا
ياغاچ قونچاقلارنى تىكلەپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ھىيلە - نەيرىڭى ئاتتىلانىڭ بۈركۈتلىرىدىن بىرىنىڭ ياغاچ
قونچاقنىڭ بېشىغا قونغاندا ئۇنىڭ جىم تۇرغانلىقىدىن مەلۇم بولىدۇ. ئىتالىيە رىۋايەتلىرىنىڭ يەنە بىرىدە
.ئاتتىلا بىر جاسۇس تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ
ئاتتىلا ئەنئەنىسى ئىتالىيىدە ئۇزۇن مەزگىل دەۋر سۈرگەن، ھەتتا
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدە توساتتىنلا ئاتتىلانىڭ رەسمى
چۈشۈرۈلگەن تەڭگە پۇللارمۇ بېسىلغان. كۆمۈش ياكى مىستىن قۇيۇلغان بۇ پۇللارنىڭ
ياسىلىشى سەل قوپالراق بولغان. كۆمۈشتىن قۇيۇلغان پۇلنىڭ ئالدى يۈزىدە ئاتتىلانىڭ
رەسمى، «ئاتتىلا، 441 - يىلى، كىرال» ياكى « كىرال، 441 - يىلى، ئاتتىلا» دېگەن
سۆز بار. ئارقا يۈزىدە بولسا ئۈستىگە «ئاچۇيلا» دەپ يېزىلغان، ئاستىغا بىر شەھەر ياكى

قەلئەنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن. مىستىن قۇيۇلغان پۇلنىڭ ئالدى يۈزىدە ئاتتىلانىڭ رەسمى، ئۇنىڭ چۆرىسىگە «تەڭرى قىلىچى ئاتتىلا» ياكى « تەڭرى قىلىچى كىرال ئاتتىلا» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. ئارقا يۈزىدە بولسا، بىر قېرى كىشىنىڭ شىرنىڭ ئۈستىگە مىنىپ تۇرغان رەسمى چۈشۈرۈلگەن. بۇ مەزگىلدە ①ئىتالىيىدە يەنە ئاتتىلانىڭ ئاكىسى بۇدانىڭ خاتىرە پۇلىمۇ قايتا بېسىلغان.

---

①«تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 4 ـ توم، 197 ـ 198 ـ بەتلەر.

6. گېرمانىيە رىۋايەتلىرىدىكى ئاتتىلا

گېرمان مىللەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە مەنسۇپ قەھرىمانلىق داستانلىرىدا ئۇلۇغ ئىمپىراتور ئاتتىلانىڭ نامى خېلىلا كۆپ تىلغا ئېلىنغان.

قەدىمكى گېرمان قەھرىمانلىق داستانلىرىدا ئاتتىلانىڭ سارىيىدا گېرمان پادىشاھلىرىنىڭ تۇرغانلىقى ياكى گېرمان شاھزادىلىرىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلگەنلىكى، ئاتتىلانىڭ ئىنتايىن روھلۇق، مېھرىبان، ئاقكۆڭۈل، ئېسىل ئادەم ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەسۋىرلىنىدۇ. گېرمانىيىدە ئاتتىلانىڭ ئىسمى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگە ئائىت «ھىلدىبراند داستانى»دا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. لېكىن ئۇنىڭدا ئىش ـ ئىزلىرى رىۋايەت قىلىنمايدۇ.

داستانى»دا ئاتتىلا ۋە ھۇنلار توغرىسىدا خېلى كۆپ w مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگە ئائىت «كۈچلۈك بىلەكلىك رىۋايەت سۆزلىنىدۇ. بۇ داستاندا ئېيتىلىشچە، ئاتتىلا ئىلگىرىكى زەپەرلىرىنى قايتا تەكرارلاش ئۈچۈن، گىبىچۇغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بىردىنلا نىيىتىدىن يېنىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئورنىتىپ، ئۇنىڭ ئوغلى خاگىننى ئۆز ئوردىسىدا تۇرغاقلىققا ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاتتىلا بۇرگىندلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئاتتىلا ئۇلار بىلەنمۇ كېلىشىم تۈزۈپ، بۇرگۇند پادىشاھىنىڭ ئوغلى ھىلدىگوندىنى تۇرغاقلىق ئۈچۈن ھۇنگىرىيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئاتتىلا يەنە ئاچۇيتانىيا پادشاھى ئالپىخىرنىڭ ئوغلى ۋالخارۇسنى تۇرغاقلىققا ئالىدۇ. بۇ گىرمانىيە شاھزادىلىرى ئاتتىلانىڭ ئوردىسىدا ھۇنلارنىڭ مۇنتىزىم ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىسى ئاستىدا ئۆسۈپ ـ يېتىلىدۇ. ھەممە ئۇلار ھۇنلارنىڭ قوماندانلىرى دەرىجىسىگە كۆتۈرىلىدۇ. كېيىن بېۇ شاھزادىلەر ئاتتىلادىن يوشۇرۇن ھالدا ئۆز دۆلىتىگە قېچىپ كېتىدۇ. ئاتتىلا ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا بەكمۇ ھەسرەت چېكىدۇ.

مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە ياشىغان ئاۋستىرالىيىلىك ئىسمى نامەلۇم بىر شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان «نىبۇلۇڭلار ھەققىدە قوشاق» ناملىق ئېپوستا مۇنداق ۋەقەلىك رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەتزەل (بۇ داستاندا ئاتتىلا ئەتزەل دەپ ئېلىنغان) چوڭ خانىش ئارىغقان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خاگىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن سىگفىرىدنىڭ تۇل قالغان خانىش كرىيمخىلد بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەتزەل ناھايىتى شۆھرەتلىك، قۇدرەتلىك پادىشا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆپ خۇدالىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، دىنىي ئايرىملىق تۈپەيلىدىن ئۆز تەلىپىنى رت قىلىنىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. ئەتزەلنىڭ ئەلچىسى كرىيمخىلدقا ئەتزەلنىڭ ئوردىسىدا خرىستىئان دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان بىر قانچە قوماندانىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئەتزەلنىڭ ۋاقىتسىز (خرىستىئان دىنىغا كىرگەنلەرنىڭ يۇيۇنۇپ پاكلىنىش) قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى قايىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يوي مۇراسىمى دەسلەپتە ۋېنادا،كېيىن ئەتزەلنىڭ پايتەختى ئەرزەلبورگدا ئۆتكۈزىلىدۇ.

كرىيمخىلد ئۆلۈپ كەتكەن ئېرى سىگفىرىدنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇرگۇندلار (نىبۇلۇڭلار)نى ئەتزەلبورگقا تەكلىپ قىلىدۇ. ھېچقانداق ئىشتىن خەۋرى بولمىغان ئەتزەل قېيىن ئىنىسى ۋە سىگفىرىدنىڭ قاتىلى خاگىننى ناھايىتى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. ئەتزەل مېھمانلارنىڭ شەرىپىگە ئەڭ ياخشى جەڭ ئويۇنلىرىنى ئويۇشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا ھۇنلار بىلەن بۇرگۇندىلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇش پارتلايدۇ . ئۇرۇشتا تۇنجى بولۇپ ئەتزەلنىڭ ئاكىسى بلۆدەل (بلەندا ـ بۇدا ) جېنىدىن ئايرىلىدۇ . مىڭلىغان ھۇنلار قۇربان بولىدۇ. ئەتزەل تېخىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالىدۇ. كېيىن ئەتزەل ئۆز ئوغلىنىڭ خاگىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن. ئاندىن ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ كرىيمخىلدانى ئۆلتۈرۈپ، بۇرگۇندالارنى قىرىپ تاشلايدۇ .

نىبولۇڭ داستانى «دا يەنە ئەتزەل بېشىغا داۋاملىق دوبولغا كىيىپ يۈرەتتى،ئادەملىرىنى چوڭ بىر زالدا »

قوبۇل قىلاتتى، ئەتىزەل ناھايىتى ئېسىل ياسالغان بىر تەختتە ئولتۇراتتى، ئەجدادلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ئويۇلغان بىر قاچىدا غىزالىناتتى، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا گېرمانلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن «گۇل باغچىسى»، «ئەتىزەلنىڭ سارىيى» ۋە «شىكايەت» قاتارلىق داستانلاردىكى ئاتتىلا رىۋايىتى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن «نىبۇلۇڭ داستانى» دىكى ۋەقەلىك بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئاتتىلا شىمالىي گېرمان مىللەتلىرىنىڭ رىۋايىتىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئاتتىلا قەدىمكى ئىسلاندىيە تىلىدا يېزىلغان «ئېددا داستانى »دا «ئاتلى» دېگەن ئىسىم بىلەن بايان قىلىنىدۇ. بۇ داستاندا ئاتلى «ئاتتىلا»نىڭ قۇۋ، مەككار، مال ـ دۇنياغا ئامراق كىشى ئىكەنلىكى،گوت ۋە بۇرگۇندلار نىڭ قەھرىمانلىرىنى ھىلە بىلەن تۇزاققا دەسسىتىپ يوقاتقانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئاتلا چۇيدا» دېگەن ئېددا خەلق ناخشىسىدا تەسۋىرلىنىشىچە، ئاتلى ئۆزىنىڭ قېينى ئىنىسى گۇننارنى » دوستلىرى بىلەن بىرگە مېھمانغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئاتلىنىڭ خانىشى گوردۇن ئۆز ئىنىسى گۇننارنىڭ بىرەر خەۋپكە ئۇچراپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بۆرىنىڭ تۈكى بىلەن قاپلانغان بىر ئالتۇن ئۈزۈك ئەۋەتىدۇ. خاگىن گۇننارنى ئاتلىنىڭ قېشىغا بارماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. گۇنار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، يېقىن دوستلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ. ئاتلى قوشۇنى بىلەن گۇننارنى بىر قەلئەدە ساقلاپ تۇرىدۇ.گۇننار قەلئەگە كېلىشى بىلەنلا ئاتلى ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ ئۇنى نىبۇلۇڭ غەزىنىسىنىڭ قەيەرگە يوشۇرۇلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستايدۇ. گۇننار بۇنى زادىلا ئېيتمايدۇ. ئاتلى گۇننارنى بىر توپ يىلانلار ئارىسىغا تاشلاپ ئۆلارغا يەمچۈك قىلىپ بېرىدۇ. گوردۇن ئاتلىدىن ئىنىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاتلىنىڭ باللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى پىشۇرۇپ ئاتلىنىڭ تامىقىغا قوشۇۋېتىدۇ. ئۆلارنىڭ باش سۆڭىكىدە ئاتلىغا شاراپ قويۇپ بېرىدۇ. ئاخىرىدا مەس بولغان ئاتلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ سارىيغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

بۇ رىۋايەتە «ئاتلامال»دېگەن ئېددا خەلق ناخشىسىدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ. گوردۇن خاس خىزمەتچىسى ئارقىلىق ئىنىسىگە يامان كۈنىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، خەت ئەۋەتىدۇ. خەتنى ئېلىپ ماڭغان خاس خىزمەتچى يېرىم يولغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا يېزىلغان سۆزنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇننار ئاتلىنىڭ قەلئەسىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئاتلى ئۇنى تۇتۇپ دارغا ئاسىدۇ. گوردۇن ئىنىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلىنىڭ باللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، گوشىنى ئۇنىڭغا يېگۈزۈۋېتىدۇ.خاگىن ئاتلى قاتتىق ئۇخلاۋاتقان چاغدا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

بۇ رىۋايەتلەردە ھۇن ئىمپىراتورى ئاتتىلانىڭ ئۆز خانىشى تەرىپىدىن سۇيقەست بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخى پاكىت بايان قىلىنغان.

ھۇللارنىڭ ئۇرۇشى» دېگەن قەدىمكى شىمالىي گېرمان داستانىدا ئاتتىلا «ھۇملى» دېگەن ئىسىم بىلەن » رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ داستاندا مۇنداق سۆزلىنىدۇ : گوت پادشاھى ھىدرىكنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا ھۇملىنىڭ ئوردىسىدا تۇرغاق بولۇپ تۇرۇپ، ھۇملىنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ ـ يېتىلگەن. پادشاھ ھىدرىك ئۆلگەندىن كېيىن، خىلودىر دادىسىنىڭ مىراسى ئۈچۈن گوت دۆلىتىنىڭ يېرىمىنى، ئورمانلىقلارنى، يول بويىدىكى مۇقەددەس قەبرىستانلىقلارنى ۋە دىنىستىر دەرياسىنىڭ بويىدىكى خاسىيەتلىك تاشنى ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىشنى ئاكىسىدىن تەلەپ قىلغان. ئاكىسى بۇنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھۇملى نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن بىلەن گوت پادىشالىقىغا يۈرۈش قىلغان. ئۇرۇشتا ۋە خىلودىر ھاياتىدىن ئايرىلغان.

دانىيە تارىخچىسى گىراماتكوسنىڭ مىلادىيە 1200 ـ يىلى يازغان «دانىيىلىكلەرنىڭ قەھرىمانلىق داستانى» نىڭ ھۇنلارغا ئائىت قىسمىدا، ئاتتىلا ھۇن دېگەن ئىسىم بىلەن بايان قىلىنىدۇ. داستاندا يېزىلىشىچە، ھۇن (ئاتتىلا) دانىيىلەكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ھۇنلارغا يەنە ھۇن دېگەن بىر كىشى قوماندان بولىدۇ. ئۇ 170نەپەر ھۇن خانلىرى بىلەن بىرلىكتە دانىيىلىكلەرگە تەسلىم بولىدۇ.

مىلادىيە 13 ـ ئەسىرگە ئائىت «تىدرىك داستانى» بولسا «نىبولۇڭ داستانى» نىڭ داۋامىدەك قىلىدۇ. بۇ داستاندا مۇنداق بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: ئاتلى پىرىز

پادىشاھلىقىدىن تارتىۋالغان سۇسىك دېگەن جايدا تۇرىدۇ. ئاتلىنىڭ يېنىدا بېرىتانىيە پادىشاھى ئارتوسنىڭ تىدرىك ۋە ھۆگنى (خاگىن) ئىككى ئوغلى چېچىپ كېلىدۇ. ئاتلى ئۇلارغا بىراندېنبورگ بىلەن رېين دەرياسى بويىدىكى ئۇنگار ئورمانلىقىنى بولۇپ بېرىدۇ. مۇناپىق ھۆگىن ئاتتىلادىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنى غەزىنە يوشۇرۇلغان .تاغقا سولاپ قويىدۇ. ئاتلى ئۇ يەردە ئاشلىقتىن قىيلىنىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ

مىلادىيە **1400** ـ يىلى يېزىلغان بىر يىلنامىدە رىۋايەت قىلىنىشچە، ئاتتىلا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بەزىلىرى ئەنگلىيە، بەزىلىرى ئىسپانىيە بىلەن ئىتالىيىگە كۆچۈپ كېتىدۇ. ھۇن ۋە گوتلارنىڭ خانلىق تەختىگە گوت پادىشاھى تىدرىك چىقىدۇ

يۇقىردا بايان قىلىنغان گېرمان مىلەتلىرى رىۋايەتلەردە ئاتتىلا ئىككى خىل خارەكتىردە تەسۋىرلەنگەن. جەنۇبىي گىرمان رىۋايەتلىردە ئاتتىلا رەھىمدىل، ئاق كۆڭۈل، ياخشى نىيەتلىك كۆتىرەڭگۈ روھلۇق، خۇش تەبىيەتلىك پادىشاھ سۈپىتىدە خاراكتېرلەنسە،شىمالىي گېرمان رىۋايىتىدە قانخور، زالىم، قۇۋ ـ ھىلىگەر، مال ـ دۇنياغا ئامراق پادىشاھ سۈپىتىدە خارەكتېرلەنگەن. ① «تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، **4** ـ توم، .**197** ـ **198** ـ بەتلەر

## هۇنگر رىۋايەتلىرىدىكى ئاتتىلا . 7

مىلادىيە **2** ـ ئەسىردىن باشلاپ، فىن ـ ئۇغۇر تىللىرى ئائىلىسىگە مەنسۇپ ماجارىلار (ئەسلى ئاتىلىشى مانسى ـ ماگىي، ئۇلار تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، تۈركچە ‹ئەر (ئار)› قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ نامى ماجار دېگەن نامدا ئاتىلىدىغان بولدى) ھۇنلار بىلەن ئالاقىدە بولۇپ، ھۇنلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. مىلادىيە **374** ـ يىلى ھۇنلار ئىتىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ياۋروپاغا كۆچكەندە، ئەسلى جايلىرىدا تۇرۇپ قالغان بىر قىسىم ھۇنلار ماجارلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماجارلار ھۇنلارغا قارىغان. مىلادىيە **469** ـ يىلى ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئاتتىلانىڭ كىچىك ئوغلى ئىرنەكنىڭ رەھبەرلىكىدە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە بۇ جايلارغا يېقىندىن ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئون ئۇغۇرلارنىڭ ئىچىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئون ئۇغۇرلار يەنە «ھۇنئۇغۇر» دەپ ئاتالغان. مىلادىيە **8** ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئىتىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بويلىرىدىكى ماجارلار جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، ھۇنئۇغۇرلارنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. نەتىجىدە ماجارلار تۈركلىشىشكە باشلىغان. بۈگۈنكى ھۇنگىرلار مانا شۇ ئون ئۇغۇر، ھۇن ۋە ماجارلارنىڭ ئۆز ـ ئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن بولغاچقا، ئۇلار ئاتتىلانى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ داھىسى دەپ قاراپ كەلمەكتە. شۇڭا ھۇنگىرلار ئارىسىدا ئاتتىلاغا ئاتالغان نۇرغۇن .رىۋايەتلەر ۋە تارىخى ئىزلار كۆپ ساقلانغان

مىلادىيە **9** ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان «ھۇنگىر قەھرىمانلىق داستانى»دا ھۇنگىر خانى ئارپات ئاتتىلانىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزى قىسمى بولغان ھۇنگىرىيە مىراس قىلىنغان، .ئارپات مانا مۇشۇ يەردە تەختتە ئولتۇراتتى، دەپ رىۋايەت قىلىنغان

ھۇنگىر تارىخچىسى ئانىموسنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، ئاتتىلا دوناي دەرياسى بويىدىكى ئوكۆبىنكوم(بۇداپېشت)نى ئۆزگەرتىپ، مۇستەھكەم سېپىللار بىلەن قورشاپ پايتەخت قىلغان، گېرمانلار ئۇنى .ئەتزەلبورگ دەپ ئاتىغان

مىلادىيە **12** ـ **14** ـ ئەسىرلەردە ھۇنگىرىيىدە كىشىلەر ئارىسىدا ئاتتىلا، ئاتىلا، ئەتخەلە، ئەتەلە، ئەتىلا دېگەن كىشى ئىسىملىرى ناھايىتى كۆپ قويۇلغان، ھەتتا بۇ خىل ئىسىملار ھۇنگىرلار ئىچىدە بۈگۈنكى كۈندىمۇ كەڭ قويۇلماقتا. سۇموگىي ۋىلايىتىدىكى ئاتالا(ئاتىلا) دېگەن يېزا ـ كەنت نامى، ئاتتىلا دېگەن .ئىسمىنىڭ يەر نامى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ

ئارپات خاندانلىقىدا ئاتتىلا خاتىرە ـ ئەنئەنىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئەۋج ئالغان. بۇنى ئارپات خاندانلىقىنىڭ غەزىنىسىدە ساقلانغان «ئاتتىلا قىلىچى» ياكى بۇ خاندانلىقنىڭ ئاتتىلا جەمەتىدىن .ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە يېزىلغان «ئاتتىلا شەجەرىسى» تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ

ئاتتىلا شەجەرىسى مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىسمى نامەلۇم بىر ھۇنگىر تارىخچىسى تەرىپىدىن تۈرگۈزۈلگەن. ناھايىتى كۆپ ئالىملار تەتقىقات ئېلىپ بارغان بۇ شەجەرە تۆۋەندىكى ئىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1 ـ نوھ، 2 ـ يافەس، 3 ـ تانا، 4 ـ نەمبۇرۇت، 5 ـ ھۇنۇر، 6 ـ بور، 7 ـ داما، 8 ـ كەلەد، 9 ـ كەۋە، 10 ـ كەئار، 11 ـ بەلەر، 12 ـ قادار، 13 ـ ئۆزمار، 14 ـ فاركاس، 15 ـ بوندوفارد، 16 ـ بۇكەن، 17 ـ ساناد، 18ـ بۇدلى، 19 ـ بەزتۇر، 20 ـ مىكە، 21 ـ مىسكە، 22 ـ ئومپۇت، 23 ـ كۇلسە، 24 ـ زامبۇر، 27 ـ زامۇر، 26 ـ لېل، 25 ـ لەۋەنتە، 28 ـ بەرەند، 32 ـ زولتا، 30 ـ بولسۇ، 29 ـ بولۇگ، 31 ـ ياكى 38 ـ ئەتخەلە، 37 ـ بەندەگۆز، 36 ـ تۇردا، 35 ـ سىنرەمەن، 34 ـ ئەسھ، 33 ـ ئۆپۇس، كادىسا، ئاتتىلا، 39 ـ قاتارلىقلار 43 ـ ئالماس، 42 ـ ئېلود، 41 ـ ئۆگىيەك، 40 ـ ئىد، سابا.

نېمىس خەنزۇشۇناسى ف.ھېرت بۇ شەجەرىنى مۇقەددەس كىتابتىن ئېلىنغان دەسلەپكى تۆت ئىسمىدىن باشقىسىنى مۇھىم ۋە ئىشەنچلىك دەپ قاراپ، خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرلەنگەن ھۇن ھۆكۈمدارلىرى شەجەرىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئالغا سۈرۈلگەن. ف. ھېرت ئاتتىلا ۋە ھۇنلارنىڭ شەجەرىسىنى مۇنداق كۆرسەتكەن.

تۈمەن =بودلى . 1
باتۇر = باكتۇر = بەزتۇر .2
قايۇق = مىكە .3
ئىچىغسە = مىسكە .4
قۇتىقۇ = ئومپود .5
غۇلىقۇ = كۇلسە .6
شۇلۇچانچۇ = لەۋەنتە .7
چىچى =لېل . 8

ف.ھېرتنىڭ بۇ قارشىنى ۋ.رادلوۋ، ز.پ.بورۇي ۋە ئى.كرائۇس قاتارلىق نوپۇزلۇق ئالىملار ئېتىراپ قىلغان.لېكىن، بۇنىڭغا قارشى چىققۇچى ئالىملارمۇ ئاز ئەمەس.

دەۋرىدە (مىلادىيە IVھۇنگىرىيەدە ئاتتىلا ھەققىدىكى تارىخى رىۋايەتلەر كىرال لاسزو 1272 ـ 1290 ـ يىللار) ناھايىتى كەڭ تارقالغان. لاسزونىڭ ئوردا تارىخچىسى سىمون تەرىپىدىن مىلادىيە 1282 ـ 1884 ـ يىللاردا يېزىلغان «ھۇنگىر يىلنامىسى» دېگەن ئەسەردە، ئاتتىلا ھۇنگىرلاشتۇرۇلغان شەكىلدە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئاتتىلا ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قاراكۆزلۈك، گۆرەنلىك، ناھايىتى مەغرۇر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان، قورال ـ ياراقلىرى ئىلغار، چېدىر ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىنتايىن پاكىز كىشى بولغاچقا، يات ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرىمۇ ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئاتتىلا ئۆزىنىڭ پايتەختى سىچامبىرا(ئوكۇئېنكوم) دىن قوشۇن تارتىپ، يول بويى ئالدىغا ئۇچرىغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇدۇل ستراسبورگقا يېتىپ بارىدۇ، ئاندىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، فىرانسىيىنىڭ بىر قانچە شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، كاتولونىيە چېگرىسىغىچە بارىدۇ. ئاتتىلا كاتولونىيە قوشۇنىنى ئىككى قىسىمغا ئايرىپ، بىر بۆلىكىنى ماراكەش سۇلتانى ئەمرىل مۆمىنىنىڭ ئۈستىگە ئاتلاندۇرىدۇ، بۇ چاغدا غەربىي رىم قوماندانى ئائىتوس خۇددى كەلكۈن سۇدەك ھەيۋەت بىلەن ئاتتىلا ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ كېلىدۇ. ئۇرۇش پارتلايدۇ. ئاتتىلا ئائىتوسنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىدۇ. ماراكەشكە ئەۋەتىلگەن قوشۇن ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىگەچكە، ئاتتىلانىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، كاتولونىيەدە تۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر «سىپان» (ھۇنگىرچە سىپان سۆزى ۋەلى دېگەن مەنىدە) دېگەن ھۇن قوماندانىنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنىپ ئىسپانىيە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتتىلا فىرانسىيەنى بېسىپ ئۆتۈپ، كۆلنگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردە ئورسۇلا ۋە ئۇنىڭ 11 مىڭ كېنىزىكىنى قېلىچتىن ئۆتكۈزىدۇ. دانىيە، نورۋېگىيە،

لىتۋا ۋە فىروسىيىنى ئىگىلەپ، ھۇنگىرىيىگە قايتىدۇ. ئاتتىلا ئۇرۇشتىن قايتقاندىن كېيىن، ئاكىسى بۇدانىڭ ئۆزى يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىچامبىرانى بۇداۋارا دەپ ئاتىۋالغان گۇناھى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، ئاتتىلانىڭ غەزىپىدىن قاتتىق قورققان گېرمانلار بۇ يەرنى «ئەتزەلبورگ» دەپ ئاتايدۇ. ھۇنگىرلار بۇنىڭغا ئەمەل قىلماي يەنىلا «بۇداۋارا» دەپ ئاتاۋېرىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتتىلا ئىتالىيىگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇ ئاچۇيلا شەھرىدىن تۇرنىلارنىڭ باشقا شەھەرگە قاراپ ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شەھەرنى تىزلا ئىگىلەيدۇ. ئاچۇيلا شەھەر خەلقى شەھەرنى تاشلاپ كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ۋېنىتسىيىنى بەرپا قىلىدۇ. راۋىننانىڭ ئېپىسكوپى ئاتتىلانى رىم شەھرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئاتتىلا رىم شەھرىگە يۈرۈش قىلىپ يېرىم يولغا كەلگەندە پاپا بىلەن ئۇچرىشىدۇ، پاپا ئاتتىلادىن قوشۇن چېكىندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاتتىلا قايتىپ بېرىپ راۋىننا ئېپىسكوپىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. ئاتتىلا پاننوپياغا يۈرۈش قىلىپ بارغاندا، باكترانلار پادىشاھلىقىنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكىسى مىكولت ئاتتىلاغا ياتلىق قىلىنىدۇ. توي كېچىسى ئاتتىلا ھەددىدىن زىيادە كۆپ شاراب ئىشكەچكە، بۇرنىدىن توختىماي قان ئېقىپ، گېلى قانغا تولۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. مىلادىيە13 ـ ، 14 ـ ئەسىرلەردە رومانتىك تۈسنى ئالغان رىۋايەتلەر ياۋروپادا ناھايىتى كەڭ تارقىلىشقا باشلاپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە ھۇنلارغا ۋە ئاتتىلاغا باغلىغان. دانىيە تارىخچىسى گىراماتىكوس مىلادىيە 1200 ـ يىلى يازغان «دانىيەلىكلەرنىڭ قەھرىمانلىق داستانى» مۇشۇ مەقسەتتە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە يېزىلغان «لىخ ـ ھۇنگىر يىلنامىسى»مۇ ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا جەنۇبى سلاۋيانلار بولۇپمۇ خورۋاتلارنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئاتتىلا ھېكايىسى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە ئاتتىلا ھۇنگىر پادىشاھى سۈپىتىدە ۋە ئاچۇيلا .دېگەن نامدا سۆزلىنىدۇ

ئاچۇيلا پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، شىمالىي تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، لىتۋان، دانىيە، ئىسلاندىيە قاتارلىق ئەللەرنى ئىشغال قىلىپ، كۆلنىگە بارىدۇ، ئۇ يەردە ئۇرسۇلار بىلەن ئۇنىڭ 11مىڭ كېنىزىكىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاۋستىرىيىگە يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ چاغدا بىر مالائىكە ئۇنىڭغا ئەۋلىيالار توپلاشقان جاي راۋىنناغا بېرىپ، ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خورۋات ـ سلوۋان پادىشاھى كازىمىرنىڭ ئۈچىنى ئېلىشنى تاپىلايدۇ. ئاچۇيلان شۇ ھامان ۋېنىتسىيىگە ئاتلىنىپ،ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىسمى قويۇلغان ئاچويلان شەھرىنى بىنا قىلىدۇ. ئاچۇيلا، خورۋات ـ سلوۋانىيە چېگرىسىغا بېرىپ، كازىمىرنى ئۆلتۈرگەن خورۋات ـ سلوۋانلار پادىشاھلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ،ھۇنگىر ئەرلىرىنى خورۋات ـ سلوۋانلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن توي قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاچۇيلان ئۆزىمۇ سلوۋان پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاچۇيلا ھۇنگىرىيىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئاچۇيلا تۆتىنچى ئوغلى كولۇماننى خورۋات مەلىكىسىگە ئۆيلەندۈرىدۇ. كۇنۇماننىڭ ئوغلى بىلا دادىسى ئالەندىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاچۇيلا شەھرىگە بېرىپ، يۇنان ئىمپېراتورىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىدۇ. بىلا ئۇنىڭدىن گىزا ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. ئۇنىڭ لىخ مىللىتىدى

.بولغان ئايالى ئادېلخد ھۇنگىرلارنى خرىستىئان دىنىغا كىرگۈزىدۇ

ھەققى تارىخى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ،خورۋاتىيىنىڭ ھۇنگىرىيىگە قوشۇۋېلىنىش كىرال لاسزو ۋە كالمان دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان. يىلنامىنىڭ ئاپتورى ھۇنگىر ـ خورۋات خاندان مۇناسىۋىتىنىڭ قەدىمىي تارىخقا ئىگە . ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بۇ ۋەقەنى ئاتتىلانىڭ نامىغا باغلاپ رىۋايەت قىلغان

ھۇنگىر تارىخچىسى جانۇس مىلادىيە 1488 ـ يىلى يازغان «ھۇنگىر يىلنامىسى» دېگەن ئەسەر، ھۇنگىرلاردىكى ئاتتىلا رىۋايىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. جانۇس بۇ ئەسەردە ئاتتىلا رىۋايىتىگە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقان ۋە باشقا مەنبەلەردىكى يېڭى رىۋايەتلەرنى كىرگۈزگەن. ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ئەسەردە خاتىرلەنگەن ئەۋلىيالار رىۋايىتىدە مۇنداق سۆزلىنىدۇ: ئورلىئاندىن كاتولونىيىگە قاراپ يولغا چىققان ھۇنلار بىر ئەۋلىيانى تۇتىۋېلىپ، ئۇنى ئاتتىلانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. ھەممە ئىشلاردىن ئالدىن بىشارەت بەرگۈچى بۇ ئەۋلىيا كىشىدىن ئاتتىلا كاتولونىيە ئۇرۇشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئەۋلىيا ئاتتىلاغا: «پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ ئىگىسى، قۇدرەتلىك تەڭرى دۇنيا ھاكىمىيىتىنىڭ قىلىچىنى ھازىر سېنىڭ

قۇلۇڭغا تۇتقۇزدى، سەن تەڭرىنىڭ قامچىسى، تەڭرى يولىدىن ئازغانلارنى سەن ئارقىلىق جازالايدۇ، ئەمما تەڭرى خالىغان ۋاقىتتا بۇ قىلىچنى سېنىڭ قۇلۇڭدىن ئېلىپ باشقا بىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا سەن غەلبە قىلالمايسەن. ئەمما، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن بۇ قىلىچ سېنىڭ قولۇڭدىن چۈشمەيدۇ. ھۆكۈمرانلىقىڭمۇ ئاخىرلاشمايدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاتتىلا ئۆزىنى «تەڭرى .قامچىسى» دەپ ئاتايدۇ

كىرال ماتياس دەۋرىدە (1458 ـ 1490 ـ يىللار) ھۇنگىرىيىدە ئاتتىلاغا چوقۇنۇش دولقۇنى كەڭ ئەۋج دەپ ئاتىغان. ئۇ ھۇنگىر تارىخىنى يازغان ئوردا تارىخچىسى »اﺋﺎﻟﻐﺎﻥ. كىرال ماتياس ئۆزىنى «ئاتتىلا بونفىنگە كىتابىنىڭ ئاتتىلاغا ئائىت قىسمىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنى تاپىلىغان. جانۇس ۋە بونفىنىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاتتىلا ھەققىدىكى مەلۇماتلار ھۇنگىر مىللىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە تارقىلىپ كىرگەن. بۈيۈك ھۇن ئېمپېراتورى ئاتتىلانىڭ دراماتىك ۋەقەلەرگە ئىنتايىن باي بولغان ھاياتىنى يورۇتۇش ئۈچۈن، يازغۇچى ـ شائىرلار قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۇنى مەدھىيىلىگەن، تارىخچىلار ھۇنگىر ۋە لاتىن تىللىرىدا نۇرغۇنلىغان تارىخي ئەسەرلەرنى يازغان. بەزى باي كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئاتتىلا دەپ ئاتىلىدىغان نەيزە ـ قالقان، قىلىچ ۋە باشقا نەرسىلەر ساقلانغان. ھۇنگىرلار يەنە ئاتتىلانىڭ قەبرىسىنى ئىزدەشكە كىرىشىپ، مىلادىيە 1799 ـ يىلى .تېپىلغان بىر قەبرىنى ھازىرغا قەدەر ئاتتىلانىڭ قەبرىسى، دەپ قاراپ كەلمەكتە

ئەسىر رومانتىزىم ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ ئۇلۇغ شائىر ژ.ئارانىينىڭ ئاتتىلا دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي 19 ـ ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان شېئىر ۋە داستانلىرى، شۇنداقلا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايە ـ چۆچەك ۋە مەسەللەر ئاتتىلا رىۋايىتىگە تېخىمۇ جانلىق ۋە تېخىمۇ رەڭدار مەزمۇن قوشتى. ھۇنگىرلار ئارىسىدا تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاتتىلا توغرىسىدا نۇرغۇن رىۋايەتلەر توقۇلۇپ تۇرىدۇ. ھۇنگىرلار نۇرغۇنلىغان يەر ـ جاي، دەريا ـ جىلغىلار، تاغ ـ ئېدىرلىقلار ۋە شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ نامىنى ئاتتىلا ۋە ھۇنلارغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن: ئاتتىلانىڭ چوڭ خانىشى رېكانى رېكاس يېزىسىغا ياكى رېكاس جىلغىسىغا دەپنە قىلىنغان، ئەتەلەكا (ئەتەلە ـ ئاتتىلا، كا ـ قارارگاھ) دېگەن جاينى ئاتتىلانىڭ پايتەختى، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاتتىلا ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن ساقاللىق بىر كىشىنىڭ دېگىنى بويىچە، قىلىچنى سانجىغان يەردىن سۇ چىقىپ، كىسبودزا جىلغىسى شەكىللەنگەن، ئاتتىلا مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ قېنىدىن سودا كۆلى شەكىللەنگەن، ئاتتىلا توققۇز خانىشى ئىچىدە بىرىنىڭ ئەتكەن تامىقىنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ خانىش ئاتتىلاغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەن، دېگەنگە ئوخشاش رىۋايەتلەر ھۇنگىرلار .ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە

يۇقىردا بايان قىلىنغان ياۋروپا رىۋايەتلىرى ئىچىدە ھۇن، شەرقىي رىم، جەنۇبىي گېرمان ۋە ھۇنگىر رىۋايەتلىرىدە ئاتتىلانىڭ بۈيۈك سىماسى ۋە ئۇلۇغ تارىخي پائالىيەتلىرى رېئاللىققا ماس ھالدا سۆزلەنسە، باشقا رىۋايەتلەردە بولسا، ئاتتىلا مەغلۇبىيەتچى شەخس سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ھۇنلار ۋە ئاتتىلا تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، ئېغىر باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىنغان ياۋروپالىقلار، ھۇنلارغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياۋروپاغا تارقاتقان مەدەنىيىتى، ئۇلارنىڭ ياۋروپا تارىخىدىكى تۇتقان ئورنى ۋە رولىغا كۆز يۇمۇپ، ئەمەلىي ھاياتتا قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى پەقەت ھېكايە ـ رىۋايەتلىرىدىلا ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھۇنلار ۋە ئاتتىلا ئۈستىدىن غەلبە قىلغان مەزمۇننى تەسۋىرلەيدىغان نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى توقۇپ چىقىرىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تارىختىكى .ئاجىزلىقىنى يوشۇرماقچى بولغان

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ياۋروپا رىۋايەتلىرىدە ئاتتىلانىڭ نۇرغۇن شەھەرلەرنى سالدۇرغانلىقىمۇ سۆزلىنىدۇ. شىمالىي ئىتالىيىدىكى شەھەرلەرنىڭ ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن قايتا قۇرۇلۇشى، ئوكۋېنكوم خارابىسىنىڭ قايتا تۈزەشتۈرۈلۈشى ئاتتىلاغا مەنسۇپ قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ، ئىتالىيىلىكلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۈدىنە شەھىرىنى ئاتتىلا سالدۇرغان ۋە بۇ شەھەرگە ئۆزىنىڭ بىر قوماندانىنىڭ ئىسمىنى قويغان، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە غەربىي رىم ئېمپېرىيىسى دەۋرىدىن قالغان بىر كونا

قەلئەنى «ئاتتىلا قەلئەسى» دەپ ئاتايدۇ. مىلادىيە 12 ـ ئەسىرگە ئائىت بىر مەنبەگە ئاساسلانغاندا، ياۋروپادا «ئاتتىلا كۈۋرۈكى» دەيدىغان بىر كۈۋرۈك بولغان. يەنە شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى، ئاتتىلا رىۋايەتلەردە ئېيتىلغىنىدەك ئۇنداق بۇزغۇنچى ـ ۋەيران قىلغۇچى شەخس ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ ياۋروپادا ھۇيۇم، ھۇگىنىيە، ھۇگىنياكۇم، سۇبھۇگىنياكۇم ۋە ھۇنۇنىيا دېگەن شەھەر، قەلئە ۋە يېزا ـ قىشلاقلارنى بىنا قىلدۇرغانلىقى ئىسپات بولىدۇ.①

---

①«تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 4 ـ توم، 199 ـ، 200 ـ، 201 ـ، 204 ـ بەتلەر.

تۆتىنچى باب

هۇنلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى

1. ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى

ئاتتىلانىڭ چوڭ خانىشى ئارىغقاندىن ئىلەك، دەڭگىزىك ۋە ئىرنەك دەيدىغان ئۈچ ئوغلى بولغان. ئاتتىلا ھايات چېغىدا چوڭ ئوغلى ئىلەكنى ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا بىلگە خان قىلىپ تەيىنلىگەن. دەڭگىزىكنى بولسا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان بىتتۇغۇرلارغا خان قىلىپ تەيىنلىگەن.

مىلادىيە 453 ـ يىلى ئاتتىلا ئالەمدىن ئۆتكەندە، ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش ماجىراسى كۆتۈرۈلدى.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك پالچىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن ئاتتىلا چوڭ ئوغلى ئىلەكنى تەخت ۋارىسلىقىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا ئىرنەكنى ۋارىس قىلىپ تەيىنلىگەن. تەخت ۋارىسلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىلەك ئاتتىلا ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەنلا تەختكە چىقىشقا تەرەددۇت قىلغان. بۇ چاغدا بۇ چاغدا ئاتتىلانىڭ كىچىك ئوغلى ئىرنەكمۇ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە خانلىق تەختكە چىقىشتا چىڭ تۇرغان. ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش ئۇرۇشى پارتلىغان. ھۇنلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتىدىن پايدىلانغان قارام مىللەتلەرمۇ

ھۇنلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققان. مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئاستىدا، ئاتتىلانىڭ چوڭ ئوغلى ئىلەك ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىگە چىققان. ئىلەك مىلادىيە 454 ـ يىلى، ھۇنلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن گېپىدلار بىلەن ھازىرقى ئاۋستىرىيىدىكى نىدا دېگەن جايدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئورنىغا ئىنىسى دەڭگىزىك ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىگە چىقىدۇ. دەڭگىزىك ناھايىتى جەسۇر كىشى بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي ئىشلاردا ئانچە ھوشيار ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىمپېرىيىنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن شەرقىي گوتلار بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلغان. مىلادىيە 469 ـ يىلى، دەڭگىزىك شەرقىي رىم بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا، شەرقىي رىمنىڭ بىر ئەسكىرىنىڭ ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ تۇيۇقسىز ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشى بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلغان. دەڭگىزىكنىڭ كاللىسى كونستانتىنوپولغا ئېلىپ كېلىنىپ سازايى قىلىنغان.

مىلادىيە 469 ـ يىلى دەڭگىزىك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھۇن ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىپ كېتىپ، ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلغان، يەنە بىر قىسمى بولسا ئېرنەكنىڭ باشچىلىقىدا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا سۈرۈلگەن. شۇنداق قىلىپ، مىلادىيە 374 ـ يىلى قۇرۇلۇپ ياۋروپا خرىستىئان دۇنياسىنى دەھشەتلىك تەھدىت ئىچىدە قويغان ھۇن ئىمپېرىيىسى، مىلادىيە 469 ـ يىلى ھوقۇق تالىشىش ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى نەتىجىسىدە، تارىخ سەھنىسىدىن غۇلاپ چۈشىدۇ.

2. ھۇنۇغۇر خانلىقى

ئوتتۇرا ئاسىيا بوز قىرلىرى بىلەن بۇنىڭ تەبىئىي ھالدىكى داۋامى بولغان شەرقىي ياۋروپا بوز قىرلىرى
تارىخنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىن بىرى، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش ۋە ئۆز ـ ئارا قوشۇلۇپ كېتىشىگە
سەھنە بولۇپ كەلگەن. بۇ يەردە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇن خانلىقلىرى قۇرۇلۇپ، مەدەنىيىتى
ياۋروپاغا كېڭەيگەن. مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ھۇنلارنىڭ مەركىزىنىڭ غەربكە قاراپ يۆتكىلىشى
بىلەن، ھۇنلار ئالانلارنىڭ زېمىنى ئىشغال قىلىپ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىغا قاراپ ماكانلاشقان. مىلادىيە
374 ـ يىلى ھۇنلار دون دەرياسىنى بېسىپ ئۆتۈپ ھازىرقى ھۇنگرىيىنى مەركەز قىلغان ھالدا ياۋروپا ھۇن
ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. بۇ ئىمپېرىيە بىر ئەسىر(95 يىل) ھۆكۈم سۈرۈپ، ياۋروپا خرىستىئان دۇنياسى تارىخىدا
چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان. ھۇنلاردىن كېيىن، ئوغۇرلار ـ ئۇيغۇرلار، سابىرلار، ئاۋارلار، ھازارلار، پەچىنەكلەر،
.ئوغۇزلار ۋە قۇمانلار ـ قىپچاقلار بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن شەرقىي ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەن
ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن، قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. بۇ تارىخ،
.ئارخېئولوگىيە، تىل ۋە ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقاتلاردىمۇ داۋاملىق تۈردە ئىسپاتلانماقتا
ئىلمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخى
يالغۇز ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيا دائىرىسى بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى يەنە
جۇغراپىيىلىك ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ھەم باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيادىن باشقا
.جايلارغىمۇ كۆچۈپ بارغان
ئوغۇر، يوغۇر ۋە ئۇيغۇر دېگەنناملار ئوخشاش بىر سۆزنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ،①
ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى كەڭ رايونلارغا بىزگە تارىختا مەلۇم بولغان ياكى بولمىغان دەۋرلەردە تۈرك

鬼» دېگەن نامنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن سۆز ئىدى. ئىلمىز مەنبەلىرىدىمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردا

گۇيفاڭ) دەپ ئاتالغان بىر خەلقنىڭ شىمالىي جوڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن )«方

خېتىنىڭ «غۇر» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى «鬼» شۇغۇللانغانلىقى خاتىرلەنگەن. تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە

يىچۈي) دەپ ئېلىنغان. بۇنىڭمۇ «ئوغۇر» دەپ تەلەپپۇز ) «义渠» ئىسپاتلاندى. گۇيفاڭلار كېيىن

قىلىنىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. ②«تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «غۇر» ماددىسىدا: «ئوغۇر دېگەن سۆز
قىسقىراپ، ‹غۇر› دېگەن شەكىلگە كەلگەنگە ئوخشاش، ئوغۇز سۆزىمۇ قىسقىراپ ‹غۇز› شەكىلگە كەلگەن.
ھەر ئىككىسى ئوخشاش بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئىككى سۆزنىڭ قايسىسىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە
ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىش قىيىن»③دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن شۇنداق چۈشەنچىگە كېلىشكە
بولىدۇكى، قەدىمكى خەنزۇ تارىخچىلىرى جوڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا ياشايدىغان مىللەت
.تۈركۈمنىڭ ئۆزىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتايدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى
ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، قەدىمدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارقالغان جايلىرى
ناھايىتى كەڭ ئىدى، غەربىي④ ئۇيغۇرلار بولسا ئوغۇر ۋە ئوغۇزدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈركۈمگە ئايرىلغان.
ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ئايرىلىپ چىققاچقا،
ئۇلارنىڭ تىلىدا بەزى تاۋۇش پەرقلىرى شەكىللەنگەن. ئەڭ ئۆچۈق پەرق دەل ئانا
تۈركچىدىكى «ز» تاۋۇشىنىڭ ئوغۇرلارنىڭ تىلىدا «ر» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىش ھادىسى
ھېسابلىنىدۇ. ئوغۇر تىل شۆبىسىدىكى يەنە بىر پەرق بولسا سۆز بېشىدىكى «ي»
.تاۋۇشى كۆپىنچە «د» تەلەپپۇز قىلىناتتى. مەسلەن: يىلان ـ دىلوم دېگەنگە ئوخشاش
كاسپىي دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان يايىق دەرياسىنىڭ نامىنى قەدىمكى گېرېك
جۇغراپىيەچىسى پىتولومنىڭ «دايىخ» دېگەن شەكىلدە يازغانلىقى، ئوغۇرلارنىڭ
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئەسىرلەردىلا ئىتىل دەرياسىغا قەدەر بولغان رايونلاردا ياشىغانلىقىنى

كۆرستىدۇ.

شەرقىي رىم تارىخچىسى پىرىسكوسنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇغۇرلار ياۋروپاغا كۆچۈشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ ئەسلى ماكانلىرىدا ئۈچ چوڭ تارماققا بۆلۈنۈپ ياشىغان. ئۇلارنىڭ شەرقىي تارمىقى جەيھۇن - چۇ دەرياسى بويلىرى، تارباغاتاي تاغلىرى ۋە چالقار كۆلى ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار ئون ئۇغۇرلار دەپ ئاتالغانىدى. بۇلارنىڭ مىلادىيە 350 - يىللاردا سوغدىچە باكات دېگەن نامدا ئاتالغان بىر شەھىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تارمىقى ئۇتۇرغۇرلار دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار بۈگۈنكى قازاق - قىرغىز دالىسى ۋە ئەمبا دەرياسى بويلىرىدا ياشايتتى. غەربىي تارمىقىغا مەنسۇپ بولغان قۇتۇرغۇر ۋە سارىغۇرلار ئىتىل دەرياسى بويلىرىدا ياشايتتى.

ئۇغۇرلارنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى ئوغۇزلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ غەربكە قاراپ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ شىۋىسى «غەرب تۈركچىسى» بولۇپ شەكىللەندى. بۇ تىل شىۋىسىنىڭ «شەرق تۈركچىسى»دىن پەرقى «ز» تاۋۇشىنىڭ «ر»گە ئۆزگىرىشى ئىدى. بۇ خىل تىل خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن «تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ 5 - توم، 401 - بېتىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ نامى مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

| شەرق تۈركچىسى: | غەرب تۈركچىسى |
|---|---|
| ئوغۇز | ئوغۇر |
| ئون ئوغۇز | ئون ئوغۇر |
| ئوتتۇز ئوغۇز | ئۇتۇر غۇر |
| توققۇز ئوغۇز | قۇتۇر غۇر |
| سىرىق ئوغۇز | سارىغۇر |

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىلىرىدە قۇبدۇ، تارباغاتاي ۋە يەتتە سۇ رايونلىرىدا ياشىغان خۇجىې - ۋۇجيې - ئوقۇت(خوقۇت) دەيدىغان بىر خەلق تىلغا ئېلىنىدۇ. ف.ھىرت بۇ نامنىڭ خەنزۇچە شەكلىنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى «ئۇگىر» (ئۇيغۇر ئەمەس) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئالغا سۈرگەن. گ.نېمېزنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ نامنىڭ تۈركچە ئوغۇز دېگەن سۆزدىن باشقا نەرسە ئەمەس.⑤ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئوغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ تارماقلىرىدىن بىرى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىنى بويلىرىدا ياشىغانىدى. ئېلىمىز مەنبەلىرىدە بۇلار «دىڭلىڭ (丁零، 灵丁)» دەپ ئاتالغان. دىڭلىڭلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن دائىم سانسار، تۈلكە ۋە تېيىن تېرىسى سودىسى قىلاتتى. بەزى ئالىملار دىڭلىڭ دېگەن نام تۈركچە «تېيىنلىق» (تېيىن تېرىسى ساتقۇچىلار) دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەن ئوغۇرلار تېرە تىجارىتى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بۇ تىجارەت ئىچىدە تېيىن تېرىسى سودىسى ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. ئوغۇرلار چارۋىچىلىق بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارنىڭ غەرب تەرەپتىكىلىرى دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان ھەم بۇ ساھالەردە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن.

شۇ مەزگىلدە مارجانلارنىڭ تىلغا قوبۇل قىلىنغان تۈرۈكچە سۆزلۈكلەر بۇ نوقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. روس ئالىمى باسكاكوۋ «ئۇيغۇر» سۆزى ئۈستىدە توختىلىپ: ئۇيغۇر - يۇغۇر؛ ئوغۇر - ئۈگۈر؛ ئوغۇز - ئۈگۈز سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى بىر خەلق نامىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتى بولۇپ، بۇلار «ئەقىللىق، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىدىكى بىر سۆزنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىدۇر، دەپ كۆرسىتىدۇ. مەلۇمكى بۈگۈنكى مىللەتناملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قانداش مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا ئۇيۇشقان قەدىمكى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، ئىپتىدائىي ئىدىلوگىيىسى، ئۇرۇق ئېڭى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى

قاتارلىق جەھەتلەردىكى تىپىك ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، ئۆزى ياكى باشقىلار قويغانناملار ئاساسىدا شەكىللەنگەن. «ئۇيغۇر» دېگەن ناممۇ مۇشۇ ئاساستا قويۇلغان بولۇپ، «غۇر»، «ئوغۇر» ۋە «ئون ئۇغۇر» دېگەن  دېگەن قەبىلە ناملىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېلىپلاشقان شەكلىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپاغا كۆچۈشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار غەرب ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئالىمىز. بۇ مەلۇماتلار مىلادىيە 461 ـ 465 ـ يىللاردا غەربىي سىبىرىيەدىكى قۇۋمىلەرنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىش ۋە چوڭ كۆلەملىك كۆچىشى مۇناسىۋىتى بىلەن شەرقىي رىم تارىخچىسى پىرىسكوس قاتارلىقلار تەرىپىدىن بېرىلگەن. مانا شۇ ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 458 ـ 459 ـ يىللاردا تابغاچ (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ) قوشۇنىدىن مەغلۇپ بولغان ئاۋارلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ غەربىي شىمال تەرەپكە سۈرۈلىشى بىلەن، سابىرلار (سىبىرلار) مۇ غەربكە سۈرۈلۈشكە مەجبۇر بولغان. سابىرلار بولسا ئالتاي ـ ئورال تاغلىرى ئارىسىداكى تۈزلەڭلىكلەردە ياشايدىغان غەربىي ئۇيغۇرلار ـ ئوغۇرلارنى غەربكە ئىتتىرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئاسىيادىن ياۋروپاغا قاراپ بىر قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنى بارلىققا كەلگەن. بۇ قېتىمى كۆچۈش دولقۇنىدا غەربكە سۈرۈلگەن ئۇغۇر، ئون ئوغۇر، ئۇتۇرغۇر، قۇتۇرغۇر، سارىغۇر، ئولتىزىغۇر ـ ئالتىزئاغىر (ئالتە ئوغۇر) ۋە بىتتىغۇر قاتارلىق غەربىي ئۇيغۇر قەبىلىرى كاسپى دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى دون ۋە دېنېپىر دەرياسى بويلىرىغا كېلىپ ماكانلاشقان. غەربكە كۆچكەن بۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھەر جەھەتە كۈچلۈكرەكى ئون ئوغۇرلار بولۇپ، ئۇلار ياۋروپاغا كۆچكەن بۇ ئۇيغۇر قەبىلىرنىڭ بارلىق پالىيەتلىرگە يېتەكچىلىك قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرقتە ئىتىل دەرياسىدىن غەربتە دۇن دەرياسىغىچە بولغان جايلار تاكى مىلادىيە 8 ـ ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ئون ئوغۇرلارنىڭ نامى بىلەن «ئون ئوغۇرىيە»دەپ ئاتالغان.⑥مىلادىيە 6 ـ 8 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان ئەرمەن تارىخچىسى خورىناس، يۇنان تارىخچىسى سىموكاتتا، پىرىسكوس، رىكستور، ئاگەتخاس، كالكىستى، پىروتىستور، لاتىن تارىخچىسى جوردانىس قاتارلىقلار بۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان «ئون ئۇغۇرىس»دېگەن شەھەر توغرىسىدا ئۆز ئەسەرلىرىدە بەلگىلىك دەرىجىدە مەلۇمات قالدۇرۇلغان.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوغۇرلار ياۋروپاغا كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى غەربىي سىبىرىيە دالىسىدا ياشىغان. چىچى تەڭرىقۇتنىڭ تالاستا قۇرغان ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ھۇنلار غەرب تەرەپلەرگە سۈرۈلگەندە ئوغۇرلار ئۇلار بىلەن قوشنا بولۇپ ياشىغان. مۇشۇ مەزگىللەردە ئوغۇرلار ھۇنلارنى ياۋروپاغا ئىتتىرۈلگىدەك كۈچكە ئىگە ئىدى. كېيىن ئوغۇرلارنىڭ ياۋروپادا تېز سۈرەتتە تەرەققىي قىلىپ دۇنياۋىي ئىمپېرىيىگە ئايلانغان ھۇنلارغا قارىغانلىقى سارغۇلارنىڭ ئاتتىلار دەۋرىدىكى ئوينىغان رولىدىن مەلۇم. ئوغۇرلار ـ ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەن چاغدا، ھۇن ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت ئاجىزلاپ كەتكەندى.

شەرقىي ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغان بۇ قەبىلىلەر ئىچىدە ئون ئوغۇرلار ھەرجەھەتتىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار سىياسىي پالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان. مىلادىيە 463 ـ يىلى ئون ئوغۇرلار بارلىق ئوغۇرلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئون ئوغۇر خانلىقىنى قۇرغان ھەمدە شۇ يىلى شەرقىي رىمگە ئەلچى ئەۋەتىپ دىپلوماتىك ئالاقە ئورناتقان. بۇ خانلىق ئون ئوغۇرس شەھرىنى پايتەخت قىلغان. مىلادىيە 460 ـ 470 ـ يىللاردا ھۇن ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىپ مەركىزىي ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلغاندا، ئاتتىلانىڭ كىچىك ئوغلى ئىرنەك ھۇنلارنىڭ بىر بۆلەكىنى باشلاپ ئون ئوغۇرىيىگە كۆچۈپ كېلىپ، ئون ئوغۇرلارنىڭ تەركىبىگە قېتىلىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئون ئوغۇرلار يەنە «ھۇنوغۇرلار» دەپمۇ ئاتالدى. ئون⑦ئوغۇرلاربىلەن ھۇنلار ئۆز ـ ئارا قوشۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن،ئون ئوغۇر ـ ھۇنوغۇر خانلىقىنىڭ تەختىگە ئىرنەكنىڭ چىققانلىقى مەلۇم. ئىرنەكتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى موندۇ(مۇنجۇق) تەختكە چىققان. ئون ئوغۇر ـ ھۇنوغۇر خانلىقى شەرقىي رىم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە گاھىدا نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلىغان بولسا، گاھىدا ئۇرۇش قىلىپ تۇرغان. ھەرنىي كۈچ ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداپ ئالالمىغان ئىمپېراتور ئاناستاسىئوس پايتەخت كونستانتىنپولنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەتراپىغا سېپىل سوقتۇرۇشقا مەجبۇ بولغان. شەرقىي رىم ئون ئوغۇر ـ

ھۇنۇغۇر خانلىقىنىڭ تەھدىتىنى تۈگۈتۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ ئۇتۇرغۇرلار بىلەن قۇتۇرغۇرلارنى دۈشمەنلەشتۈرۈپ قويغان. ئۆز قېرىندىشى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولغان قۇتۇرغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنى شەرقىي رىم تىراكىياغا ماكانلاشتۇرغان. شەرقىي رىمنىڭ سۈيقەستىنى ئۇققان ئۇتۇرغۇرلار بالقانغا يۈرۈش قىلىپ، كونستانتىنوپولغا قەدەر ئىلگىرلەپ بارغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئون ئوغۇر - ھۇنۇغۇر خانلىقى مىلادىيە 550 - يىللارغا كەلگەندە ئىچكى ئۇرۇش ⑧سەۋەبىدىن ئاجىزلاپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل سىياسىي ھالىتىنى يوقاتقان ۋە شەرقتىن كەلگەن ئاۋارلار ۋە سابىرلارغا قارام بولۇپ قالغان. ئوغۇرلارنىڭ شەرق تەرەپتىكى تارماقلىرى بولسا كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېلىنغان.

---

① ئا.زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 147 - ،148 - بەتلەر.

② ئابدۇرېھىم ھېبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، ئۇيغۇرچە، 49 - بەت.

③ تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 18 - توم، 125 - بەت».

④ ل.راسونى: «تارىختا تۈركلۈك»، تۈركچە، 74 - بەت.

⑤ ب.ئۆگەل: «دەسلەپكى تۆلۈس قەبىلىلىرى»، «بەللەتەن»، تۈركچە، 1948 - يىل، 12 - سان، 800 - ، 803 - بەتلەر.

⑥ تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 25 - توم، 430 - بەت».

⑦ تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 25 - توم، 430 - بەت».

⑧ ئا.زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 155 - بەتلەر.

### 3. بولغارلار ۋە ۋېنگىرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئون ئوغۇر - ھۇنۇغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر قوۋملىرى «بولغار» دېگەن نامنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تەشكىلىنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە قوللاندى. ياۋروپاغا كۆچكەن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا بەش«بەل»، سەككىز«سىككېر»، ئوتتۇز«ئوتىر»، قىز«قىر» ياكى «خىر» دېيىلەتتى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، «بولغار» دېگەن نام «بەلغۇر» يەنى «بەش ئوغۇر - بەش ئۇيغۇر - بەش ئوغۇز» دېگەنلىك بولاتتى. بولغار دېگەن نام مىلادىيە 482 - يىلى تۇنجى قېتىم شەرقىي رىم تارىخىي ماتېرىيالىدا كۆرۈلگەن. قۇتۇرغۇرلامۇ① مىلادىيە 547 - يىلىدىن باشلاپ شەرقىي رىمنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە «قۇترىغۇر»، «قۇتراغۇ»، «قاترىغۇر» دېگەن شەكىللەردە تىلغا ئېلىنغان.

مىلادىيە 583 - يىلى قۇتۇرغۇر قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان قۇربات (بۆرە دېگەن مەنىدە)دېگەن كىشى ئون ئوغۇر - ھۇنۇغۇر، قۇتۇرغۇر ۋە ئۇتۇرغۇر قەبىلىلىرىنى قايتا تەشكىلەپ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپ بۈيۈك ئون ئوغۇر - بولغار خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق ئۇنىڭ دەۋرىدە (مىلادىيە 583 - 642 - يىللار)دەۋرىدە تازا كۈچىيىپ - زېمىنى شەرقتە ئىتىل دەرياسىدىن، غەربتە دوناي دەرياسىغا قەدەر سوزۇلغانىدى.

مىلادىيە 659 - يىلى غەربىي تۈرۈك خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن، غەربىي تۈركلەرگە قاراشلىق مىللەتلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا خانلىق تەشكىل قىلغان. بۇ ھالەت بۈيۈك ئون ئوغۇر بولغار خانلىقىنىڭ مەۋجۇتلىقى ئۈچۈن بىر تەھدىت بولۇپ قالغان. چۈنكى قۇرباتتىن كېيىن تەختكە چىققانلار دەۋرىدە بۇ خانلىق بۇرۇنقىدەك قۇدرەتلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، غەربىي تۈركلەردىن ئايرىلىپ چىققان ھازارلارنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇنى مىلادىيە 668 - يىلى ئون ئوغۇر بولغار خانلىقىغا بېسىپ كىرىپ بۇ خانلىقنى چاك - چېكىدىن بۆلۈۋەتكەن.قۇرباتنىڭ چوڭ ئوغلى ئوتتىكىن بىر بۆلۈك ئون ئوغۇر - ھۇنۇغۇرلارغا باشچىلىق قىلىپ، ئون ئوغۇرىيەدە قېلىپ ھازارلارغا ئىتائەت قىلغان.

قۇرباتنىڭ ئىككىنچى ئوغلى قۇتراغ ۋە قۇتورغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكىنى باشلاپ شىمالغا قايرىلىپ ئىتىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن بويلىرىغا سۈرۈلگەن ھەم بۇ ئەتراپتا تۇرۇپ قالغان ئاز بىر قىسىم ئون ئوغۇر - ھۇنۇغۇرلار، سابىرلار ۋە فىن - ئوغۇر مىللەتلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئىتىل بولغار خانلىقىنى قۇرغان. مانا

بۇلار بۈگۈنكى كۈندىكى باشقىرتلار، چۇۋاشلار ۋە تاتارلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بولۇپ قالغان. مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە، مۇڭغۇلىيەگە ساياھەتكە كەلگەن ياۋروپالىق سەيياھ روبرۇك ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە، ۋولگا«ئىتىل دەرياسىنى دېمەكچى) دەرياسىنىڭ باسكاتىر(باشقىرت) دۆلىتىدىن ئېقىپ چىقىدىغانلىقى ۋە بۇ يەردە ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ تىلىنىڭ ھونئوغۇر(ئون ئوغۇر)لارنىڭ تىلى بىلەن بىر خىل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ھەمدە باشقىرىت دۆلىتىنى «بۈيۈك ھۇنگارىيە» دەپ يازغان. ھۇنگىرىيىلىك مەشھۇر شەرقشۇناس گ.نېمېز 1929 ـ يىلى ۋىنادا ئېلان قىلغان «ماگناھۇنگارىيە» (بۈيۈك ھۇنگارىيە) دېگەن ئەسەردە، . «باشقىرىت» سۆزى باشقىر ـ بەش ئوغۇر يەنى بەش ئۇيغۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن مىلادىيە 668 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىتىل بولغار خانلىقى ئۆز تارىخىدا بەزىدە ھازارلارغا، بەزىدە مۇڭغۇللارغا بېقىندى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئالتە ئەسىر مۇستەقىل ھۆكۈم سۈرۈپ، مىلادىيە 1400 ـ يىللىغا .كەلگەندە، بۈيۈك ئىستېلاچى تۆمۈرلەڭ (ئاقساق تېمۇر) تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان

قۇرباتنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئاسپارۇخ (ئىشبارا) ئون ئوغۇر ـ ھۇنوغۇر ۋە قۇتۇرغۇرلاردىن 25 مىڭ ئاھالىنى باشلاپ بالقان يېرىم ئارىلىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ بالقاندا ئىگىلىگەن يېرى يۇنان مەنبەلىرىدە بۇ يەر «ئون ئوغۇرىيە» دەپ يېزىلغان. مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن كېيىنكى غەرب مەنبەلىرىدە بولسا، «ئون ئوغۇردۇر قۇتراغلار» دەپ خاتىرلەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا بالقان يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان سلاۋيان ۋە تىراك خەلقلىرى ئاسپارۇخنى ئۆزلىرىنى شەرقىي رىمنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد قىلغۇچى نىجادكار، دەپ تونۇپ ئۇنىڭغا قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاسپارۇخنىڭ كۈچى خېلىلا دەربىجىدە زورايغان. شۇ سەۋەبلىك ئاسپارۇخ شەرقىي رىم بىلەن ئاۋار ئېمپېرىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى كۈچنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغداپ ئۇنى تەرەققىي مىلادىيە 679 ـ يىلى، VIIقىلدۇرالىغان. ئاسپارۇخنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغان كونستانتىن ئاسپارۇخنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، ئۇرۇش ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مىلادىيە 681 ـ يىلى كېلىشىم تۈزۈلۈپ، شەرقىي رىم ھەر يىلى ئاسپارۇخقا باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئادەتتە تارىخچىلار ئاسپارۇخ مىلادىيە 679 ـ يىلى دوناي دەرياسى بىلەن بالقان .ئارىسىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دوناي بولغار خانلىقىنى قۇرغان، دەپ قارايدۇ

دوناي بولغار خانلىقى قرۇم خان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئومۇرتاغ (9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى) دەۋرىدە تازا كۈچىيىپ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي قۇدرىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. بۇ دەۋرىدە شەرقىي رىم ئېمپېرىيىسى قرۇمخاننىڭ قولىدا ھالاك بولۇشقا تاس قالغان. بۇ دەۋرىدە نۇرغۇن شەھەر ـ سارايلار، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى ياسىلىپ، مەدەنىيەت ئابىدىلىرى بارلىققا كەلگەن. مادارا ئەتراپلىرىدىكى ئېگىز .قىياغا چېكىلگەن يازمىلار ۋە قرۇم خاننىڭ ئاتلىق قاپارتما ھەيكىلى شۇ دەۋرىنىڭ خاتىرىسى ھېسابلىنىدۇ

دۇناي بولغارلىرى ئۆزىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولغىنىغا قارىماي، ياۋروپاغا خېلىلا كۈچلۈك تۈردە مەدەنىيەت تەسىرنى سىڭدۈرگەنلىكى تارىخچىلار تەرىپىدىن ئېتىرىپ قىلىنماقتا. ئۇلار ئۇششاق قەبىلە شەكلىدە ياشايدىغان،دۆلەت چۈشەنچىسىدىن خەۋەرسىز سلاۋيانلارغا ۋەتەن، دۆلەت ۋە مىللەت ئۇقۇمىنى ئۆگەتكەن، ئۇلارنى تەشكىللاتلاندۇرۇپ ( سلاۋيان تىلىدىكى ھەربىي ـ سىياسىي ئۇنۋانلار:بويار ـ بويلا، زۇپان ـ چۇبان، (باغان ـ بان ـ باياندۇر ـ بايىندىر

② .شەرقىي رىمگە قارشى ئۆزىنى قوغداش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەن

يۇقىردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بولغارلار يەرلىكلەرگە سىڭىشىتۇرغاندا نوپۇس سانى جەھەتتىن تولىمۇ ئاز ئىدى. يازما مەنبەلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، شەرقىي رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى سلاۋيانلار ئۇلارنى ئۆز قايىنىمىغا سۆرەپ كىرگەن.تەشكىللاتلاندۇرۇلغان سلاۋيانلارنىڭ دۆلەت خىزمىتىگە قوبۇل قىلىنىشى، يەرلىكلەر بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ زۆرۈرى نەتىجىسى سۈپىتىدە يەرلىك تىلنىڭ سۇستۇنلىكى تەبىقىگە سىڭىپ كىرىشى، بۇلغارلارنى سلاۋيانلاشتۇرۇشقا باشلىغان.ئومۇرتاغ خاندىن كېيىن تېخىمۇ تېزلىشىپ داۋام قىلغان سلاۋيانلىشىش دولقۇنى بۇرىسخان (بارىس ـ پارىس ياكى بۆرى)نىڭ مىلادىيە 864 ـ يىلى كۆك تەڭرى دىنىدىن ۋەز

كېچىپ، خرىستىئان دىنىنىڭ ئورتودوكس مەزھىپىنى قوبۇل قىلىپ، بولغارلارنى خرىستىئانلاشتۇرۇشى بىلەن
.تاماملانغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بولغارلار سلاۋىيان - شەرقىي رىم مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە كىرىپ كەتكەن
مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قۇرباتنىڭ تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ئوغۇللىرى يېتەكچىلىك قىلغان ئايرىم
ساندىكى ئوغۇللار غەربىي ھۇنگىرىيە، شىمالىي ئىتالىيە، ئوكرائىنا،مولداۋىيە ۋە ترىنسىلۋاننىياغا تارقىلىپ،شۇ
جايدىكى مىللەتلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن
ئورال تاغلىرى بىلەن ئىتىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن بويلىرىدا ئەسلىدە فىن - ئۇغۇرلاردىن چەرەمىش،
مۇكشى،مارى، ۋوتياك ۋە ماجارلار ياشايتتى. ئۇلار دەسلەپ ئوغۇرلارغا قارىغانىدى. مىلادىيە 4 - ئەسىردە ھۇنلار
ئورال - ئىتىل دەرياسى بويلىرىغا يەرلەشكەندە، بۇ مىللەتلەرنى بويسۇندۇرغان. ھۇنلارنىڭ بۇ جايدىكى 200
يىلغا يېقىن ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا بەزى فىن - ئۇغۇر قەبىلىلىرى تۈركلىشىپ كەتكەن. جۈملىدىن، ئەسلى
نەمى «مانسى - ماگى»دەپ ئاتىلىدىغان ماجارلار ھۇنلارنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، تۈركچە
«ئەر»(ئار)قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن نامى «ماجار»غا ئۆزگەرگەن. مىلادىيە 374 - يىلى ھۇنلار
ياۋروپانىڭ ئىچكى قايلىرىغا كۆچكەندە، بۇ يەردە قالغان بىر قىسىم ھۇنلار مەجارلارنىڭ ئىچىگە قوشۇلۇپ
كەتكەن.مىلادىيە 8 - ئەسىرگە كەلگەندە، مانا شۇ ماجارلار جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، ئون ئوغۇرىيىدىكى ھازارلارغا
بېقىنىپ ياشاۋاتقان ئون ئوغۇر - ھۇنوغۇرلارنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ چاغدا ئون ئوغۇر - ھۇنوغۇرلار
تارقان، يەنۆ، كىسىك (پارچە)، قۇرت( قار توپى)، گيارمات (ھارماس)، كېر(چوڭ)، ماجار، نېيېك (بۇ
ئىككىسى فىن - ئۇغۇر) قاتارلىق قەبىلىلەرگە ئايرىلغان.كېيىن ئۇلارغا يەنە ھازارلارنىڭ «قابار» قاتارلىق ئۈچ
قەبىلىسى قوشۇلغان.مىلادىيە 896 - يىلى ئون ئوغۇرلار - ھۇنوغۇرلار شەرقتىن كەلگەنپەچىنەكلەرنىڭ بېسىمى
بىلەن ئون ئوغۇرىيەدىن ئايرىلىپ، ھازىرقى ھۇنگىرىيىگە كۆچۈپ كەلگەن.بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن،
مىلادىيە 997 - يىلى ھۇنگىرىيەدە ئون ئوغۇر خانلىقىنى قۇرغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، I ئىستىۋان
ئون ئوغۇرلار ئۆزىنى ھۇنوغۇرلار دەپمۇ ئاتايدىغان بولغاچقا، بۇ دۆلەت ياۋروپاغا «ھۇنگر»دېگەن نام بىلەن
تونۇلغان. ھازىرقى لاتىنچە ئۇنگرى،نېمىسچە ئۇنگار، فرانسوسچە ھۇنگروس ۋە رۇسچە ۋېنگر دېگەن ناملارنىڭ
.ھەممىسى ئون ئوغۇر- ھۇنوغۇر دېگەن نامنىڭ ھەرخىل ئوقۇلۇشىدىن ئىبارەت
ھۇنگىر دۆلىتىدە مىلادىيە 1000 - يىلى خرىستىئان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىپى قوبۇل قىلىنغانغا قەدەر
كۆپىنچە تۈرۈكچە ئىسىملار ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭغا «يۇتاش»، «تارقاچ»، «تاش»، «تارما»، «يابغۇ»
دېگەندەك سۆزلەرنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ھەتتا، شۇ چاغدا خرىستىيئان دىنىنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل
قىلغان ھۇنگىر پادىشاھىنىڭ ئىسمىمۇ تۈرۈكچە «باي»دېگەن ئىسىم ئىدى.ھۇنگىرىيە مىلادىيە
.9 - 10 - ئەسىرلەردە «غەربىي تۈركىيە»دەپ ئاتالغان. «شەرقىي تۈركىيە »بولسا ھازار دۆلىتىنى كۆرسىتەتتى
ھۇنگىر دۆلىتى مىلادىيە 1301 - يىلغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن ئۇلارخرىستىئان دىنىنى قۇبۇل قىلغاندىن
كېيىن ئەتراپىتىكى گېرمان ۋە سلاۋىيان مىللەتلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى، شۇنىڭدەك، فىن - ئۇغۇر مىللەتلىرىنىڭ
تەركىبلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدە بارغانسېرى مۇھىم ئورۇن تۇتۇشى بىلەن بارا - بارا فىن - ئۇغۇر تىللىرى
ئائىلىسىگە مەنسۇپ بۈگۈنكى ھۇنگىر مىللىتى بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ باشقا بىر مىللەت سۈپىتىدە تارىخ
سەھنىسىگە چىققىنىغا گەرچە مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھۇنگىر تىلىدا تەلەپپۇز ۋە مەنا
جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاش سۆزلەرنى ھېلىھەم ئۇچرىتقىلى بولىدۇ. مۆلچەرلىنىشچە، ھازىرقى زامان
ھۇنگىر تىلىدا تۈرك سۆز - ئىبارلىرى تەخمىنەن 9 پىرسەنتىنى ئىگەلەيدۇ.③مەسىلەن: «ئاينا»(ئاينا)،
«ئاينام»(ئانام)، «خامبار»(ئامبار)، «ئەل»(ئەل)، «قازان»(قازان)، «كېك»(كۆك)، «كەندىر»(كەندىر)
دېگەنگە ئوخشاش.④يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ئاھاڭلىرى ھازىرقى كۈندىمۇ ھۇنگىرلار ئارىسىدا
داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن خەنزۇ ئالىملىرى گەنسۇ ئۆلكىسىدە ياشايدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار
.بىلەن ھۇنگىرلار(ۋېنگىرلار)نىڭ مۇزىكا قۇرۇلمىسىدا ئوخشاش بولغان قانۇنىيەتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى

---

.ئا.جافەر ئوغلۇ: «تۈرك تىلى تارىخى»، تۈركچە، 83 - بەت ①
.ئىسلام ئىنسىكلوپىدىيىسى»، تۈركچە، 12 - توم، 2 - جىلد، 212 - بەت» ②

داۋۇت سايىم: «ھۇنلار، تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋېنگىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى   توغرىسىدا دەسلەپكى ③
.ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، ئۇيغۇرچە، 1997 ـ يىلى 3 ـ سان، 20 ـ بەت
.ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە، 152 ـ 153 ـ بەتلەر④

بەشىنچى باب

## ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلاتى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

### ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى ۋە تەشكىلاتى.1

ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى ۋە تەشكىلاتى توغرىسىدا مەنبەلەردە تەپسىلىي مەلۇماتلار بولىسىمۇ، بەزى يىپ ئۇچلىرىمۇ يوق ئەمەس. ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى كارىزماتىك تىپنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنى ئۇلار تەخت، دۆلەت تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان، ھۆكۈمدار ئىمپېراتور تەڭرىنىڭ قۇت بېغىشلىشى بىلەن ھۆكۈمدارلىق تەختىگە چىقىدۇ، دەپ چۈشىنەتتى. ئاسىيا ھۇن ئىمپېراتورى باتۇرنىڭ تولۇق ئىسمى «كۆك تەڭرىسى، كۈن ۋە ئاي تەڭرىسى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان تەڭرىقۇت»دەپ ئاتىلاتتى. ①ياۋروپا ھۇنلىرى ئىچىدە كەڭ تارقالغان ئاتتىلاغا دۇنيا ھاكىمىيىتىنى ئېلىپ كەلگەن «تەڭرى قىلىچى» رىۋايىتى، «تەڭرى ئارىبىسىنىڭ قىلىچى»ھېكايىسى، سوفيا شەھرىدە ھۇن ئەلچىلىرى بىلەن شەرقىي رىم ئەلچىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن مۇنازىرىدە، ھۇن ئەلچىلىرىنىڭ ئاتتىلانى ئىلاھىي مەنبەدىن كەلگەن، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە ئاتاكىر كىرالى(پادىشاھى)نىڭ ئاتتىلانى تەڭرىگە ئوخشىتىشى، مانا شۇ كارىزماتىك ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنىڭ ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق چۈشەنچە بويىچە ھۇنلار ئۆز ئىمپېراتورىنى تەڭرىنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى، مىللەتنىڭ ئاتىسى، ئۇنىڭ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋە كۈچەيتىش .مەجبۇرىيىتى بار دەپ، قارايتتى

مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ياۋروپا ھۇنلىرىدىمۇ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار ـ ئىمپېراتور بولۇپ ئۇ «قاغان» (خاقان)، «قان»(خان) دېيىلەتتى. ئۇنىڭ خانىشىغىمۇ «قان» دېگەن شەرەپ نامى قوشۇلاتتى. مەسىلەن: ئارىغقان دېگەنگە ئوخشاش. ئىمپېراتور ئورۇش مەزگىلىدە ئەڭ ئالىي قوماندان ھېسابلىناتتى. ئىمپېراتورنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جايلار «ئىلىك خانلىق» قا بۆلۈنۈپ «قوش خانلىق تۈزۈم» بويىچە ئىدارە قىلاتتى. بۇ تۈزۈم بويىچە دۆلەت «شەرق تەرەپ ئىلىك خانلىق» ۋە «غەرب تەرەپ ئىلىك خانلىق» دەپ بۆلۈنگەن. بۇ يەرگە ئىلىك ـ بىلگە خان بولۇپ سايلانغان كىشى چوقۇم ئىمپېراتورنىڭ باللىرى ياكى ئىنىسى بولۇش شەرت ئىدى. دەرىجە جەھەتتە شەرق تەرەپ ئىلىك خانلىق ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. مەسىلەن: بالامبەر دەۋرىدە يىلدىز غەرب تەرەپ ئىلىك خانى بولغان. رۇگا دەۋرىدە ئايبارس بىلەن ئوكتار، ئاتتىلا دەۋرىدە ئىلەك بىلەن ئىرنەك .غەرب ۋە شەرق تەرەپ ئىلىك خانى بولغان

پىرىسكوسنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ياۋروپا ھۇنلىرى دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلىرى قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ مۇزاكىرە قىلىدىغان يىغىلىشنى «ھەيئەتلەر يىغىنى» ياكى «ۋەكىللەر مەجلىسى» دەپ ئاتىغان.②بۇ يىغىن ئىمپېراتورنى سايلاش، قوشنا ئەللەر بىلەن شەرتنامە تۈزۈش، ھەربىي يۈرۈش قىلىش قاتارلىق چوڭ .ئىشلارنى قاراردىن ئۆتكۈزەتتى

شەرق ۋە غەرب تەرەپ ئىلىك خانلىرى ھەر قايسى بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرگە

هۆكۈمرانلىق قىلاتتى. بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەر ئۆزىنىڭ خانلىق نامى ۋە پادىشاھلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئىلىك خان تەرىپىدىن نازارەت قىلىناتتى. ئۇلار تىنىچ مەزگىلدە ئۆز ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ هۇنلارغا باج تاپشۇراتتى. ئۇرۇش مەزگىلدە پىيادە ياكى ئاتلىق ھالدا هۇن ئىمپىراتورىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى. ئۇلار ئىچكى جەھەتتە تولۇق هوقۇققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما تاشقى ئىشلارنى هۇنلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېلىپ باراتتى. ئاتتىلا دەۋرىدە بۇنداق بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ سانى 45 كە يەتكەن بولۇپ، كاتولونىيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان 500 مىڭ كىشىلىك هۇن ئىمپىرىيىسى قوشۇنىنىڭ 80 مىڭىنى هۇنلار، قالغان 420 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ قوشۇنى تەشكىل قىلغان. دېمەك، ياۋروپا هۇنلىرى مۇكەممەل تەشكىلىي سىستېمىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق ئۆز جەمئىيىتىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغان.

---

① س.م.ئارسال: «تۈرك تارىخى ۋە هوقۇق»، تۈركچە، 214 ـ بەت.

② ئىبراھىم كافەس ئوغلۇ: «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، تۈركچە، 31 ـ، 32 ـ بەتلەر.

## 2. ھەربىي تۈزۈم ۋە ئۇرۇش تاكتىكىسى

هۇنلارنىڭ ھەربىي ئىشلار تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلاردا ھەر بىر كىشى ھەر ۋاقىت ھەربىي ھالەتتە تۇراتتى. ھەربىي ئىشلارغا قارىتا خۇسۇسىي بىر مەسلەك نەزىرى بىلەن قارايتتى. ئۇلاردىكى ھەربىي قوشۇننىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئەسكەرلەرنىڭ پۈتۈنلەي ياكى ئاساسەن ئاتلىق بولۇشى، مۇئاشلىق بولماسلىقى ۋە دائىم ئۇرۇشقا تەييار ھالەتتە تۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ.

ئات مەدەنىيىتى ياكى ئاتلىق ئۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ئىلگىرى ئالىملار كۆپ خىل كۆز ـ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. بەزى ئالىملار ئات مەدەنىيىتى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تۈزلەڭ رايونلاردا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ كەشپىياتچىلىرى ئىران تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان سكىتلەر، دەپ قارىغانىدى. يەنە بەزىلەر ئارىئانلار ئات مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە ئۇنى دۇنياغا تاراتقان دەپ قاراپ كەلگەن. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئات مەدىنىيىتىنى ۋە ئاتلىق ئۇرۇش تېخنىكىسىنى ياراتقان خەلق، دېگەن قاراش ھازىر ئىلىم ساھەسىدە بارغانسېرى ئۈستۈنلىكنى ئىگەللىمەكتە.

داڭلىق تۈركولوگ ئو . مىنخىن 1908 يىلى ۋېنا ئانتروپولوگىيە ۋە هۇنگىر ئارخېئولوگىيە مەجمۇ ئەلىرىدە ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىدە، شىمالىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ياۋرۇپانىڭ تارىختىن بۇرۇنقى تەتقىقاتلارىغا مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا تېپىلغان ھايۋان سۆڭەكلىرىنى تەتقىق قىلىپ،ھايۋان بېقىشنى كېيىنكى پالېئولىت دەۋرىدە ئورال ـ ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ① ئاتنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيادا قولغا ئۆگىتىلگەنلىكى ھازىر ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلغان بىر ھەقىقەت. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاتنىڭ مىنىك ھايۋانغا ئايلاندۇرۇلۇشى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدىغىنى ئاتنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن يۈك توشۇش، ھارۋىغا قوشۇش ۋە ئۇرۇشتا ئىشلىتىش مەسىلىسىدۇر.

بىرلىكە كەلگە قاراشقا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن 5000 يىللار بۇرۇن ئات قولغا ئۆگىتىلگەن. بوزقىر ـ يايلاق مەدەنىيىتىدە مۇھىم بولغىنى دەل مىنىكچىلىكتۇر. بۇنداق ئېھتىياجنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدە ئەمەس، بەلكى چەكسىز كەتكەن يايلاق ۋەسۇلۇق جايلارنى ئايلىنىش زۆرۈرىيىتىگە تايانغان بوزقىر ـ يايلاق مەدەنىيىتىدە ھىس قىلىنىدىغانلىقى تەبىئىي . دەسلەپتە توپ ـ توپ چارۋا پادىلىرىنى كۆزىتىشنىڭ ئىقتسادىي ۋاستىسى قىلىنغان ئات ناھاتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يەنە ھەربىي مەقسەت ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلدى.س.ۋ. كىسېلېۋنىڭ قارىشچە،ئاندىرنوۋ مەدەنىيىتىنىڭ ئىگىلىرى بولغان بىراكىسفال جەڭگىۋار ئاق ئىرق كىشلىرنىڭ ئەتراپىقا ھۆكۈمران بولۇشىمۇ، ئات مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئو. مىنخىننىڭ

قارىشچە، بوزقىر رايونلىرىدا سۆڭەك مەدەنىيىتى،چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ئات مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەدەنىيەت بولغان. كېيىنكى باسقۇچتا ئات ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان «چارۋىچى جەڭگىۋارلار مەدەنىيىتى» بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ بوزقىر مەدەنىيىتىدە بولۇپمۇ پىروتو تۈركلەرگە خاس مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى تەشكىل قىلغان. ②

ئات ھۇنلارنىڭ ئۇرۇش ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئۇلار يىراق شەرقنىڭ تۇنجى ئاتلىق مىللىتى سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغان، ئاتلىق ئۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ ئەسلى مەنبەسى ھۇنلارغا مەنسۇپ قىلىندۇ. ③ خەنزۇلار ئات مىنىشنى پەقەت مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 300 ـ يىللارغا كەلگەندە ھۇنلاردىن ئۆگەنگەن. ④ ھۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلار ھاياتىدا ئاتنىڭ ئىگىلىگەن رولى توغرىسىدا شەرق ۋە غەرب مەنبەلىرىدە ھەر ۋاقىت ئوخشاش خىلدىكى مەلۇماتلار تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە ھۇن باللىرىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا قوي ۋە قوزىغا مىنىپ ئات مىنىشنى،ئوقيا بىلەن كۆسەتكە ۋە قۇش ئېتىپ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىنى مەشىق قىلدۇرغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. مىلادىيە 4 ـ 6 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ غەرب مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ھۇن باللىرى ماڭالىغۇدەك بولغاندا، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىگەرلەنگەن ئاتتىن بىر ھازىرلىناتتى ھۇنلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ تاماق يەيتتى، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئالاقە قىلىشاتتى، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزەتتى، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇخلايتتى، ئاتنىڭ ئۈستى ھۇنلارنىڭ قارار گاھى ھېسابلىناتتى. ⑤ بۇ خىلدىكى مەلۇماتلار مىلادىيە 14 ـ ئەسىرگە قەدەر تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھاياتى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدىغان جۇڭگو، شەرقىي رىم، رۇس، سۈرىيە ۋە ئىسلام مەنبەلىرىدە دائىم ئۇچرايدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك، يايلاق تۈركلىرىنىڭ چارۋىچىلىق ۋە ھەربىي ئىشلار ھاياتىدا،ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ئاتقا قارىتا بىر خىل مۇقەددەسلىك نەزىرى بىلەن قاراش بارلىققا كەلگەن. ⑥

ھۇنلاردىن باشلاپ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر كۆچلۈك ئورۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنداق قوشۇننىڭ ئاتلىرى سان ـ ساناقسىز ئاتلارنى بەيگىگە سېلىش ئارقىلىق تاللىناتتى. ھۇنلارنىڭ ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى مەشھۇر ھەربىي يۈرۈشلىرىدە، ھۇن ئاتلىق قوشۇننىڭ ھەيۋىسى، جەڭگىۋارلىقى،، باتۇرلۇقى ۋە تېز سۈرئىتى دۇنيا ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغان. ھۇن قوشۇننىڭ تەشكىلى ۋە قوراللىنىش مەسلىسىدە بولسا، ئەڭ چوڭ ئەسكىرىي بىرلىك 10مىڭ كىشىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، بۇ بىرلىكنى « تۈمەن قوشۇن» دەپ ئاتايتتى. تۈمەن قوشۇن ئۆز ئىچىدىن 1000، 100، 10 لۇق بىرلىكلەرگە ئايرىلغان بولۇپ، ھەربىرىگە ئايرىم قوماندانلار تەيىنلىنەتتى. سول ۋە ئوڭ قول سەركەردىلەرنىڭ ئالىي ئىدارە قىلىش ئاستىدا تەربىيىلەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقى ئاستىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان بۇ قوشۇننىڭ «ئونلۇق سىستېمىسى» ئىچىدە، ئون بېشىدىن تۈمەن بېشىغىچە بىر ـ بىرىگە باغلىنىشى ئاساسىي ماھىيىتى ھەربىي خارەكتېرنى ئالغان ھۇنلارنىڭ سىياسىي تەشكىلىنى قەبىلىۋىي ھالەتتىن ئازات قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەتكە ئايلاندۇراتتى. شۇنداقلا خانلىق تەۋەسىدىكى خەلقلەرنى تىنچلىق ۋە ئۇرۇشتا ئورتاق نىشان ئەتراپىغا مەركەزلەشتۈرەتتى.

ھۇن قوشۇنلىرى ئۇرۇشقا چىققاندا ئۈستىگە ساۋۇت (زەنجىر كىيىمى)، بېشىغا دوبۇلغا (تۆمۈرقالپاق) كىيىشەتتى. شەرق ۋە غەرب مەنبەلىرىگە قارىغاندا، ھۇن ئاتلىق قوشۇنلىرى شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار ئۇرۇش قوراللىرى ھېسابلانغان ئوقيا، قىلىچ، نەيزە، تۆمۈرتوقماق، ئاۋازلىق ئوق ۋە ئىلمەكلىك ئوق قاتارلىق قوراللارنى ئىشلەتكەن. ئۇرۇشتا ئوقيا بىلەن قىلىچ ھەممىدىن بەكرەك مۇھىم ئورۇندا تۇرغاچقا، تۈركىي تىللىق مىللەتلىرىنىڭ چۈشەنچىسىدە بۇ ئىككى قورالغا قارىتا سېھىرلىك قاراش مەيدانغا كەلگەن. ياۋروپا ھۇنلىرى ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن «تەڭرى قىلىچى» رىۋايىتى مۇشۇنداق ئاساستا ئوتتۇرىغا چىققان. شۇ سەۋەبلىك ھۇنلار دەۋرىدىن بويان قىلىچ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا كۆلەتنىڭ ۋەكىلى بولغان ھۆكۈمدارنىڭ ھەكمىيەت سىمۋولىدىن بىر بولۇپ كەلگەندىن سىرت، يەنە قوشۇننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭمۇ سىمۋولى قىلىنغان، ⑦

هۇن ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىغا كەلسەك، بۇ توغرىسدا شەرق ۋە غەرپ تارىخچىلىرىدىن سىماچيەن، بەنگۇ، ماركىللىنۇس، جوردانىس، پىرىسكوس ۋە ماتئۇس قاتارلىقلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەلۇمات قالدۇرغان. ياۋروپا شەرقشۇناسلىرى هۇنلاردا كۆرۈلگەن ۋە كېيىنكى تۈركيي تىللىق مىللەتلەردىمۇ ئەينەن تەدبىق قىلىنغان ئۇرۇش تاكتىكىسىنى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى نامى بويىچە «تۇران تاكتىكىسى» دەپ ئاتىغان. بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىدەك ئىدى.

1. چاقماق تېزلىكتە هۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە يالغاندىن چېكىنىپ بۆكتۈرمە قويۇش تاكتىكىسى:

هۇن قوشۇنلىرى ئۇرۇشقا كىرگەندە، ئاتنىڭ تېز سۈرئىتى ۋە نىشانغا تەگكۈزۈش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن زىچ سەپ بولۇپ، كۈچلۈك تۈردە هۇجۇمغا ئۆتكەن دۈشمەن قوشۇنى ئۈستىدىن غالىب كېلەتتى. هۇن ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ ئالاهىدىلىكى، ئايدىڭ كېچىدە چاقماق تېزلىكتە تۇيۇقسىز هۇجۇمغا ئۆتۈپ، قارشى تەرەپ قوشۇنى ئىچىدە پاتپاراقچىلىق پەيدا قىلىپ، بۇ ئارقىلىق بىر قانچە سائەت ئىچىدىلا كۆزلىگەن نەتىجىگە يېتىشنى مەقسەت قىلاتتى. ئاتتىلا ئۇرۇشقا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن يېنىدىكى پالچىلارغا قوي سۆڭىكىنى كۆيدۈرۈپ پال سالدۇرۇپ باقاتتى. هۇن ئاتلىق قوشۇنلارى ئۇرۇش ئۇرۇنغا سورۇلۇش ئېهتىمالى ياكى پايدىسىز ئەهۋال كۆرۈلسە، ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا قاراپ، ئۆزلىكىدىن تارقىلىپ كېتەتتى،كەينىدىنلا قايتىدىن بىرلىشەتتى. بەزىبىر تارىخچىلار تەرىپىدىن ئاتالمىش «تەشكىلاتسىز ۋە ئىنتىزامسىز »دەپ يېزىلغان بۇ خىل ئۇرۇش تاكتىكىسى، هۇن قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاهىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىدى. مۇشۇ خىل ئۇرۇش قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان هۇن ئۇرۇش تاكتىكىسىنىڭ ئىككى خىل خۇسۇسىيىتى بولغان. ئۇنىڭ بىرى، يالغاندىن چېكىنىش يەنە بىرى، بۆكتۈرمە قويۇش ئۇسۇلى ئىدى. بۇنىڭدا يالغاندىن چېكىنگەن بولۇپ، دۈشمەن قوشۇننى بۆكتۈرمە قويغان يەرگىچە باشلاپ بېرىپ،ئاندىن كېيىن قورشاۋغا ئېلىپ يوقۇتاتتى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200 - يىلى تۈز بەرگەن بەيدىڭ مۇهاسىرىسى ۋە مىلادىيە 374 - يىلى گوت خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلىشىدا، هۇنلار مانا مۇشۇ تاكتىكىنى قوللانغان. تارىخچىلار بۇ تاكتىكىنى «بۆرە ئويۇنى» دەپ ئاتايدۇ.

2. كىچىك هۇجۇمچى قىسىملارنى ئەۋەتىپ كۆزىتىش ۋە تەشۋىقات تارقىتىش تاكتىكىسى:

هۇنلار ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن كېڭەش چاقىراتتى. ئاسىيا هۇنلىرىدا هەربىي ئىشلارغا دائىر مەسىلەرنى هەر يىلى 9 - ئايدا ئېچىلىدىغان كېڭەشتە مۇزاكىرە قىلىناتتى. چارۋا - ماللارنىڭ سانىنى ئېلىش، قوشۇن تەشكىللەش ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان بۇ يىغىلىشنى د.گىروئىت، ۋىئگىر، سىجىمىدىت ۋە سىزاكىس قاتارلىقلار «مىللەت مەجلىسى »ياكى «ئىمپېرىيە مەجلىسى »دەپ ئاتىغان. ياۋروپا هۇنلىرىدىكى بۇ خىل يىغىلىشنى شەرقىي رىم تارىخچىسى پىرىسكوس «ۋەكىللەر مەجلىسى»ياكى «هەيئەتلەر يىغىنى »دەپ ئاتىغان.تۈرك ئالىمى ب. ئۆگەلنىڭ كۆرسىتىشىچە، هۇنلار يەنە قەرەلسىز هالدا«ئۇرۇش قۇرۇلتىيى »چاقىرىپ تۇراتتى.

هۇنلار مەجلىستە (قۇرۇلتايدا)ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، ئالدىن كۆزەتكۈچى قىسىم تەشكىللەپ، ئۇرۇشۇ مەيدانىنىڭ ئەمەلىي شارائىتىنى ۋە دۈشمەننىڭ ئەهۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئاتلاندۇراتتى. هۇنلاردا هۇجۇم نىشانى ئىككى ئاساسقا تايىناتتى. ئۇنىڭ بىرى ئالدىن كۆزىتىش سەپىرى، يەنە بىرى يوقىتىش ئۇرۇشى قىلىش ئىدى.ئىگىلىمەكچى بولغان جايلار قانچىلىك يىراقتا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئالدىن كۆزىتىش شەرت قىلىناتتى. بۇنداق كۆزئىتىش خارەكتېرىدىكى سەپەر گاهىدا بىر قانچە يىل داۋاملىشاتتى. هۇنلارنىڭ ياۋروپانى ئىشغال قىلىشى، كېيىنكى چاغلاردا ئوغۇزلارنىڭ كىچىك ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى، مۇشۇ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان. هۇنلار ياۋروپاغا كۆچكەندە، ئۇلار ئالانلار زېمىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن مىلادىيە 374 - يىلى ئىتىل دەرياسىنىڭ بويىدا پەيدا بولغان ۋە ناهايىتى تېزلا گوت دۆلىتىنى يوقاتقان. گوتلار ئاغدۇرلغاندىن كېيىن، هۇنلار گوت، ئالان، گېرمان ۋە تەيفال قاتارلىق مىللەتلەردىن تەشكىل قىلىنغان ياردەمچى قىسىم بىلەن مىلادىيە 378 - يىلى دوناي دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، رىم ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى تىراكىياغىچە (بۈگۈنكى هۇنگرىيەدە) ئىلگىرلەپ بارغان بولۇپ، ئۇلار كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان

ئالدىن يۈرگۈچى قىسىم ئىدى.

ھۇنلار كۆزىتىش سەپىرى ئارقىلىق ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا قارار چىقارغاندىن كېيىن، چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئاساسىي مەركىزى، مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرى ۋە خام ئەشيا مەنبەلىرىگە قاراپ ھۇجۇم قىلاتتى. ھۇنلار ئالدىن كۆزىتىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇلى ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا، دۈشمەن قوشۇنىنى روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى تارقىتىپ، شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈرۈپ، ھۇن قوشۇنىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ۋە كۆپ ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلاتتى. ئاتتىلانىڭ «تەڭرى قامچىسى»دەپ ئاتىلىپ، پۈتۈن خرىستىئان دۇنياسىنى جازالاش ئۈچۈن، تەڭرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغانىدى.

3 ـ چېگرا بويىدا بەلگىلىك كەڭلىكتىكى جايىنى ئاق قالدۇرۇش ئارقىلىق مۇداپىيە كۆرۈش تاكتىكىسى:

ھۇنلار ئۆز دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋە قوشنا ئەللەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ،ئېغىر تالاپەت پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چېگرا بويىدا بەلگىلىك كەڭلىكتىكى جايىنى ئادەمسىز رايون قىلىپ ئايرىپ قوياتتى. ئاسىيا ھۇنلىرىدا شەرقتىكى تۇڭگۇسلار بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايدا مىڭ چاقىرىمدىن ئوشۇقراق كېلىدىغان ئادەمسىز رايون ئايرىلغان. ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ مەشھۇر ئېمپېراتورى ئاتتىلا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مىلادىيە 448 ـ يىلى شەرقىي رىم بىلەن ئىمزالىغان «ئاناتولىس شەرتنامىسى»دا، دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن بەش كۈنلۈك مۇساپىدىكى بىر جايىنى شەرقىي رىمنىڭ ئەسكەر ۋە پۇقرالىرىدىن خالىي جاي قىلىپ ئايرىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شۇندا قىلدۇرغان.⑧

4 ـ ھەربىي مەنىۋىر خاراكتېرىدىكى دائىملىق تەنتەربىيە ھەرىكىتى:

ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە، ئالدىن كۆزىتىش، چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇمغا ئۆتۈش، يوقىتىش ئۇرۇشى قاتارلىق بىر قاتار ھەربىي مۇھىت ئىچىدە يېتىشكەن ھۇنلارنىڭ، داۋاملىق ھالدا غەلىبىگە ئېرىشىشتىكى ئاساسلىق سەۋەبلەردىن بىرى، ھەربىي مانېۋىر خاراكتېرىدىكى دائىملىق تەنتەربىيە ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئىدى. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تارىخى مەنبەلىرىدىن قارىغاندا، ھۇنلاردا ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش ھەربىر كىشىنىڭ تەبىي مەشغۇلاتلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى.

ئات بەيگىسى، ئات ئۈستىدە چۇماقلىشىش (جىرت)، دىسكا ئېتىش، چېلىشىش، قۇشچىلىق (يىرتقۇچ قۇشلارنى ئوۋلاش) ۋە باشقىلار ھۇنلارنىڭ تۆرلۈك توپ ئويۇنلىرى ـ پوتبول، گولف، پولو(ئاتلىق توپ ئويۇنى)ھۇنلاردىن ئېتىبارەن تۈركىي قوۋملىرى ئارىسىدا ئوينالغان بولۇپ،بۇ كۆك تۈرۈكلەر دەۋرىدە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكە تارقالغان.⑨تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ بوزقىرلىرىدا ئاپرېل ۋە ماي ئېيىنىڭ دەسلەپكى ھاۋا گۈلدۈرلىگەن چاغلىرىدا باشلىنىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلىق كۆڭۈل ئېچىش باھار بايراملىرىدىمۇ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئات بەيگىسى ۋە تۈرلۈك مۇسابىقىلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئوۋچىلىق ئىدى. بولۇپمۇ مىڭلىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئوۋ ھەرىكىتى ھەقىقەتەن بىر خىل ھەربىي مانېۋىر خارەكتېرىگە ئىگە ئىدى. خەنزۇچە مەنبەلىرىگە قارىغاندا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 62 ـ يىلى ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇشۇ خىلدىكى بىر قېتىملىق ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئوۋ ھەرىكىتىگە 100 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر قاتناشقانىدى. يەنە بىر ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئوۋ ھەرىكىتىدە 700 چاقىرىم (350 كىلومېتىر) كېلىدىغان بىر دائىرە قورشاۋغا ئېلىنغان. ئاتتىلانىڭ ئەڭ چوڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئوۋچىلىق بولۇپ، ئوۋ ھەرىكىتىگە نەچچە ئون مىڭ ھۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىدىغانلىقى غەرب مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان.

ھەربىي مانېۋىر خارەكتېرىدىكى دائىملىق تەنتەربىيە ھەرىكىتى نەتىجىسىدە چاققان، چەبدەس ۋە جەڭگىۋار روھى بىلەن ئۇرۇشتا باتۇرلۇق خىسلىتىنى ياراتقان ھۇن قوشۇنىنىڭ «تۇران تاكتىكىسى»، كېيىن ھەر قايسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تەرىپىدىن تەدبىقلانغاندىن سىرت، يەنە باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغانىدى ھەربىي يۈرۈش مەزگىلىدە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا ۋە ئوخشىمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا ئاسانلا ماسلىشىپ كېتىشى بىلەن، زامانىمىزدىكى تەتقىقاتچىلارنىمۇ ھەيران قالدۇرغان ھۇن

قوشۇننىڭ تەلىم ـ تەربىيە، تەشكىلى ـ ئىنتىزامى، كۈچ ـ قۇدرىتى، تاكتىكىسى ۋە ئۇرۇش قوراللىنىڭ ئىلغارلىقى باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلنغان تۈنجى بوز قىر مۇئەسسەسدۇر. ⑩

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قوشۇننى «تۇران تاكتىكىسى» بويىچە تەشكىللەش ۋە قۇراللاندۇرش تەشەببۇسى ئەڭ دەسلەپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 318 ـ يىلىدىكى كېلىشىمگە داخىل بولۇپ، ھۇنلارنىڭ ھەربىي ياردىمگە ئېرىشكەن جاۋ بەگلىكىدىكى ۋۇلىڭ دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 325 ـ 298 ـ يىللار )ئوتتۇرىغا قويۇلغان، چىن سۇلالىسىنىڭ پادشاھى چىن شىخۋاڭ دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 ـ 209 ـ يىللار )تېخىمۇ كۈچەيگەن، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 141 ـ 89 ـ يىللار)قۇماندان خۇچۇبىڭ بىلەن ۋېي چىڭ تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلغانىدى. خۇچۇبىڭ «تۇران تاكتىكىسى»نى قوللانغان تۇنجى باشقا مىللەت قوماندانى دەپ قارالماقتا. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئات مىنىش مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 300 ـ يىلى ھۇنلاردىن قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەش ۋاستىسى بىلەن ئەسلىدە بوز قىر ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە خاس بولغان ئىشتان ـ چاپان، قۇلاقچا ۋە ئۆتۈك جۇڭگوغا ئېلىپ كىرىلدى. يەنە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئوۋ ھەرىكىتىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كۆرۈلدى. بۇ ئىسلاھات ۋە تەقلىدىلەر كۆك تۈرۈكلەر دەۋرىدىمۇ ئېلىپ بېرىلدى. (11)

ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا كۆچۈپ بېرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە ئۇرۇش تاكتىكىسى ياۋرۇپادا ناھايىتى تېزلا ئۆز تەسىرىنى كۆرستىشكە باشلىدى. مۇشۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ، رىم قوشۇننىڭ تەشكىلىي تۈزۈمىدە «ئونلۇق سىستېمىسى» قورالىغا ئايلاندى. ھازىرقى ئەنگلىيىدە نۇرغۇن ھۇنچە قورال ياسايدىغان زاۋۇتلار قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھۇنلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك فورمىسىمۇ غەربلىكلەر تەرىپىدىن تونۇلۇپ قوبۇل قىلىندى.

ھۇن قوشۇننىڭ قوراللىنىشى ۋە ئۇرۇش تاكتىكىسى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. شەرقىي رىمدە قوشۇن ھۇن قوشۇنغا تەدبىقلىنىپلا قالماي، يەنە ئىمپېراتورلار تەرىپىدىنمۇ بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرى يېزىلغان. ئىمپېراتور ھىراكلىئوسنىڭ «تاكتېكا» دىگەن ئەسىرىدە مىلادىيە 700 ـ يىلى مائىكوس تەرىپىدىن يېزىلغان «ئىستراتېگىيە» دىگەن ئەسەردە ۋە ئىمپېراتور لىئوننىڭ «تاكتېكا» دىگەن ئەسىرىدە ھۇن، ئوغۇر (بولغار)، كۆك تۈرك، پەچىنەك ۋە ماجارلارنىڭ قوشۇن تەشكىلىي ۋە ئۇرۇش تېكتېكىسى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان، ھەمدە شەرقىي رىمدىمۇ مۇشۇ شەكىلدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ لازىملىقى ئوتتۇرغا قويۇلغان. شەرقىي رىمنىڭ داڭلىق قوماندانى نارسېسنىڭ مىلادىيە 552 ـ يىلى ئىتالىيىدىكى گوتلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشدا، «تۇران تاكتېكىسى»نى قوللانغانلىقى تارچى ئاگاتخاسنىڭ ئەسىرىدىن مەلۇم. رۇسلارمۇ كېيىۋ كىنەزلىكى دەۋرىدىن ئېتىبارەن ئۆز قوشۇننى مازار، پەچىنەك ۋە قۇمان ـ قىپچاق ئۇسۇلىدا تەشكىللىگەن ۋە قوراللاندۇرغان. چىڭگىزخانمۇ مىلادىيە 1206 ـ يىلى ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپ، مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئۇ، مۇڭغۇل ـ تۈرك قوشۇننى ھۇنلاردىن تەشكىللىگەن، قوراللاندۇرغان ۋە ئۇرۇش قىلغان.

---

① ئا. زەكى ۋەلىدىن تۇغا: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 10 ـ بەت.

② ل. راسونى: «تارىختا تۈركلۈك» ، تۈركچە، 4 ـ بەت.

③ «تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 19 ـ توم، 382 ـ بەت.

④ ۋ ئېبىرخاردا: «چىن مەنبەلىرىگە كۆرە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئات جىنسلىرى»، «ئ ۇلكۇ»، تۈركچە، 62 ـ سان، 189 ـ بەت.

⑤ ۋاكزىي: «ئاتىللا ۋە ھۇنلار»، تۈركچە، 91 ـ بەت.

⑥ ئا. جافەر ئوغلۇ: «تۈركىي خەلقلىرىدە ئات ئېتىقادى»، «M T ژورنىلى»، تۈركچە، 1953 ـ يىل، 201 ـ بەت.

⑦ ئايدىن تانەرى : «تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسى» ، تۈركچە، 201 ـ بەت.

.ئىسلام ئىنسكوپېدىيىسى» ، تۈركچە ، 12 ـ جىلد ،2 ـ جىلد ، 236 ـ بەت»⑧

ۋ. ئېبىرخارد : «چىن مەنبەلىرىگە كۆرە تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىدا سىپورت» ، «ئۈلكۈ» ،تۈركچە ، ⑨
.87 ـ سان ، 209 ـ ، 215 ـ بەتلەر

.ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە ، 12 ـ توم ، 2 ـ جىلد ، 236 ـ بەت»⑩

.ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە ، 12 ـ توم ، 2 ـ جىلد ، 236 ـ بەت»⑪

.گ. فىھر: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ ياۋرۇپاغا تەسىرى» ، تۈركچە ، 316 ـ بەت ⑫

### قانۇن ـ ئەدلىيە .3

بىز ھۇنلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى توغرىسىدا ، قەدىمقى خەنزۇچە يىلنامىلەر ۋە غەربنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى مەلۇماتلارنى ئاساس قىلىمىز. ھۇن تارىخىغا دائىر نوپۇزلۇق تەتقىقات ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە ، ھۇن جەمئىيىتىدە تۆرە قانۇنى ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە كەسكىن ئىجرا قىلىنغان. تۆرە ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنى بولۇش بىلەن بىرگە ، «ئىجتىمائىي ھاياتنى تەرتىپكە سالغۇچى مەجبۇرىي قائىدىلەرنىڭ بىرلىكى» ① ئىدى. ئاتاغلىق باشقىرت ئالىمى ئا. زەكى ۋەلىدى توغان ئۆزىنىڭ «ئومۇمىي تۈرك تارىخى كىرىش» دېگەن كىتابىنىڭ 112 ـ بېتىدە ، ھەر ۋاقىت ناھايىتى ئاددىي ۋە ئېلاستىكلىق بىر تەشكىلات سىستېمىسىغا يەنى ‹تۆرە› دەپ ئاتىلىدىغان ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنىغا تايانغاندۇر. بۇ سىستېما ئەڭ كىچىك بىر تەشكىلات بولغىنىغا ئوخشاش ، ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋرۇپا مىقياسىدىكى كەڭ تەشكىلاتلاردىمۇ ئاشۇنداق قولايلىق بىلەن تەدبىقلانغان........ مەتە (باتۇر) ، ئاتىللا ، تۇن يايغۇ ، چىڭگىز ۋە تۆمۈر قاتارلىق ھۆكۈمدارلار ، بۇ ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنى بويىچە ئىش كۆرەتتى. بۇ ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنى كىتابلاردا .يېزىلغان بولماستىن ، بەلكى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا داۋاملىشىپ كەلگەن دەپ يازغان
شەرق ۋە غەرب مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا ، ھۇنلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى ئۇلارنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، ھەربىي ئىشلار ، نىكاھ ، ئەخلاق ، ئۆرپ ـ ئادەت ، قائىدە ـ رەسمىيەت ، جىنايى ـ جازا ۋە ھەرىكەت مىزانى قاتارلىق تەرەپلەردە گەۋدىلەنگەن. ھۇن قانۇنى ناھايىتى ئادىل ، ھەققانىي ، باراۋەرلىكنى ياقلاشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن شۇ دەۋرىدىكى باشقا مىللەت قانۇن ـ تۈزۈملىرىدىن پەرقلىق بولغان. ھۇن پۇقرالىرى قانۇنىنىڭ ھىمايىسى بىلەن جەمئىيەتتە ھۆر ، ئەركىن ۋە باراۋەر ياشىغان. شەرقىي رىم تارىخچىسى پىرىسكوسنىڭ مەلۇماتىدا ، بىر شەرقىي رىملىقنىڭ شەرقىي رىمدا كىشىلەرنىڭ نازارەت ۋە بېسىم ئاستىدا تۇرىدىغانلىقى ، لېكىن ھۇن ئىمپېرىيىسىدە ئۆزىنىڭ ھۇنلارغا ئوخشاش تىنىچ ۋە ئەركىن ياشاۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغانلىقى خاتىرلەنگەن. «تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى» نىڭ «ئاياللار ھوقۇقى» ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھۇنلارغا كەلسەك ، مەيلى ئاسىيا ھۇنلىرى بولسۇن ياكى ياۋرۇپا ھۇنلىرى بولسۇن ، بارلىق مىللەتلەر بۇ ھەقتە سۆز ئاچىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋرۇپانىڭ غەربىي قىرغاقلىرىغا قەدەر سوزۇلغان بۇ كەڭ رايونلاردا ، ھۇنلار داۋاملىق ھالدا ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغاچقا ، ئەر ۋە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم. خەنزۇلار ۋە شەرقىي رىملىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئىمپېراتورنىڭ يېنىدا خانىشنىڭمۇ ئورۇن ئېلىشى ھەر ئىككىلىسىنىڭ دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ② مەنبەلەردە ھۇنلارنىڭ ئەسىرگە ئېلىنغانلارنىمۇ ئائىلە ئەزالىرى قاتارىدا كۆرگەنلىكى ئۇچرايدۇ. داڭلىق تۈرك ئالىمى ب. ئۆگەل ھۇنلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمى توغرىسىدا توختالغاندا: «ھۇن ئىمپېرىيىسى مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەت تۈزۈمى بولماستىن ، بەلكى دېمۇكراتىزىم ئىدى» ③ دەپ كۆرسەتكەنىدى. دېمەك ، شۇ دەۋرىدىكى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ، ھۇن .جەمئىيىتى ئادىل قانۇن ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى
ھۇن قانۇنىدا پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدا ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيىتىمۇ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئۇلار چارۋا ـماللىرىنىڭ سانىغا قاراپ باج تاپشۇرغاندىن سىرت ، جىدىي

.پەيتتە ئۆزىنىڭ ئېتى ۋە قورال - ياراقلىرىنى تەييارلاپ ئۇرۇشقا قاتنىششى شەرت ئىدى
ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ جىنايى جازا قانۇنى ناھايىتى روشەن ئىدى. ساقلىنىپ قالغان پاكىتلارغا
ئاساسلانغاندا، ئاسىيلىق قىلغان كىشلەرگە ۋە ئوغرىلىق قىلغان كىشلەرنىڭ جىنايىتى ئېغىر بولغانلارغا ئۆلۈم
جازاسى بېرىلەتتى. چەت ئەل ئەمەلدارلىرى ۋە ئىغۋاگەرلەرچىلىك قىلىپ، ھۇنلارغا قارشى تەتۈر تەشۋىقات
تارقاتسا، چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، قايتا كېلىشى مەنئىي قىلىناتتى. رۇگا دەۋرىدە شەرقىي رىم
ئىمپېرىيىسىنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرى ھۇن ئىمپېرىيىسىدە سودىگەر، سەيياھ ۋە ئويۇن قويغۇچى قىياپىتىگە
كىرىۋېلىپ، ھۇن پۇقرالىرىنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۇشكۇرتكەن. رۇگا بۇ ئەھۋالنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى
تۇتۇپ كېلىپ جىنايىتىنى ئىقرار قىلدۇرغاندىن كېيىن، چېگرادىن قوغلاپ چىقارغان. رۇگا بۇنى شەرقىي رىم
④ .بىلەن تۈزگەن شەرتنامىنىڭ بىر ماددىسى قىلىپ كىرگۈزگەن
ھۇنلارنىڭ ئەدلىيە تەشكىلاتى بىرى ئىمپېراتور باشچىلىقىدىكى ئالىي (دۆلەت) سوت مەھكىمىسى
(يارغۇ)، يەنە بىرى يارغانلار (سوتچىلار) ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى كىشلەردىن تەشكىل تاپقان ھەيئەتتىن
ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان. ئاتىللا ئۆزىگە سۇيىقەست پىلانلىغان بېگلارنى ئەدلىيە سوتلىغاندا،
جىنىيەتچىنىڭ ئىقرارى ۋە پوزىتسىيىسىگە قارايتتى. بېرىلىدىغان ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلغان. ئاتىللانىڭ
يۈرگۈزگەن ئۆلۈم جازاسى ئادەتتە دارغا ئېسىش ۋە موما ياغىچىنىڭ ئۇچىغا باغلاپ، يىرتقۇچ قۇشلارغا يەم
.قىلىپ ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئىجرا قىلىناتتى
ھۇن قانۇنىنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ ئالاھىدە بىر بەلگىسى - بۈگۈنكى كۈندىكى خەلقئارا قانۇنىنىڭ
دەسلەپكى بەلگىلىرىنىڭ ھۇن قانۇنىدا كۆرۈلۈشى ئىدى. ھۇنلار قوشنا دۆلەتلەر بىلەن شەرتنامە - كېلىشىم
تۈزۈپ، تىنچلىق ئورنىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭ ماددىلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلغان.
قوشنا ئەللەر شەرتنمە - كېلىشىمنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، تىنچلىقنى بۇزغاندا، ھۇنلار ئىلگىركى
تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇ دۆلەتكە قارشى جازا يۈرۈشى قىلاتتى. ئاتىللانىڭ
.مىلادىيە 441 - يىلى ۋە 447 - يىلى ئېلىپ بارغان يالقان يۈرۈشى مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەرگەن
ھۇنلارنىڭ، نىكاھ ئادىتىدە بىر ئەر - بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ⑤ ھۇنلار ئوتتۇرا
ئاسىيادا ياشاۋاتقان چاغدا، ئۇلاردا يەنە ئاتىسى ئۆلسە ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى ئالىدىغان، ئاكىسى ئۆلسە
ئىنىسى يەڭگىسىنى ئالىدىغان ئادەتمۇ بولغان. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىدى ئۆز نەسەبىنى ساقلاپ،
تۇل خوتۇنلارنى تىزگىنلەش ئىدى. بۇ خىل ئادەت كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇرلاردىمۇ بولمىغان. ھۇنلار ياۋروپاغا
كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلاردا بۇ خىل ئادەت بولمىغان. بۇدا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خانىشىنىڭ
تۇل ھالەتتە يالغۇز ئۆتىشى، ياۋروپا ھۇنلىرىدا ھەر قانداق ئەھۋالدا بىر ئەر - بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمىنىڭ روشەن
.ھالدا يولغا قويۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ

---

.س. م. ئارسال: «تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇق»، تۈركچە، 237 - بەت①
.تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 19 - توم، 91 - بەت»②
.ب. ئۆگەل: «تۈركلەردە دۆلەت چۈشەنچىسى»، تۈركچە، 116 - بەت③
.سىزكىس: «ھۇنلار»، تۈركچە، 178 - بەت④
ز.ۋ. فىندىكئوغلۇ : «تۈرك ئائىلە سوتسىيالوگىيىسى» . «ھوقۇقلۇق فاكۇلتېتى ژورنىلى»، تۈركچە، ⑤
.1946 - يىلى، 266 - بەت

## 4. ئىقتىساد - سودا

ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى ياۋروپا سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىغا ناھايىتى زور تەسىر
كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى يەنە ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىغىمۇ بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ھۇن
ئىمپېرىيىسى ئىتتىپاقىغا تۈرك، فىن - ئۇغۇر، ئىران، سلاۋيان ۋە گېرمان مىللەتلىرىدىن بولۇپ، 45 تىن ئارتۇق
مىللەت قارىغانىدى. بۇ ئوخشىمىغان تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر يەنە ئوخشىمىغان جەمئىيەت ۋە ئىقتىساد

باسقۇچدا ياشايتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانسا، بەزىلىرى چارۋىچىلىق بىلەن، يەنە بەزىلىرى ئورمانلىقلاردا ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ مىللەتلەر تىنچ كۈنلەردە ئۆز ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېرىشكەن مەھسۇلاتلىرىدىن بەلگىلەنگەن مىقداردا ھۇنلارغا باج تاپشۇراتتى. ئۇرۇش كۈنلىرىدە بولسا ئۆزىنىڭ پادىشاھى ۋە قوماندانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھۇن ئىمپېراتورى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، جەڭگە قاتنىشاتتى. قەدىمكى غەرب تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ھۇنلار قارا دېڭىز بويلىرىدىن دوناي دەرياسىغىچە بولغان جايلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جايلار سۇيى مول، ئوت ـ چۆپلىرى بۇلۇق ئۆسكەن جاي بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ناھايىتى ماس كېلەتتى. ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق چارۋا ـ ماللىرى ئات ۋە قوي ئىدى. بۇ ھەقتە ئامىئاس مۇنداق يازغان: «ھۇنلار كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپلا ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە سوغاققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇپ چوڭ بولاتتى. ھۇنلار بىر جايدىن يەنە بىر جايغا قاراپ كۆچكەندە، ئۈستىگە چېدىر ئۆي قۇراشتۇرۇلغان ھارۋىلارنىڭ ئالدىدا چارۋا ـ ماللىرىنى ھەيدەپ ماڭاتتى. ئاياللار ھارۋا ئۈستىدىكى چېدىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ رەخت توقۇيتى. كىيىم ـ كېچەك تىكەتتى. ① ھۇنلارنىڭ شۇنچە تېز ئارىدا زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئاتلىق ئۇرۇش تېخنىكىسىغا ماھىرلىقىدىن بولغانىدى. ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسىدە ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلار پۈتۈنلەي ئاتلىق قوشۇن ئىدى. مانا شۇنداق كۆپ ئەسكەرلەرگە كېتىدىغان ئات مەنبەسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھۇنلار چارۋىچىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مىلادىيە 4 ـ 6 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان غەرب تارىخچىلىرى ھۇن باللىرى ماڭالايدىغان بولغاندا، ئۇلارنى يېنىدا ئىگەرلەنگە ئاتتىن بىرى تەييار تۇراتتى. ھۇنلار ئات ئۈستىدە قورۇلتاي ئېچىپ، ئات ئۈستىدە بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقە قىلاتتى. ئات ئۈستىدە تۇرۇپ غىزالىناتتى. ھەتتا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇخلايتى، دەپ يازغان. مانا بۇلار ھۇنلارنىڭ ھاياتىدا ئاتنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھۇنلارنىڭ تاشقى سودىسى ئاساسەن شەرقىي رىم بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. ھۇن سودىگەرلىرى چېگرا بويىدىكى بەلگىلەنگەن شەھەرلەردە شەرقىي رىم سودىگەرلىرىگە ئات، قوي، يۇڭ ـ تېرە، كىيىم ـ كېچەك ۋە قىلىچ قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرىنى ساتاتتى. ھۇن ئاياللىرى تىككەن ئەرەنچە ۋە ئايالچە كۆڭلەكلەر شەرق رىم ۋە پۈتكۈل ياۋروپادا ئەتىۋارلىنىپ كىيىدىغان مودا كىيىمگە ئايلانغان.

ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق يېمەك ـ ئىچمىكى گۆش تۈرىدىكى تاماقلار ۋە قىمىزدىن ئىبارەت بولۇپ، ھۇنلار قىمىزنى «كامۇن: ياكى «مەدۇس» دەپ ئاتايتى. ھۇنلار ئۇرۇشقا چىققاندا، ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاپ يېيىش ئۈچۈن گۆشتىن قورۇتۇلغان يېمەكلىك (كونسېرۋا) ياساپ، ئاتنىڭ ئىگىرىگە ئېسىۋالاتتى. شۇ ۋاقىتتا قەدەر بۇنداق يېمەكلىكنى (گۆش كونسېرۋاسىنى) كۆرۈپ باقمىغان ياۋروپالىقلار، ھۇنلانىڭ بۇ خىل يېمەكلىكىگە بەكمۇ ھەيران قالغان.

---

ر. گىرۇست: «بورقىر ئىمپېرىيىسى»، تۈركچە، 89 ـ بەت ①

## 5. مەدەنىيەت ـ سەنئەت

### 1. تىل

تىلشۇناسلار ۋە تارىخلار قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەر ۋە غەرب مەنبەلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ھۇنچە سۆزلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ھۇنلارنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەنلىكىنى تەل ـ تۆكۈس ئىسپاتلىدى. شۇنداقتىمۇ ھۇنلار ياۋروپادىكى گىرىك، گېرمان، سىلاۋيان ۋە فىن ـ ئوغۇر مىللەتلىرى بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ تىلىدىن بىر مۇنچە سۆزلەرنىمۇ قوبۇل قىلغان. شۇڭا، ھۇنلارنىڭ ساقلىنىپ قالغان تىل يادىكارلىقلىرىدىن سۆز ئاچقاندا، ئەلۋەتتە بۇ تەرەپلەرگە سەل

.قارىماسلىق كېرەك
غەرب مەنبەلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ھۇن تىلى يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كىشى ئىسىملىرى، ئاز
بىر قىسمى بولسا جىنىس ئىسىملىرى ھېساپلىنىدۇ. تىلشۇناسلار ھۇنچە سۆزلەرنى مۇشۇ ئىككى تۈر بويىچە
.ئىزاھلىغان. تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتىكى بايانلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز

1. كىشى ئىسىملىرى:

ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ بۈيۈك ئىمپېراتورى ئاتىللانىڭ ئىسمى قەدىمكى ھۇنچە قەدىمقى غەرب
مەنبەلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك تىلغا ئېلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئىسمىنىڭ تۈركچە «ئاتىل» ياكى «ئەتىل»
.دىگەن ئىسىمدىن كېلىپ چىققانلىقىنى باشتا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق
مىلادىيە 400 ـ يىلىدىن 422 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ھۇن ئىمپېراتورى گىرېك ۋە لاتىن
مەنبەلىرىدە «ئولدىز»، «ئۇلدىن» ، «خۇلدىن» ، «يىلدىز» ، «يۇلتۇز» دىگەندەك بولىدۇ، دەپ
.چۈشەندۈرگەن
.قاراتون دىگەن ئىسىم بىرەك ھالدا «قارا چاپان» دەپ چۈشەندۈرۈلمەكتە
پىرىسكوسنىڭ ئەسىرىدە «ئويبارسئوس» دىگەن شەكىلدە يېزىلغان ئىسمىدىكى «ئئوس» گىرېك تىلىدا
قوشۇمچە ھېساپلىناتتى. گىرېكلارنىڭ باشقا تىللاردىكى «ئا» تاۋۇشى ئۈچۈن بەزىدە يەنە «ئو» ھەرپىنى
ئىشلەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئالىدىغان بولساق، بۇ ئىسمنى «ئايبارس» دەپ ئوقۇشقا بولىدۇ. ئايبارس تۈركچە
ئىسىم ھېسابلىنىدۇ. يەنە مىسال ئالىدىغان بولساق، ئايتاش، ئايبەگ، ئايتەمۇر، ئايدۇت، ئايتېكىن،
تايبارس، بۆرىباس، قاربارسى دىگەن ئىسىملار قەدىمكى تۈركىي تىلدا كەڭ قوللىنىلغان. پىرىسكوس
ھۇنلارنىڭ بىر قوماندانىنى «ئۆنېگسوس» دەپ يازغان. سىزاكس بۇ ئىسمنى تۈركچە «ئون ئىككى» دىگەن
.مەنىدە ئىزاھلىغان
ئاتىللانىڭ دادىسىنى پىرىسكوس «مۇندىئوكوس» ، جوردانىس «موندزۇك» شەكلىدە يازغان. ھۇنگر
رىۋايەتلىرىدە بەندەگۆز» دىيىلگەن. گ. نېمېز بۇ ئىسمنى تۈركچە «مۇنجۇق» دەپ ئوقىغان. قەدىمكى
تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئەر مۇنجۇق دىگەن ئىسىم كەڭ قوللىنىلغان. مۇنجۇق تۈركىي تىلدا «ئەينەكتىن
ياكى تاشتىن ياسالغان ئوتتۇرىسدا تۆشۈكى بار زىننەت بويۇمى» دىگەنلىك بولاتتى. يەنە «ئۈنچە ـ
مەرۋايىت، مارجان، تۇمار» ۋە «بايراق» دىگەن مەنىلىرىمۇ بار ئىدى. مۇنجۇق قەدىمدە ۋە «بۇنچۇق»،
«مۇنچۇق» ، «مۇنچۇق»، «مۇنچۇق»، «مۇنچاق»، «مۇنشاق»، «مۇنساق»، «مۇنىشاق»،
① .«مۇنىساق»، «مويىنساق»، «مۇيىنساق» دەپمۇ ئاتىلاتتى
ئاتىللانىڭ ئاكىسى شەرقىي رىم مەنبەلىرىدە «بلەداس» ، «بلىداس» ، «بدەلا» ، «بدەللا» لاتىن
مەنبەلىرىدە «بلەدا» ، «گېمان رىۋايەتلىرىدە بلۆدەل» ، «بلۆدەلىن» ، «بلۆدەللىن» دىيىلگەن. ھۇنگر
تىلى ۋە رىۋايەتلىرىدە «بۇدا» دىگەن شەكىلدە تىلغان ئېلىنغان. تىلشۇناسلار بۇدا ۋە رۇگا دىگەن ئىسمنى
② .گوت مەنبەلىك ئىسىم دەپ قارىماقتا
شەرقىي رىم مەنبەلىرىدە ھۇنلارنىڭ قوماندانلىرىنىڭ ئىسمى سۈپىتىدە «باسكىن» ۋە «كۇرسكخىن»
دىگەن ئىككى ئىسىم تىلغا ئېلىنغان. ۋامبېرى بۇ ئىسىملارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، تۈركچە بارسىق ۋە
قۇرسىق دەپ ئوقىغان. ئاتاقام ۋە ئەشقام دىگەن ئىسىملارنى گ. نېمېز «ئاتا شامان» ۋە «ئەش شامان» دەپ
ئىزاھلاش بىلەن بىرگە، ئالدىنقىسىدىكى «ئاتا» سۆزىنى بۇ شامانغا ھۆرمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان،
③ .دەيدۇ
ئاتىللانىڭ چوڭ خانىشىنىڭ ئىسمى پىرىسكوسنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە «كرېكا» ، «خېركا» ، «ئېرېكا»
، «ھېاكژ»، «ئېكا» ھۇنگىر مەنبەلىرىدە بولسا، «رېكا»، «قەدىمقى گېرمان مەنبەلىرىدە «ھىركخى» ،
«ھېلېخى» ، «ھېركژ»، «ئىركا»، ھۇنگر مەنبەلىرىدە بولسا «رېكا» دەپ يېزىلغان. گ. نېمېز بۇ ئىسمنى

تۈركچە «ئاربغقان» دەپ ئوقغان. «ئارى» سۆزى تۈركى تىلدا «گۈزەل»، «پاك»، «پاكىز» ،«سىلىق»
دىگەن مەننى بىلدۈردۇ. «قان» سۆزى بولسا ھۆرمەت سۆزى ئىدى. دىمەك بۇ ئىسمنىڭ مەنسى «گۈزەل
خانىش»، «پاك خان» دىگەنلىك بولاتتى. پىرىسكوسنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئاتىللا ئاربغقاننى
ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. ئاربغقاننىڭ ئايرىم داچا، ساناتورىيەلىرى، خاس خىزمەتچى ۋە لەتىپچىلىرى بار
④.ئىدى. ئۇ ئۆز ئالدىغا چەت ئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بىرەتتى
ئاتىللانىڭ چوڭ ئوغلىنى جوردانىس «ئەللاك» دىگەن ئىسىمدا يازغان. گ. نىمىز بۇنى «ئىلەك» دەپ
ئوقۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تەرىپىدىن كەڭ قوللىنىلغان ئىسىملارنىڭ بىرى ئىكەنلىگىنى
ئىسپاتلاپ بەردى. ئاتىللانىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى مەنبەلەردە «دەنگىزىك»، «دەنزىگىخ» دەپ
يېزىلغان. گ . نىمىزنىڭ قارىشچە، بۇ ئىسىم تۈركىي تىلدىكى تەنگىز ـ دەنگىز ـ دېڭىز سۆزىدىن كېلىپ
چىققان بولۇپ، بۇ ئىسمنىڭ كەينىدىكى «ك» تاۋۇشى ئەركىلەتمە قوشۇمچىسى ھېساپلىنىدۇ. ⑤ ئاتىللانىڭ
ئۈچىنچى ئوغلى پىرىسكوسنىڭ ئەسىرىدە «ئىرناك»، جورداسنىڭ ئەسىرىدە «ھېرناك» دىگەن شەكىلدە
يېزىلغان. گ. نىمىز بۇ ئىسمنى تۈركچە ئىرنەك ياكى ئىرنىك دەپ ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا
قويغان. ئۇ قىرغىزلار ئارىسىدا ئىرنەبەگ دىگەن ئىسمنىڭ بارلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ ئىسمنى تۈركىي
⑥ .تىلدىكى «ئەر» ياكى «ئىر»دىگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، دەيدۇ
ئەينى ۋاقىتتا ھۇن ئىمپېرىيىسى ئىتتىپاقىغا كىرگەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدىنمۇ بەزى سۆزلۈكلەر
ھۇن تىلىغا قوبۇل قىلىنغان. بۇ سۆزلۈكلەردىن ساقلىنىپ قالغانلىرى يەنىلا كىشى ئىسىملىرى ۋە جىنىس
ئىسىملىرى ئىدى. بۇ كىشى ئىسىملىرى ھىندى ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا رۇگا (رۇيا،
.رۇئا)، بىلەدا، تولدىلا (ھۇن قوماندانى) ۋە لائۇدا رېكۇس قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرستىشكە بولىدۇ

2. جىنىس ئىسىملىرى:

ھۇن تىلىدىن ساقلىنىپ قالغان جىنىس ئىسىملىرى ھىندى ياۋروپا تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىن
.ئىبارەت بولۇپ، بۇلار پىرىسكوس بىلەن جوردانىسنىڭ ئەسىرىدە خاتىرلىنىپ قالغان
پىرىسكوس ئاتىللانىڭ ئوردىسىغا ئەلچىلىككە بارغاندا، ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىلگەن. دىستىخانغا
تىزىلغان يىمەك ـ ئىچمەكلەر ئىچىدە «كامۇن» ۋە «مەدۇس» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى خىل ئىچىملىكمۇ
بولغان. كامۇن ـ ئارپىدىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك بولۇپ، كامۇن دىگەن سۆز ھۇنلار ياۋروپاغا كۆچۈپ
بېرىشتىن بۇرۇنلا، يەنى مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىكى لاتىن مەنبەلىرىدە «كامۇن» ، «كامۇس» دىگەن
شەكىللەردە خاتىرلىنىپ، ئارپىدىن ياسىلىدىغان بىر خىل ئىچىملىكنى ئاتاشقا ئىشلىتىلگەن. ھىندى ـ
گېرمانشۇناسلار بۇنىڭ ئەسلى مەنبەسىنىڭ كىلت ياكى پاننۇن تىلىغا مەنسۇپلىقىنى ئوتتۇرغا قويماقتا. يەنە بىر
«مەدۇس» دىگەن سۆزنىڭ مەنبەسىمۇ ھىندى ـ ياۋروپا تىلىغا مەنسۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ سۆز
گېرىكچىدا «مەتبۇ» (شاراپ)، سانسكرىتچىدە «مادبۇ» (ھەسەل، بال)، كىلتچىدە مەدۇ (بال)، يىراق
قەدىمكى گېمان تىلىدا «مەتۇ» (شاراپ)، ئانگىلو ـ ساكسۇن تىلىدا «مەدۇ«، «مەئۇدۇ» (بال)، قەدىمكى
پىروسچىدا «مەدۇ» (بال)، لىتاۋ تىلىدا «مەدۇس» (شاراپ)، قەدىمكى سىلاۋيانچىدىمۇ يەنە شۇ مەنىدە
.«مەدۇ» دىيىلەتتى
ھۇن تىلىدا ساقلىنىپ قالغان ئۈچىنچى جىنىس ئىسمى بولسا «ستراۋا» دەپ
.ئاتالغان
جوردانىسنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ھۇنلار ئاتىللانىڭ تەزىيە نۇتقىنى سۆزلەپ
بولغاندىن كېيىن، قەبرە ئۈستىدە «ستراۋا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل مۇراسىم
ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتىللانى دەپنە قىلغان. «ستراۋا» سۆزى سىلاۋيان تىلىدا
«يىمەك ـ ئىچمەك»، «نەزىر ـ چىراق» دىگەن مەننى بىلدۈرەتتى. ھۇنلارنىڭ دىنىي
ئېتىقادى بويىچە كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھى ئۆلمەي ياشاۋېرىدۇ. بۇ روھ

هايات ئادەمگە ئوخشاش تاماق يەيدۇ، سۇ ئىچىدۇ، ماكان تۇتۇپ ياشايدۇ، دەپ قارالغاچقا، دەپنە ـ
مۇراسمى ئۆتكۈزۈلگەن ياكى نەرىز ـ چىراق قىلىنغان كۈنلىرى، روھ ئۈچۈن يىمەك ـ ئىچمەك تەييارلاش، ئات
ياكى قوي سويۇپ قان قىلىش ئادىتى بولغان. ئەرۋاھلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ئېچىش ئۈچۈن، ئۆلار تېخى دەپنە
مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەن كۈنلەردە ھەشەمەتلىك ئات بەيگىلىرى، چېلىشىش ۋە قىلىچۋازلىق قاتارلىق
.مۇسابىقىلەرنى ئۇيۇشتۇراتتى

تۈركىي تىلدا يېزىلغان «ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى» دا روھ ـ ئەرۋاھلار ئۈچۈن تەييارلانغان
يىمەكلىكلەر «يۇغ» بىلەن تەڭداش مەنىدە كېلىدىغان سلاۋيان تىلىدىكى «ستراۋا» دىگەن سۆزنى قوبۇل
.قىلىپ ئىشلەتكەن

قىسقىسى، ياۋروپا ھۇنلىرى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەن. ئالىملار ئۇلارنىڭ تىلىنى قەدىمكى چۇۋاش،
.باشقىرت ۋە بولغارلارنىڭ تىلى بىلەن بىر خىل ئىدى، دەپ قارايدۇ

## 2. يېزىق

پىرسكوسنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھۇن كاتىپلىرى ئۆز يېزىقىدا (ھۇن يېزىقىدا) يازغان ھۆججەتلەرنى
ئاتىللانىڭ ئالدىدا ئوقۇپ ئۆتكەنلىكى مەلۇم. ئالىملار بۇ پاكىتقا ئاساسەن، ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ يېزىقى
بولغان، دىگەن قاراشنى ئوتتۇرغا قويىدى. لېكىن، ئالىملار ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ قايسى يېزىقلىرى ئىشلەتكەنلىگى
توغرلۇق بىرەر كۆز قاراشنى ئوتتۇرغا قويمىغان بولسىمۇ، بىز تارىخي مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا
.ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ياۋروپا ھۇنلىرى «ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى» نى ئىشلەتكەن، دەپ قارايمىز

ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى» نىڭ سىرى ئېچىلغان 1893 ـ يىلىدىن بۇيان، تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتى »
بىلەن شۇغۇللانغان غەرب ۋە شەرقلىق نۇرغۇن ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، كۆك تۈركلەر دەۋرىدە
(مىلادىيە 6 ـ 8 ـ ئەسىرلەر) تۇرغۇزۇلغان ھەم بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارا «تاش كىتاپلار» ۋە «ئورخۇن ـ
يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى» دەل «ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى» دا يېزىلغان ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە دەپ قارىلىپ
كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، تۈركىي تىل 1400 يىللىق تارىخقا ئىگە، دىگەن قارا ئىلىم ساھەسىدە ئومۇملىشىپ
قالغان. تىلشۇناسلارمۇ «ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى» مىلادىيە 500 يىللىرى ئوتتۇرغا چىققان، دەپ تەسەۋۋۇر
.قىلىنىپ، 3500 يىلدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولىدۇ

لېكىن، كېيىنكى يىللاردا ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە، «ئورخۇن ـ
.يېنسەي يېزىقى» دا يېزىلغان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بەزى ئۆرنەكلەر ئوتتۇرغا چىقتى
يىلى رۇس ئارخېئولوگلىرى ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى ئېسىك قورغىنىنى قازغاندا، ئالتۇن ۋە ـ 1970
كۆمۈشتىن ئىشلەنگەن 4000 دىن ئارتۇق بۇيۇم تېپىلغان. بۇ قورغاندىن يەنە 18 ياشلار چامىسىدىكى بىر
ياش يىگىتنىڭ جەسىتى قېزىۋېلىنغان. جەسەتنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن كىيىم كىيدۈرۈلگەچكە، ئارخېئولوگلار
ئۇنى «ئالتۇن كىيىملىك شاھزادە» دەپ ئاتىدى. ئەمما، قازاقىستان پەنلەر ئاكادىمىيىسى تارىخ
،ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ئىنستىتوتى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى، قورغاندىن تېپىلغان بىر
كۆمۈش تاۋاق ئىدى. بۇ كۆمۈش تاۋاقنىڭ ئۈستىگە «ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى» دا ئىككى قۇر خەت
ئويۇلغان. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئاتاغلىق تۈركولوگ مۇسابايېۋ تاۋاقنىڭ ئۈستىگە يېزىغان
خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بۇ مازار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 ـ 5 ـ ئەسىرلەرگە
مەنسۇپ بولۇپ، بۇ يەردە تېپىلغان نەرسىلەر ‹يەتتە سۇ› دەپ ئاتالغان جايدا ياشىغان ۋە تۈركچە
.سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىدى»، دەپ كۆرسەتكەن

كۆمۈش تاۋاقنىڭ ئۈستىگە: «ۋەقەنىڭ بايرىقىنى شەرەپ بىلەن ئىگىز كۆتۈرگىن، قوماندالار، ئۈچقۇر
ئاتلار، قورقماس جاسارەتلىك يىگىتلەر ساڭا شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدۇ سەن يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى ئۆز بەختىڭنى
ئۆز قولۇڭ بىلنە ياراتقىن، سالامەت بول» دىگەن خەت يېزىلغان. ⑦ مانا بۇ «ئورخۇن يېنسەي يېزىقى» دا

يېزىلغان ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر دەپ قاراشقا
بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىخچام، ئوبرازلىق ۋە بەئىيلىكى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن
كىشىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغايدۇ. بۇ خاتىرىنىڭ ئوقۇپ چىقىلىشى «ئورخۇن - يېنسەر يېزىقى» نىڭ
.تارىخىنى 800 يىلدىن 1000 يىللار ئالدىغا سۈردى
مىلادىيەدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئالتاينى ئوخشىمىغان تىللارغا مەنسۇپ ھەر قايسى ئولتۇراق ۋە
كۆچمەن مىللەتلەرنى قەدىمكى رىم تارىخچىلىرى «سكىت» دەپ ئاتىغان. ئىراندىكى ناخشىچى رۇستەمدىكى
مىخ يېزىقلىق تاش ئابىدىدە ئۇلار «ساكا» دەپ ئاتالغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۈچ چوڭ تارماققا بۆلۈنىدىغانلىقى
كۆرسىتىلگەن. ئارىستوۋ،ئىدۋارد مېيىر ۋە ئا. زەكى ۋەلىدى ، توغان قاتارلىقلار، ساكالارنىڭ ئۈچ گۇرۇپپىسى
ئىچىدىكى «تىگرا خائۇدا ساكلىرى» دەپ ئاتالغانلارنى تۈركىي نەسىلىك خەلق دەپ قارايدۇ. مانا شۇ
تىگراخائۇدا ساكلىرى بۈگۈنكى قازاقىستان، قىرغىزىستان، تەڭرىتاغلىرى بويلىرى، پامىر ۋە ئالاي تاغلىرى،
جۇملىدىن يەتتە سۇ ئەتراپلىرىدا ياشىغان. ئېسىك قوزغىلىڭى مانا شۇ تىگراخائۇدا ساكلىرىنىڭ مىراسلىرى
.ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى رىملىقلارنىڭ ئۇلارنىڭ يېزىقىنى بىلىدىغانلىقى مەلۇم
گە II مىلادىيە 568 ـ يىلى كۆك تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىستەمى شەرق رىم ئىمپېراتورى كونىستانتىن
ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىراندىكى ساسانىيلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزگەن. تۈرك ئەلچىلىرىنىڭ قولىدا رىم
ىمپېراتورىغا يېزىلغان مەكتۇپ بار ئىدى. رىملىقلار مەكتۇپتىكى يېزىق ئەسلىدە «ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى»
⑧ .دەپ ئاتىغان. بۇ مەكتۇپتىكى يېزىق ئەسلىدە «ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى» ئىدى
ھۇنلارغا دائىر بەزى ئەسەرلەردە ئوتتۇرغا قويۇلغىنىدەك، ئاسىيا ھۇنلىرى «ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى»
نى ئىشلەتكەنىدى. بىز ھۇنلىھر ئاسىيادىن ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغاندا «ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى» نى ياۋروپاغا
بىللە ئېلىپ بارغان، دەپ قارايمىز. بۈگۈنكى ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۇنلار ئون
ئوغۇرلارنىڭ ئىچىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئون ئوغۇر ـ ھۇنوغۇلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئون ئوغۇر خانلىغى، بۈيۈك
ئون ئوغۇر بولغار خانلىغى، دۇناي بولغار خانلىغى، ئىتىل بولغار خانلىغى ۋە ھۇنگىر دۆلىتىدە مىلادىيە 16 ـ
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا قەدەر،« «ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى» ۋە بۇ يېزىقنىڭ بىر ئاز ئۆزگەرتىلگەن شەكلى
بولغان ھۇنگىر ئويما يېزىقى ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن. ئالزىم: «ئاتىللا ۋە ھۇنلار» دىگەن ئەسىردە بۇ يېزىقنى
«ھۇنلار ئىشلەتكەن يېزىقنىڭ داۋامى» دەپ قارىغان. مانا بۇ پاكىتلار ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ «ئورخۇن ـ يېنسەي
يېزىقى»نى ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. «رىم تارىخى» دا شېئىر، ناخشىلىرى ھۇن يېزىقىدا
يېزىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا رىملىقلار ئىچىدە ھۇن يېزىقىنى بىلىدىغانلار بولغان، ھۇنلار ئىچىدىمۇ لاتىن
.يېزىقىنى بىلىدىغانلار بولغان

3. ئەدەبىيات

ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ، ھۇنلارنىڭ ئەدەبىياتىدا داستان، مەرسىيە
ۋە سەھنە ئەسەرلىرى بويىچە نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئاتىللانىڭ يېنىدا
نۇرغۇنلىغان ئوردا شائىرلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئاتىللاغا ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە ئۇتۇق ـ غەلبىلىرى ھەققىدە
يازغان داستانلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. ھۇن شائىرلىرىنىڭ ھۇنلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ياۋروپاغا كۆچۈشى ۋە
ھۇن قەھرىمانلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى توغرىسىدىكى داستانلىرىنى ئاتىللا ناھايىتىمۇ
.ياقتۇرۇپ ئاڭلايتى
پىرىسكوسنىڭ ئەسىرىدە بۇ توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «كەچ بولغاندا
مەشئەللەر يېقىلدى. ئىككى ھۇن شائىرى ئوردىغا كىرىپ ئاتىللانىڭ ئۇدۇلىدا تۇردى.
ئۇلار ئۆزلىرىگە تەييارلىغان داستانلىرى ئارقىلىق، ئاتىللانىڭ جەڭگىۋارلىقلىرىنى ۋە
زەپەرلىرىنى كۈيلىدى. زىياپەتكە قاتناشقۇچىلار ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
داستاندىن لەززەت ئالسا،بەزىلىرى ئۇرۇشلارنى ئەسلەپ خىيالغا چۆمگەنىدى». ⑨

ئەمما، شۇ دەۋرىدە يېزىلغان بۇ داستانلار بىزنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كېلەلمىگەچكە، ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى توغرىسىدا بىر نىمە دېيەلمەيمىز.
لاتىن تارىخچىسى جوردانىسنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئاتىللا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا ھۇن شائىرلىرى ئۇنىڭغا قاراپ قايغۇلۇق مەرسىيە ئوقۇغان. قەدىمدە بىر مىللەتنىڭ خانى، بېگى ياكى قەھرىمانى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئۆلۈمگە بېغىشلاپ قايغۇلۇق شېئىرلار يېزىلاتتى. بۇ مەرسىيە دەپ ئاتىلاتتى. مەرسىيە كۆپىنچە ئاھاڭدار ۋە مۇڭلۇق سۆزلەر بىلەن يېزىلاتتى. جوردانىس ھۇن شائىرلىرى يازغان مەرسىيەنىڭ مەزمۇنى مۇنداق يىغىنچاقلىغان: «ھۇنلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك خانى، مۇنجۇقنىڭ ئوغلى، ئەڭ جەسۇر مىللەتنىڭ ھۆكۈمدارى ئاتىللا ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچكىمدە كۆرۈلۈپ باقمىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ ئۆز ئالدىغا پۈتۈن سىلكتىيە ۋە گېرمان دۆلەتلىرىنى بويسۇندۇردى. بىر قانچە يۈز شەھەرنى ئىگىلىدى. ھەر ئىككى رىم ئىمپېرىيىسىنى قاتتىق قورقىتىپ، ئۆزىگە باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. مانا بۇ غەلىبىلەرنىڭ ھەممىسى بەخت ـ تەلەتنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتى ئىدى. ئاتىللا دۈشمەننىڭ زەربىسى ياكى ئۆز ئادەملىرىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى توي كېچىسىدە، گىگانت مىللىتىنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق ئاغرىق ئازابىغا گىرىپتار بولماستىن، ئالەمدىن ئۆتتى. ھەممە ئادەم قايغۇغا چۆمگەن بۇ ئۆلۈمنى ، كىممۇ ئۆلۈم ھېسابلىسۇن»⑩ بۇ پارچىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھۇن شائىرلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان مەرسىيەلەر ئاھاڭدار ۋە مۇڭلۇق بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ۋەزىنمۇ سالماق ئىدى. بۇ ھۇن شائىرلىرىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ۋە ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
ھۇن تارىخىغا دائىر مەنبەلەردە يەنە ياۋروپا ھۇنلىرىدا تىياتىر ـ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭمۇ بارلىققا
كەلگەنلىكى تىلغان ئېلىنىدۇ. **1932** ـ يىلى تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان «تارىخ» دىگەن كىتاپتا: ھۇنلار غەرپكە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلاردا ئەدەبىيات ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ، تىياتىر ئەدەبىياتى ناھايىتى ئالغا باسقانىدى. نۇرغۇن سەھنە ئەسەرلىرى ۋە سەنئەتكارلار بارلىققا كەلگەن دەپ يېزىلغان. مانا بۇ تەرەپلەر ياۋروپا ھۇنلىرىدا ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**4. ناخشا ـ مۇزىكا**

ياۋرۇپا ھۇنلىرىنىڭ ھاياتىدا ناخشا ـ مۇزىكا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان.
قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە، ئاسىيا ھۇنلىرىدا **28** خىل خەلق ناخشا ـ مۇزىكىسىنىڭ بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.
سىماچيەندىن باشلاپ خەنزۇ تارىخچىلىرى ئاسىيا ھۇنلىرىنىڭ چالغۇ ئەسۋاپلىرىدىن قوبۇز، بىلى،
پىپا، ۋە قوسى قاتارلىقلارنىڭ ئىسمىنى خاتىرلەپ قالدۇرغان. بۇ چالغۇلار تارىلىق، پۈلەپ چېلىنىدىغان ۋە ئۇرغۇلۇق چالغۇلار ئىدى. ھۇنلاردا يەنە ھەربىي مۇزىكا چالغۇلىرىمۇ بولغان. قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ناخشا ياكى نوتىنى «ئىر ـ بىر» دەپ ئاتىسا، مۇزىكا ملودىيىسىنى «كۆگ ـ كۈگ» دەپ ئاتىغان.
ھۇنلار ياۋرۇپاغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى دوناي دەرياسى بويلىرىدا ياڭرىغان. ھۇنلارنىڭ تۇرمۇشىدا ناخشا ـ مۇزىكا مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغاچقا، چوڭ ـ كىچىك مۇراسىملاردا، زىياپەتلەردە مەخسۇس مۇزىكا ئورۇندىلاتتى. ئەلچىلەرنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەرگەندە، ھۇن مۇزىكانتلىرىنىڭ تەڭكەش قىلىشىدا، ھۇن خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئورۇندالغانلىقىنى يازغان. ھۇنلارنىڭ ھەربىي مۇزىكىلىرىدا دۇمباق، بۇرغا ئىشلىتىلگەن. ئاتىللا ھەر قېتىم ھەربىي يۈرۈشتىن قايتىپ پايتەختكە كىرگەن چاغدا، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە چىرايلىق كىيىنىپ قاتار تۇرغان ھۇن قىزلىرى ئاتىللانى ناخشا ئېيتىپ قارشى ئالاتتى.

ئاتىللانىڭ يەنە بۇرگوند پادىشاھلىقىغا بىر ھۇن ئوركىستىرنى ئەۋەتكەنلىكىمۇ مەلۇم. ⑿

ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ چالغۇلىرى ئىچىدە قوبۇز ئاساسي ئورۇندا تۇرغانلىقى جوردانىسنىڭ ئەسرىدىن

مەلۇم. ئاتىللانىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن ھۇن قوبىزچىلىرىنىڭ ئاتىللاغا بېغىشلىغان مەرسىيەلىرىنى مۇزىكىغا سېلىپ ئوقىغانلىقى يەنە جوردانىسنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ھۇنلاردىن ئېتىبارەن بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان مۇشۇ چالغۇ ـ قوبىز، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تەرىپىدىن سۈرىيە، مىسىر، بالقان يېرىم ئارىلى، ھۇنگىرىيە، چېخ، پولشا، گېرمانىيە، رۇسىيە ۋە ئوكرائىناغا ئېلىپ بېرىلدى، ھەمدە مۇشۇ جايلاردا ياشايدىغان مىللەتلەر تەرىپىدىن «قوبۇز؛ ، «قوبۇس» ، «قوبزۇ» ، «قوپۇس»

⑬ .دىگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ، كىشلەر ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان چالغۇغا ئايلاندى

ياۋروپاغا كۆچكەن ھۇنلار ۋە ئوغۇلار بۈگۈنكى ھۇنگر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساسلىق ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ بىرى ھىسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەپلىك ھۇن ۋە ئوغۇرلارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىسىمۇ ھۇنگىرلارنىڭ مۇزىكا ـ ئاھاڭلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم مەنبەلەردىن بىرى بولۇپ قالغان. ھازىرقى ھۇنگر خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىدە ياشايدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقى، يەنى بۇ ئىككى مىللەتنىڭ مۇزىكىلىرىدا بەش تاۋۇشلۇق ئاۋاز .باسقۇچى سىستېمىسىنىڭ قوللىنىشى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ

## توتېم ئېتىقادى ۋە كۆك تەڭرى دىنى .5

توتېم قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ نەزىرىدە مەلۇم بىر ھايۋان، ئۆسۈملۈك ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئۆز ئۇرۇقى ياكى قەبىلىسى بىلەن قانداش مۇناسىۋەتكە ئىگە دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئەجداد ھېسابلاپ چوقۇنىدىغان بىر خىل ئىپتىدائىي دىنىدىن ئىبارەت. لېكىن، بۇ خىل ئېتىقاد بەلگىسى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئېدېئولوگىيە تارىخىداد ناھايتى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلدى. پۈتكۈل تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ توتېم ئېتىقاتىدا كۆك بۆرە بىلەن ئاق بۇغا ئېتىقادى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. جۈملىدىن ھۇنلاردىمۇ بۇ خىل ئېتىقاد بەلگىسى بولغان. ياۋروپا ھۇنلىرى مەنبەلىرىدە «شىمال بۆرىلىرى  دەپ ئاتالغان. ھۇنلار ياۋروپاغا كۆچكەندە بۇلارنىڭ ئالدىدا بىر بۇغىنىڭ يول باشلاپ ماڭغانلىقى،  ھۇنلارنىڭ مائوتىس دەرياسىنى بىر بۇغىنىڭ ياردىمىدە كېسىپ ئۆتكەنلىكى ھەمدە مۇشۇ پەۋقۇلئاددە ئىشتىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ ياۋروپادا ھۆجۇمغا ئۆتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.  19 ـ ئەسىردە ياشىغان ھۇنگىر شائىرى ژ.ئارانىينىڭ 1864 ـ يىلى يازغان «بۇدانىڭ ئۆلۈمى» ناملىق 12 قىسىملىق ئېپوسىدا، ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدىكى «مۆجىزىلىك بۇغا» رىۋايىتى داستانلاشتۇرۇلغان. بۇ داستاندا مۇنداق :بايان قىلىنىدۇ

مىنروت بىلەن ساھىپجامال ئىنىفىنىڭ ئوغۇللىرى ھۇنۇر بىلەن ماجار بىر كۈنى 50 كە يېقىن يىگىت بىلەن ئوۋغا چىقىدۇ. ئوۋدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر بۇغا ئۇچرايدۇ. ئوۋچىلار بۇغىنىڭ كەينىدىن ھەر قانچە قوغلاپ باققان بولسىمۇ، بۇغىنى زادىلا تۇتالمايدۇ. ئاخىرى بۇغا ئوۋچىلارنى دۇن دەرياسى ۋە ئازاق دېڭىزى تەرەپكە ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، تۇساتتىن غايىپ بولىدۇ. ھۇنۇر بىلەن ماجار ئوت ـ چۆپلىرى بۇلۇق ئۆسكەن، سۈيى ئەلۋەك ھەم ئوۋ ھايۋانلىرىغا باي بۇ جايدا تۇرۇپ قالماقچى بولىدۇ. بىر كۈنى كېچىدە ئۇلار مۇڭلۇق بىر مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە مۇزىكا چىققان تەرەپكە بارىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە پادىشاھ دولنىڭ دوستلىرى بىلەن سەيلە قىلىپ يۈرگەن ئىككى قىزى ۋە پادىشاھ بىلارنىڭ ئون ئىككى قىزىنى ئۇچرىتىدۇ. ھۇنۇر بىلەن ماجار پادىشاھ دولنىڭ ئىككى قىزىغا ئۆيلىنىدۇ. باشقا يىگىتلەر بولسا بىلارنىڭ ئون ئىككى قىزىغا ئۆيلىنىدۇ. ھۇنۇر بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى ئەۋلادىدىن ھۇن مىللىتى، ماجار بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى ئەۋلادىدىن ماجار مىللىتى

⑰ .شەكىللىنىدۇ. بۇ ئىككى مىللەت كۆپىيىپ پۈتۈن سىكتىيىنى ئىگىلەيدۇ

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەنبە، رىۋايەت ۋە داستانلاردا ياۋروپا ھۇنلىرى بۆرە ئەۋلادى

دەپ قارىلىش بىلەن بىرگە، بۆغا ھۇنلارنىڭ رەھبىرى، يول باشلىغۇچىسى، مۇشكۈلنى ئاسانلاشتۇرغۇچىسى ۋە بەخت ئاتا قىلغۇچىسى، دەپ قارالغان. مانا بۇلار توتېم ئېتىقاتىدا بۇلۇشقا تېگىشلىك بەلگىلەر ھېسابلىنىدۇ.
بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، توتېم قەدىمقي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ ھەمراھى، يېقىن ھامىيسى، ئەجدادى، يول باشلىغۇچىسى ۋە ئىنساندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە كۈچ دەپ قارالغاچقا، توتېمنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇناتتى، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەيتتى، شۇڭا، قەدىمكى ئىنسانلار توتېم ئوبرازىنى چېدىر، بايراقلىرىغا، قورال ـ ياراقلىرىغا، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ۋە ئۆز بەدىنىگە سىزىۋالاتتى. ئۇلار توتېم ئوبرازى سېھرىي كۈچكە ئىگە دەپ قارىغاچقا، توتېمنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن بايراق ۋە جەڭ قوراللىرىنى ئېلىپ ئۇرۇش قىلاتتى. شۇڭا، مىللەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ سىموۋولى سۈپىتىدە دۆلەت بايرىقىغا توتېمنىڭ رەسمىنى چۈشۈرەتتى. ئاسىيا ھۇنلىرىغا ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن بۆغا سۈرئىتى چۈشۈرۈلگەن ياغاچ بايراق تېپىلغانلىغا ئوخشاش، ئاتتىلانىڭ ئوتتۇرسىغا بېشىدا تاجىسى بار بۆركۈتنىڭ سۈرئىتى چۈشۈرۈلگەن ئاق رەڭلىك تۆت چاسا يېپەك بايراق ئىشلەتكەنلىكى، قەدىمكى بىر خىرىستىئان دىنى ھۆججىتىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇ ھۇنلاردىكى بۆركۈت توتېم ئېتىقادىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىناتتى. بىر مىللەت ئوخشىمىغان توتېملارغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن ئۇرۇق ـ قەبىلىلەردىن تەركىب تاپىدىغان بولغاچقا، ئۇ مىللەتتە ئورتاق بولغان توتېمدىن باشقا يەنە ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ توتېملىرىمۇ ساقلانغان بولىدۇ. ھۇنلاردىكى ئەجدىھا، بۆرە، بۆغا، بۈركۈت ۋە ئارسلان توتېملىرى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.
بوزقىر تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەسلى ئېتىقادى كۆك تەڭرى دىنى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە باشقا ھېچقانداق بىر مىللەت مەدەنىيتى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان بۇ ئېتىقاد سىستېمىسىدا ،تەڭرى ئەڭ ئۇلۇغ مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ، ئۇ ياراتقۇچى،بارلىق ئىقتىدارنىڭ ئىگىسى دېيىلىدۇ. تەڭرى ئاشۇ ئېتىقاد چۈشەنچىسىدە «ساماۋىي» ماھىيەتكە ئىگە بولغاچقا، كۆپىنچە «كۆك تەڭرى »دەپ ئاتىلاتتى. كۆك تەڭرى چۈشەنچىسىنىڭ تۇپراق بىلەن مۇناسىۋتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوۋچى ۋە چارۋىچى مىللەتلەر تۈركۈمىگە خاس بولغانلىقى، بۇ ئىتبار بىلەن ئۇنىڭ مەنبەسىنىڭ ئاسىيا بوزقىرلىرىغا باغلىنىدىغانلىقى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماقتا. م.يىلىئادېنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، «ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيا مىللەتلىرى ئۈچۈن خارەكتېرستىك بىر سىستېما »بولغان كۆك تەڭرى ئېتىقادى دى.گىرئۇدىنىڭ قارىشىچە، «تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد شەكلى» ھېسابلىنىدۇ. د.گىرئۇدىنىڭ بۇ قارىشىنى كۈچەيتىدىغان مىساللار جۇڭگو، ئىران ۋە فىن خەلىقلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگىنىدەك، ھۇنلارنىڭ كۈن، ئاي، كۆك تەڭرى دىنىگە ئېتىقاد قىلغانلىقى مەلۇم. (21) كۆك تەڭرى دىنىنىڭ ئىبادەت شەكىللىرى،«تەڭرىلىك» دەپ ئاتىلىدىغان ئىبادەتخانىلىرى ۋە دىنىي خادىملار قاتلىمى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يوق ئاسىيا ھۇنلىرىدا تەڭرىقۇتنىڭ يەنە باش دىندار (باش روھانى)ئىكەنلىكى ئالغا سۈرۈلگەن (بولسىمۇ، كېلىن بۇنى ئىسپاتلايدىغان ئېنىق بىر دەلىل يوق.(22
ھۇنلار مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن كېيىن پائالىيەت ئېلىپ بارغان ياۋروپا دىيارى، خىرىستىئان دىنىي چەمبىرىكىگە مەنسۇپ رايون ھېسابلىنىدۇ. ھۇنلار مانا مۇشۇنداق كۈچلۈك خىرىستىئان مۇھىتى ئاستىدىمۇ خىرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچۇرمىغان. تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە كۆك تەڭرى دىنىنىڭ ئۆلىمالىرى «قام»دەپ ئاتىلاتتى. «قام»سۆزى ئەڭ بۇرۇن ياۋروپا ھۇنلىرىدا كۆرۈلگەن. ياۋروپا ھۇنلىرىدا «ئاتاقام»، «ئەشقام»دېگەن ئۆلىما كىشىلەر بولغان.
ھۇنلاردىن باشلاپ ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە، كۆك تەڭرى دىنى بىردەك ھالدا دۆلەت دىنى قىلىنغان. پەقەت مىلادىيە، 9 ـ ئەسىردىن باشلاپ، دوناي بولغارلىرى ئارىسىدا مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىن باشلاپ ھۇنگىرلار ئارىسىدا خىرىستىيان دىنى كۆك تەڭرى دىنىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ خىرىستىئانلىشىش دەۋرى باشلانغان.

---

ئىزاھات:

.تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 24 ـ توم، 309 ـ بەت» ①
.تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 7 ـ توم، 218 ـ بەت»②
.مەيدان لائۇئۇسسى» تۈركچە، 1 ـ توم، 796 ـ بەت»③
.تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 3 ـ توم، 304 ـ بەت»④
.تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 13 ـ توم، 34 ـ بەت»⑤
.تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 20 ـ توم، 211 ـ بەت»⑥
.ئايدىن تانەرى: «تۈرك دۆلەت ئەنئەنسى» ، تۈركچە، 11 ـ بەت⑦
.تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 20 ـ توم، 369 ـ بەت»⑧
.تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 4 ـ توم، 204 ـ بەت»⑨
.تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 24 ـ توم، 194 ـ بەت»⑩

ھۈسەيىن كېرىم: «ھۇن مۇزىكسى توغرىسدا ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، (11)

.ئۇيغۇرچە، 1989 ـ يىلى، 4 ـ سان، 180 ـ بەت

.ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 12 ـ توم، 2 ـ جىلد، 255 ـ ، 257 ـ بەتلەر» (12)

ئا. جافەر ئوغلۇ: «دۇنيا ئەدەبىياتىدا تۈرك قوبۇزى» ، «ئۆلكۆ» ، تۈركچەا، 485 ـ سان، 209 ـ ، (13)

.215 ـ بەتلەر

.ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 12 ـ توم، 2 ـ جىلد،253 بەت»(14)

.ئايدىن تانەرى: «تۈرك دۆلەت ئەنئەنسى» ، تۈركچە، 122 ـ بەت(15)

.تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 19 ـ توم، 194 ـ بەت»(16)

.تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 5 ـ توم، 39 ـ بەت»(17)

.ر. گىرسست: «بوزقىز ئىمپېرىيىسى» ، تۈركچە، 39 ـ بەت (18)

.د. گىرائۇد: « «تۈرك ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 102 ـ بەت (19)

.ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 12 ـ توم، 323 بەت»(20)

.نىجات دىيابەكىرلى: «ھۇن سەنئىتى» ، تۈركچە 62 ـ بەت (21)
.ئىبراھىم كافەس ئوغلۇ: «قەدىمكى تۈرك دىنى» ، تۈركچە، 34 ـ بەت (22)

# ئالتىنچى باب

## ھۇن ـ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسرى

### ھۇنلارنىڭ قەدىمكى شەرق مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسرى .1

تۈرك ئېتنىك تۈركۈمنىڭ ئالتايدىن سىرتقا قاراپ كېڭىيىش ـ كۆچۈش تارىخىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى
توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىش قىيىن. خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ پەقەت ئالتايدىن شىمالىي جوڭگو تەرەپكە كۆچۈپ
بېرىپ، ئۇ يەرلەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن بىر بۆلۈك تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ
تۇرمۇش شەكلى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئاز ـ تولا مەلۇمات بېرىشكە مۇۋاپپەق بولالىغان. يېقىنقى
بىر ـ ئىككى ئەسىر مابەينىدە ياۋروپا تۈركولوگلىرىنىڭ تۈرلۈك پەنلەر بويىچە ئېلىپ بارغان سىلىشتۇرما تەتقىقاتى
نەتىجىسىدە شۇ نەرسە ئايدىڭلاشتىكى، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ئېتىقاد ـ ھاكىمىيەت
چۈشەنچىسى ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، شۇنداقلا سىياسىي ـ ھەربىي ئىشلارغا دائىر قىسمەن
ھادىسىلەر ئۇلارنى كونا قۇرۇقلۇقنىڭ (ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قىتئەسىنى كۆرسىتىدۇ) نۇرغۇن جايلىرىغا ئېلىپ
بارغان. نەتىجىدە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ئۇلارنىڭ شەرقتىن
.غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ كۆچۈش ـ سۈرۈلۈش خاراكتېرى بىلەن بەكرەك گەۋدىلەندى
بۇنداق ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ تۇرغان زور لىنيەلىك كۆچۈش ھەرىكىتىدىن كېيىن، تۈرك مەدىنىيىتى
چەمبىرىكى كېڭىيىپلا قالماي يەنە بىر خىل ئارلاشما مەدەنىيەت تىپى ۋۇجۇتقا كەلدى. بىز كونا قۇرۇقلۇقتىكى
قەدىمىي داڭلىق مەدەنىيەت ئىزلىرىدا بوزقىر تۈرك مەدەنىيەت تىپىنىڭ تەسىرىنى بايقىيالايمىز. خۇددى
ئو.منخىن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئەڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى يۇكسەك مەدەنىيەت تېرىقچى مىللەتلەر
ماكانلاشقان دەريا ۋادىلىرىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇ جەڭگىۋار ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ مۇداخىلىيىسىدىن
كېيىن بارلىققا كەلگەن.① يەنە بىر خىل تەبىر بويىچە ئېيتقاندا، بوزقىر مىللەتلىرى يەرلەشكەن تېرىقچى
مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئىدارە ـ ھەربىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىققان. ھەر قايسى تارىخى
دەۋرلەرىدە ناھايىتى كۆپ ئۆرنەكلىرى مەلۇم بولغان بۇ ھادىسە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئەسىرلەردە دائىم ئوتتۇرا
ئاسىيادا يۈز بېرىپ تۇرغان② .بۈگۈنكى كۈندىكى ياۋروپالىقلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئەھۋال
ئانچە پەرقلىق بولمىغان. ۋ.كوپپېرىسنىڭ قارىشىچە، ياۋروپالىقلارنىڭ تەشكىلات ۋە سىياسىيدىكى ئۇتۇقلىرى
بوزقىر خەلقلىرى ـ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن ئىزاھلىنىش كېرەك. ئارلىشىش ۋە
قوشۇلۇش دەرىجىسىگە يېتىپ بارغان بۇ مۇناسىۋەتنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردا ئارال كۆلى
ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. ③بۇ مەلۇماتلار بىزنى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ
ئاسىيا ـ ياۋروپا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرلىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى مىلادىيىدىن خېلى
.بۇرۇنقى دەۋرلەردىن ئىزدەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدى
ھۇن ـ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئاھالىسى سۈپىتىدە قوبۇل
قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۈچۈن ئېتنىك تىرمىن ھېسابلانغان «تۈرك» سۆزىنىڭ تارىختا كۆرۈلۈشى
ناھايىتى كېيىنكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا»دا «تۈرك»
دېگەن نام تۇنجى قېتىم ئەينەن تەلەپپۇزدا تىلغا ئېلىندى. مىلادىيە 6 ـ ئەسىرگە كەلگەندە كۆك تۈرك
ئېمپېرىيىسى بىۋاستە «تۈرك» دېگەن نامدا ئاتالغان تۇنجى سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە نامايەن
بولغاندىن كېيىن، «تۈرك» دېگەن بۇ نام ئېتنىك كېلىپ چىقىش، تىل ـ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق
جەھەتلەردە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى ئاتايدىغان ئورتاق نامغا
.ئايلاندى
تۈرك» دېگەن نامنىڭ ئىپادە قىلدىغان مەنا ـ چۈشەنچىسى توغرىسىدا، مىلادىيە 515 ـ يىلىغا ئائىت »
ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈردىغان پارىسچە بىر ھۆججەتتە، «قۇدرەتلىك ـ كۈچلۈك ھۇن» دېگەن مەنىدە
«تۈرك ـ ھۇن» سۆزى تىلغا ئېلىنغان. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ»
داستانىدا: «قۇدرەت ۋە قۇۋۋەت بىلەن ھۆكۈمدار بولغان سېنىڭ ئاتاڭ» مەنىسىدىكى «بەگ ئەردى ئاتاڭ
ئېلىدە ئەرك تۈرك تۆرە» دېگەن مىسرالاردا قۇدرەت مەنىسىدىكى ئەركتە ياندىش مەنىدە «قۇۋۋەت» سۆزى
ئورنىدا «تۈرك» سۆزى ئىشلىتىلگەن. ۋەسىقلەردە ناھايىتى ئۇچۇق تىلغا ئېلىنغىنىغا قارىماي، ئالىملار پەقەت
ف.ك.مۇللېر 1911 ـ يىلى «ئۇيغۇرىكا» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ سانىدا قەدىمكى بىر ھۆججەتكە ئاساسلانغان تەتقىقات
نەتىجىسىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن «تۈرك» سۆزىنى «قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، كۈچ ـ قۇۋۋەت»

.مەنىسىدە قوبۇل قىلىشقا باشلىدى

ئۇرال ـ ئالتايشۇناسلىق ئىلمىدە تىلغا ئېلىنىدىغان ئالتاي دەۋرى (؟) تىل تارىخى تەتقىقاتچىلىرى
تەرىپىدىن تۈركىي ـ مۇڭغۇل ـ تۇڭگۇس(مانجۇ) تىللىرى تىل بىرلىكىگە ئىگە دەۋر دەپ قارىلىۋاتقان تەخمىنىي
بىر دەۋر. «ئالتاي تىللىرى»نىڭ بۇنداق تۇغقانچىلىقىنى قوبۇل قىلمىغان ئالىملار بۇنداق بىر دەۋر بولغان
ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئۇلار «ئالتاي تىللىرى»دا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا
ئۇرۇنغان تېمىلارنىڭ 95% تى ئىشەنچىسىز ھەم ئەھمىيىتى يوق، بەلكى «ئەڭ قەدىمكى ئانا تۈركچە» دەپ
ئاتاشقا بولىدىغان بىر دەۋرنى تەسەۋۋۇر قىلماق تېخىمۇ ھەقىقىي بىر پەرەزدۇر، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.
لېكىن، بۇ دەۋرمۇ تارىخنىڭ قاراڭغۇ چاغلىرىغا تەئەللۇقتۇر. بۇنىڭ دەۋرە سۈپىتىدە ئېنىق بىر دەۋر
بېكىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4000 ـ يىلانى كۆرسەتكەنلەر بار، «ئالتاي تىللىرى»
نەزەرىيىسىگە قارشى چىققۇچىلاردىن ئېنگىلىز تۈركولوگى س.گ.گىلاۋسون بىلەن نېمىس تۈركولوگى دېئوفىر بۇ
تىللاردا سىنتاكسىس، مورفولوگىيە جەھەتلەردە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار دېيىشنىڭ ھېچقانداق بىر ئىلمىي
ئاساسىنىڭ يوقلۇقىنى ئۆز تەتقىقات ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن، ئۇلار تۈركىي تىل بىلەن مۇڭغۇل تىلىدا
ئورتاق دەپ قارىلىۋاتقان سۆز ئېلېمېنتلىرىنىڭ بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا ئۆتكەن ئۆتۈنمە سۆزلەر ئىكەنلىكىنى،
بۇ ئىككى تىل گۇرۇپپىسىدىن تۈركىي تىلىنىڭ سۆز ۋە باشقا تىل ئېلېمېنتلىرىنى بەرگۈچى، مۇڭغۇل تىلىنىڭ
ئۇنى قوبۇل قىلغۇچى تىل ئورنىدا تۇرغانلىقىنى ئالغا سۈرگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئالتاي تىللىرى»دىكى
350 كە يېقىن ئورتاق سۆزلەردىن پەقەت 18 سۆز ھەر ئۈچ تىل گۇرۇپپىسىدا مەۋجۇت. تۈركىي تىل بىلەن
مۇڭغۇل تىلىدا ئورتاق سۆز 180 گە يېتىدۇ. مۇڭغۇل تىلى بىلەن تۇڭگۇس ـ مانجۇ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق
سۆز 150 كە يېقىن. تۈركىي تىل بىلەن تۇڭگۇس تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق سۆز بولسا پەقەت تۆت سۆزدىن
ئىبارەت. بۇ ئۈچ گۇرۇپپا تىلىدىكى ئورتاق سۆزلەر بىلەن بىر خىل يىلتىزداشلىقنىڭ ياكى تۇغقانچىلىق
مۇناسىۋىتىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى بۇ سۆزلەر تۈركىي تىلىدىن مۇڭغۇل تىلىغا، مۇڭغۇل تىلىدىن
تۇڭگۇس تىلىغا ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردا كىرىپ كەلگەن بىر خىل مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ بەلگىسىدۇر. بۇ
خىل تەسىر يەنە كورىيە ۋە ياپون تىلىغىمۇ سىڭىپ كىرگەن. ④بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى،
بۇ ئۈچ گۇرۇپپا تىلىدىكى ئورتاقلىق پەقەت 5% نى ئىگىلەيدۇ. ئەمما، ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىدىكى ئورتاقلىق
.⑤بولسا 46% نى تەشكىل قىلىدۇ
تۈركىي تىللىق مىللەتلەر جۇملىدىن ھۇنلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ئەڭ قەدىمكى ئاتلىقلار مەدەنىيىتى
دەۋرىدە، خۇاڭخېنىڭ شىمالىي ۋە غەربىگە، ھىندىستان، مېسوپاتامىيە، ئاسۇرىيە ۋە قارا دېڭىز ساھىلىغا تەسىر
كۆرسەتكەن. بىز بۇنى سكىتاي مېتال بۇيۇملىرى، ھىندىستاندىكى ئارى ئەپسانىلىرى، سۇمېر خارابىلىرى،
ماكدونىيە ئاتلىق قوشۇنلىرى ۋە گېرېك تىبابەتچىلىكىدىن كۆرەلەيمىز. ⑥تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شەرقىي
ئاسىيادىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن سۆز ئاچقاندا، ئالدى بىلەن جۇڭگودا ھۆكۈم سۈرگەن غەربىي جۇ سۇلالىسى
(مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1077 ـ 771 ـ يىللار)نى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قۇرغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. تۈركىي
تىللىق مىللەتلەر شىيا سۇلالىسى دەۋرىدىلا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 21 ـ 16 ـ ئەسىرلەر) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە
ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىنى سىڭدۈرۈشكە باشلىغان. شىيا، شاڭ ۋە غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىلا
جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلىرىنى قەدىمكى خەنزۇ ئاپتورلىرى «گۈيفاڭ،

دېگەنناملاردا ئاتىغان. غەربىي جۇ (狄، 戎)ۋە روڭ ـ دى (猃晕)««شيەنيۈن

سۇلالىسى دەۋرىدە بىر سېھىربازلىققا، يەنە بىر دىنىي پىرىنسىپلارغا ۋەكىللىك قىلىش يولى
بىلەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ «قوش خانلىق تۈزۈمى» ئاساسىي ئورنىدا تۇرۇپ
كەلگەن. زامانىمىزدىكى بەزى خەنزۇ ئاپتورلىرى ئۆزىنىڭ قەدىمكى تۈرك ـ خەنزۇ
مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئەسەرلىرىدە جۇ پادىشاھى تۇنىنىڭ دەۋرىدىن
مىراس سۈپىتىدە «ئەتى»، «قۇتا»، «ئانرۇ»، «تاي» دېگەنگە ئوخشاش تۈركچە

سۆزلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى⑦. يۇقىرىدىكى مەنبەلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك،تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېڭى بىر خىل ھاكىمىيەت تەشكىلى بىلەن يېڭى بىر خىل دىنىي ئەقىدىنى ئېلىپ كىرگەنىدى. جۇ سۇلالىسىدە كېيىنكى چاغلاردا تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە كۆرۈلگەن بەزى ئادەتلەرنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلار تىل پاكىتلىرىغا قارىغاندا، تېخىمۇ كۈچلۈك. جۇ لاردىكى ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ياكى ئۆلارنى مۇقەددەس بىلىش ئادىتى پۈتۈنلەي تۈرۈكچە ئېتىقاد بەلگىسى ھېسابلىناتتى. ئاتنى تۇنجى بولۇپ ئېلىپ كىرگەنلەر يەنە شۇ جۇ سۇلالىسىنى قۇرغان كىشلەر بولدى. ۋ.كوپپىرىس ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېڭى بىر خىل دۆلەت تەشكىلاتىنى ئېلىپ كىرگەن ئاتلىق تۈركىي تىللىق خەلق سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. ۋ.ئېبىرخارد جۇڭگونىڭ مىللەت، تىل ۋە مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي ئاسىيادىكى سۈمېرلارنىڭكىگە ئوخشاش قوۋملەرنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، بۇنى تونۇپ يېتىش ئۈچۈن ئىشنى ئالدى بىلەن «چېگرا مىللەتلىرى مەدەنىيىتى »نى تەتقىق قىلىشتىن باشلاشنىڭ ئەڭ توغرا يول ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.بىز سەددىچىن سېپىلىنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانلىرىنى، سەددىچىن سېپىللىرىنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلغان جەڭ ـ جېدەللەر، سودا ۋە دوستانە ئالاقىلەرنى، خۇاڭخې ساھىلى مەدەنىيىتىنىڭ روناق تاپقانلىقى ۋە ئۇنىڭ سىنكرېتىك تارىخى قاتلاملىرىنى مەنبۇى جەھەتلەردىن بولمىسۇن تاكى يېقىنقى زامانغىچە ئىزچىل تەرىزدە خۇاڭخې ۋادىلىرىنى مەركەز قىلىپ شەكىللەنگەنلىكىنى ئاقلانە قايتا مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، يايلاق ـ بوستان مىللەتلىرىنىڭ، يايلاق ـ بوستان يولى مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگو سىنكرېتىك مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا بولۇشتا ئوينىغان رولىنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن كونا تارىخى قاراشلاردىن زور دەرىجىدە سالماقلىق بولغانلىقىنى بايقايمىز.ھەققەتەن جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىدە ياشىغان گۇيفاڭ، دى ـ زەي، ھۇن، توخار، كۆك تۈرۈك، توققۇزئوغۇز،سوغدى، قىتان، مۇڭغۇل قاتارلىق خەلقلەر ۋە ئۇلارغا قېرىنداش قەبىلىلەر ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ «ئات ئۈستىدىكى ئۈچۈرچىسى» سۈپىتىدە، خۇاڭخې ۋادىسىنى ئەينى زامان مەدەنىيىتىنىڭ يېڭىلىقلىرى بىلەن خەۋەردا قىلىپ كەلدى. بىز خۇاڭخې ۋادىسىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ئۈلگىلىرىنىڭ يىراق ـ يېقىن جايلارغا تارقىلىشىنى يەنىلا شىمال ۋە غەربتىكى يايلاق ـ بوستان خەلقلىرىنىڭ ئوينىغان ۋاستىچىلىكى ئاساسىدا چۈشىنەلەيمىز. ⑧

خۇاڭخې دەرياسىغا قوشۇلىدىغان ۋېيخى دەرياسى ھاۋزىسى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىر ئۈچۈن بوزقىر ـ يايلاق كارىدورىنى تەشكىل قىلغانىدى. بۇ يەردە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردا رەڭلىك ساپال بۇيۇملار مەدەنىيىتى ـ ياڭشاۋ مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. ۋ. ئېبىرخارد بۇ مەدەنىيەتنىڭ غەربىي ئاسىيا مەنبەلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەدەنىيەت ئالاقىسى بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دى)خېتى چىغناق ـ تاغاق پۈتۈكتە «*»شەكلىدە پۈتۈلگەن. ئۇخۇددى ) «帝» قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا

دوۋلەپ قويغان ئوتۇنغا ئوخشايتتى. قەدىمكى چاغلاردا ئوتۇن دوۋىسىگە ئوت يېقىشتىكى مەقسەت ئاسماندىن تەڭرىگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشتۇر ئوتۇن كۆيگەن ۋاقىتتا ئوت ئۇچقۇنلىرى يالىلداپ ئاسمان ئىلاھىنىڭ سېھرىي

( 帝神 )«خېتىنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئاسمان ئىلاھى «帝» كۈچى نامايان بولىدۇ. شۇڭا خەنزۇچە

دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىسى قىزىقكى، خەنزۇ تىلىدىكى بۇ سۆزنىڭ نېمە ئۈچۈن «دى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىنى گومۇرۇ ئەپەندى قەدىمكى بابىلون يېزىقىدىكى«*»خېتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىغان. جۇڭگونىڭ چىغناق ـ تاغاق يېزىقى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1500 ـ يىللاردا بارلىققا كەلگەن. ئەمما، بابىلونلۇقلارنىڭ يېزىقى مىلادىيىدىن بۇرنقى 3000 ـ يىللاردا بارلىققا كەلگەن. ⑨ خەنزۇچە«رەمنامە»دىكى 12 مۆچەلنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت باتانلار ۋە ئاندىرسوننىڭ رەڭلىك ساپاللار توغرىسىدىكى ھۆكۈمى بويىچە، شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بابىلونلۇقلار بىلەن جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە روشەن ئالاقىسى بولغان ⑩.يەنە بىر تەرەپتىن كالىندارغا ئائىت تەتقىقاتلار بابىل ئاسترونومىيىسىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى

1500 ـ يىللاردا جۇڭگوغا تارقالغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەلامدىكى ئانو ئىلاھى قارىشىنىڭ بۇ يولدىن جۇڭگوغا تارقالغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقاراشقا ئوخشاش، سۇمېر تىلىدىكى «دىڭگىر» سۆزىنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى «تېڭگېرى» سۆزىگە ئالماشقىنىغا ئوخشاش «تەڭ» ، «ئەرى» يەنى «ئاسمان ئىگىسى» دېگەنلىك

(天)«بولىدىغانلىقى ۋە ئاسمان مەنىسىدىكى بۇ تۈركچە «تەڭ»سۆزىنىڭ جۇلار ۋاستىسى بىلەن «تيەن

≪⑪ .دېگەن شەكىلدە خەنزۇلارغا تارقالغانلىقى كۈچلۈك ئېھتىمالىققا ئىگە

جۇڭگو سەنئىتى تەتقىقاتى بويىچە مۇتەخەسسىس ك.ۋ. بىسخوپ 1937 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پىروفېسورلىرىدىن دوكتور تۇماس رىئاتقا يازغان خېتىدە، جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆمۈر قوراللىرىنىڭ ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدە بولۇپمۇ جۇ سۇلالىسى تەۋەسىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىغا ئاساسەن، ئۇ تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى بوزقىر كارىدورى ـ ۋېيخې دەرياسى ھاۋزىسى بىلەن غەربتىن كېلىپ جۇ سۇلالىسىنى قۇرغانلارنىڭ ئېلىپ كىرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو مەنبەلىرىدە ساقلانغان مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ھۇن تىلىغا ئائىت سۆزلەر ئىچىدە تۆمۈر (تې ـ فەن) دېگەن سۆزمۇ ئۇچرايدۇ. ⑫ ھىندىلارنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرگە ئائىت ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان داستانلىرىدىن «ماخابخاراتا» دىمۇ تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ شىمال ـ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ۋ.رۇبىن: «تارىخى ۋەسىقىلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر زېمىنىنى (ئوتتۇرا ئاسىيا )تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەن يەر، دەپ قوبۇل قىلماق زۆرۈردۇر»⑬ دەيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى2000 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.شۇنىڭدىن باشلاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان تۆمۈر قورالla دەۋرىنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنى مۇنداق :ھىندىستاندا مىلادىيەدىن بۇرنقى 2000 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرى، مىسىردا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1200 ـ يىللىرى، ئاق دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1100 ـ يىللىرى، ئوتتۇرا ياۋروپادا ⑭ .مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 800 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ

فىنلاندىيىلىك مۇڭغۇلشۇناس رامستېيدە خەنزۇ(شىمالىي جۇڭگودىكى) ۋە كورىيە تىللىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە سۆزلىنىۋاتقان شېۋىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تۈركىي تىلىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلى ئۈستىدىكى تەسىرىنى ئېنقلاپ چىقىش بىلەن بىرگە، يەنى تۈركىي تىلىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەرەققىيات رايونى شىمالىي جۇڭگو ۋە كورىيە ئەتراپلىرى، دېگەن قاراشنى كۈچەپ تەرغىپ قىلغان. ئۇ كورىيە تىلىدا قەدىمكى تۈركىي تىل تەركىبلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى ساقلانغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى بىر تۈرك تىلى شېۋىسىدىن تۆرەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن، بۇ ئالىم ئۆزىنىڭ مەنقۇلاتلىرىدىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى «تۈرك تىلىنىڭ مەنبەسى»دېگەن تېمىدا، 1935 ـ يىلى فىنلاندىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇپ ئۆتكەندىن باشقا نەشرىياتلاردا بۇ ھەقتە ئەسەر ئېلان قىلالمىغان. ئا.زەكى ۋەلىدى توغان 1937 ـ يىلى رامستېيد بىلەن كۆرۈشكەندە،تۈركىي تىلىنىڭ سىنو ـ كورىيە (خەنزۇ ـ كورىيە) تىلىرى ئۈستىدىكى تەسىرى توغۇرلۇق نۇرغۇن تىل پاكىتلىرىغا ئېرىشكەن. تۆۋەندە رامستېيد تەمىنلىگەن پاكىتلار ئاساسىدا مىسال كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى «ساز تۈركچىسى» دىكى «ئېغىز» (ئاغىز)، «باشماق»، «ئىش» ۋە «ئاش»دېگەن سۆزلەر سىنو ـ كورىيە تىللىرىدا قەدىمكى «لىرتۈركچىسى »بىلەن بىر خىل ھالدا «ئاغۇرى»، «بالماق»، « ئىل» ۋە «ئال»دېگەن شەكىللەردە ئەسلى مەنىسىدە ساقلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يېزا ئاقساقالى مەنىسىدىكى «چوپان»(چوبان) سۆزى سىنو ـ كورىيە تىلىدا «مىنىستىرنىڭ باش كاتىپى»(سكرتار) دېگەن مەنىنى ئىپادە قىلىدۇ. يېرىم مەنىسىدىكى «پۇچۇق» سۆزى كورىيە تىلىدا «پچوق»شەكلىدە ئاتىلىدۇ.دۆلەت تەشكىلاتىغا ئائىت ئاتالغۇلاردىن «قاغان»، «قان»(خان)، «تارخان» دېگەن نامالارمۇ مۇشۇ تەلەپپۇزى ۋە مەنىسى بويىچە ئاتىلىدۇ. «تۇز» سۆزى سۇقۇمى مەنىسىدە «سۇ ⑮ .قوم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە غەربىي جۇ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيى، ئۇلارنىڭ كۆك تەڭرى دىنىي ئېتىقادىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ، خەنزۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئىدېئولوگىيىسى ۋە ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ بۇ دىنىنىڭ تەڭرى، تۆرە، قۇت، دۆلەت ۋە قاغان چۈشەنچىلىرى كۈڭزىچىلىق ئىدىيىسىگە بەكمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى .ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا بىر قېتىملىق مەدىنىيەت ئۆزگۈرۈش ھادىسى كۆرۈلۈپ ، يەر- بەركەت تەڭرىسىنىڭ يېنىدا كۆك تەڭرى دىنى ئۆز تەسىرىنى كۆرستىشكە باشلىغان. جۇڭگۇ تارىخىنىڭ ھەقىقىي باشلىنىش نوقتىسى بولغان جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي شىمالنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچىيىپ بارغان. جۇلار كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئېتىقادىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆك تەڭرى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. پايتەختى لوياڭمۇ بۇ دىنىڭ تەسىرى بىلەن پۈتۈن دۇنيانىڭ مەركىزى دەپ ھېسابلانغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەنزۇ پادىشاھلىرى ئۆزىنى

دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن . تۈركىي تىللىق «天子» «كۆكنىڭ ئوغلى» ياكى «تەڭرىقۇت» دېگەن مەنىدە

مىللەتلەردىكى تەڭرىنىڭ قۇت بېغىشلىشى بىلەن دۇنيانى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا تايانغان ئالەمشۇمۇل (ئۇنىۋىرسال) ھوكۇمرانلىق چۈشەنچىسى جۇلاردا كۆك تەڭرى دىنىنىڭ كۈچەيگەن دەۋرىدىن ئېتىبارەن تېخىمۇ تەرەققى قىلىپ، جۇڭگۇدا «كۆكتە بىر تەڭرى، يەردە بىر پادىشاھ »دەيدىغان چۈشەنچە بارلىققا كەلگەن . نەتىجىدە پۈتكۈل دۇنيا جۇڭگو پادىشاھىغا تەۋە رايون دەپ ھېسابلانغان. كۆك تەڭرى دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېتىقادلارنىڭ تەرەققىياتى شىمالىي جوڭگونى ناھايىتى بۇرۇنلا بىر تەڭرىلىك چۈشەنچىگە، تېخىمۇ توغرىسى بىر مۇقەددەس ئېتىقادقا ئېلىپ كىرگەن.بۇ خىل ئېتىقاد چۈشەنچىسى ئاساسىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىمۇ «يەر، كۆك ۋە ئىنسان»دىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن بارلىققا كەلگەن بىر خىل كائىنات دۆلەت چۈشەنچىسى ئومۇملىششقا باشلىغان. ئەسلى كۆپ تەڭرىلىك ئېتىقاد ئومۇملاشقان جوڭگودا تەڭرىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان

زىرائەت -تۇپراق تەڭرىسى ھېسابلىناتتى. تۇپراق ئانا تەڭرى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىناتتى. كېيىن (帝) دى

كۆك تەڭرى دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن دى ئىنسانلارنىڭ ئاتا تەڭرىسىگە ئايلاندى. قىسقىسى، ئۇ فرانكىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنىڭ كۆك تەڭرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئەسلى بۇ يەرنىڭ سىياسىي-ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدە مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. بۇ شىمالدىكى .تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىنغان

تۈرۈك تارىخى مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارغا ئاساسلانغاندا ، ئات مەدەنىيىتى ھۇن-تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت سېستىمىسىدا ئالاھىدە بىر مەدەنىيەت تىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ مەدەنىيەت يەنە ھىندى-ياۋروپا مىللەتلىرى، فىن- ئوغۇرلار ۋە مۇڭغۇللارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە. ئات مەدەنىيىتى بىر خىل مەدەنىيەت چەمبىرىكى سۈپىتىدە نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا چېتىلغاچقا،ئۇزاقتىن بۇيان بۇ تېما خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە جىددى تەتقىق قىلىنغان .مەسىلەرنىڭ بىر بولۇپ كەلدى

ئاتنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرا ئاسىيادا قولغا ئۆگىتىلگەنلىكى ھازىر ھەممە كىشى تەرىپىدىن ئېتىراپ ،قىلىنغان بىر ھەقىقەتكە ئايلىنىپ قالدى. ۋ.سىمىت، ئۇ.مىنخېن، ۋ.كوپپېرس ف.فلور ۋە ب.ئۆگەل قاتارلىقلار ئاتنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تەرىپىدىن قولغا ئۆگىتىلگەنلىكىنى كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن دەلىللەيدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە بايقالغان قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئات سۆڭەكلىرى ئۇچرايدۇ. تۈركمەنىستاندىكى ئاشخاباتتا تېپىلغان ئانائو مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى ئىزلىرىدا ئات سۆڭەكلىرى بايقالدى. دېمەك، ئات بۇ مەدەنىيەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان، ئارخىئولوگىيە ساھەسىدە بۇ مەدەنىيەتنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا بىر قاراشتا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى **4500**-يىللاردا باشلانغان دېيىلسە، يەنە بىر خىل قاراشتا تەخمىنى، پەرەز بويىچە، بۇنىڭدىن **9000** يىللار بۇرۇن باشلانغان، دېيىلمەكتە. ئانائو مەدىنىيىتىنى ياراتقان ئىنسانلارنىڭ ئېتىنىك تەۋەلىك مەسىلىسىدە، ئۇلار تۈركىي تىللىق خەلق ياكى ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى(**21**)دەپ قارالماقتا. چۈنكى، بۇ

مەدەنىيەت ئىزلىرىدا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى پىروتو تىپى ھېسابلانغان بىراكسفال باش سۆڭەكى تېپىلغان.
تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي،ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئاتنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى غەربىي ئاسىيا ۋە ھىندى ـ گېرمانلارنىڭ ھاياتىدا ئاتنىڭ ئىگىلىگەن ئورنىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇردۇ.(22)ئۇ.مىنخىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ئات ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان «چارۋىچى ئۆرۈشقاقلار ـ جەڭگىۋارلار مەدەنىيتى» بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ بولۇپمۇ پىروتو تۈركلىرگە خاس مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ. (23)ھۇن ـ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئات مۇقەددەس سانىلاتتى. ئاتنى قۇربانلىق قىلىش كۆك تەڭرى دىنىدىكى چوڭ قۇربانلىق قىلىش مۇراسىملىرىدىن بىر ئىدى. بۇ مۇراسىم ئادىتى كېيىن خەنزۇ ۋە ھىندى ـ گېرمانلارغا ئۆتكەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاتنى مىلادىيىدىن 15ئەسىر بۇرۇن شىمالدىكى ھۇن ـ تۈركىي تىللىق خەلق لەر تۇنجى قېتىم ئېلىپ كىرگەن (24)كېيىن خەنزۇلار ئات مىنىشنى پەقەت مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 300 ـ يىللارغا كەلگەندە ھۇنلاردىن ئۆگەنگەن. ئەرەبىستان بىلەن شىمالىي ئافرىقىدا ئات مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1200 ـ يىللاردا كۆرۈلگەن. شىمالىي كاۋكاز بىلەن ئىراندا ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەڭ دەسلەپكى تېپىندىلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 900 ـ 500 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. «تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ 3 ـ توم، 195 ـ بېتىدە: «ھارۋا دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2500 ـ يىللاردىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىجاد قىلىنغان. ئات قوشۇلغان ھارۋا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىلى تۈركلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن. ئۆرۈش ھارۋىسى .مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1450 ـ يىلى ھۇن ـ تۈركلەردىن كەلگەن»دەپ يېزىلغان
خەنزۇچە مەنبەلەردە شىمالدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى توغرىسىدا: «شىماللىقلار دىلار

چېچىنى ئۇزۇن (北 狄)دېيىلىدۇ. ئۇلار يۇڭ ۋە قۇش پەيلىرىنى كىيىم قىلىدۇ»، «شىمالىي دىلار (狄)

قويۇۋەتكەن، چاپىنىنىڭ پېشىنى سول يېنىدىن ئاچىدۇ»، «شىمال ئەل ئادەملىرى بېشىغا ياغلىق چېگىدۇ، جۇۋا كېيىدۇ» دېيىلگەن. مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئۇلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى پەرقلىنەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشلىرى ھۇن ـ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كېيىنىش ئادىتىنى قوبۇل قىلغانىدى. «چىن ۋېنگۇاڭ رەختتىن كىيىم، تىرىدىن جۇۋا كېيەتتى، بېلىگە شەمشەر ئاساتتى»، «جاۋ بېگى ۋۇلىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، پۇقرالارنى مۇنچە كىيىندۈرۈپ، ئات مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەتتى»(25)دېيىلىشى بۇنىڭ مىسالىدۇر. دېمەك ياڭ شاۋ مەدەنىيتى دەپ ئاتالغان ۋە بۇگۈنكى جۇڭگو مەدەنىيتىنىڭ ھەقىقىي ئاساسىنى تەشكىل قىلغان بۇ يېڭى مەدەنىيەتتە، بۇنىڭ سىياسىي ساھەدىكى ئىپادىسى بولغان جۇ سۇلالىسىدىكى بەلگىلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك بۇ دەۋىردىكى جۇڭگودا ئىقتىزادىي جەھەتتە ئات يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەت جەھەتتە كۆك تەڭرى دىنىي ئەقىدىسىنىڭ كۆچىيىشى، سىياسىي جەھەتتە قوش خانلىق تۈزىمى ۋە تەرەققىي قىلغان ھەربىي خارەكتىر قاتارلىق تۈركىي (مەدەنىيەت ئېلمىنتى كۆرۈلگەندى.(26
مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى ھىندىستانغا ئارىئانلار كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن شەكىللەنگەن خاراپپا (پەنجاپتا) ۋە موخۇنجودارا (پاكىستاننىڭ سىندۇ ئۆلكىسىدە) شەھەر خارابىلىرىنى تەكشۈرگەندە بايقالغان مەدەنىيەتنىڭ ئاۋۇسترو ـ ئاسىياتىك ھىندونىز قوۋملىرىنىڭ باشقا قوۋملەر بىلەن قوشۇلىشىدىن بارلىققا كەلگەن ئارلاشقا مەدەنىيەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنىڭغا ئالتاي قوۋملىرىنىڭمۇ ئارلاشقانلىقى بۇ خارابىدە تېپىلغان ھەيكەللەر ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تىپىغا كىرىدىغان، بېشىدىكى چېچى لىنتا بىلەن باغلانغان بىر ھەيكەلنىڭ بار ئىكەنلىكى (شائادەت بولىدۇ.(27
ھىندىستاننىڭ ئىندوس ۋە پەنجاپ ۋادىسىغا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە تۇنجى تۈرك كۆچ ھەرىكىتىنىڭ باشلانغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا.(28) ھىندى مەنبەلىرى «ساگا»، «تۇرۇشكا» (تۈرك) ۋە «ھۇنا» (ھۇن)

قەدىمكى ھىندى 믔(تۈركىي قوۋملىرىنى تىلغا ئالىدۇ.(29믔دېگەن ناملار بىلەن

رىۋايەتلىرىدىن «پۇنداخشت» تا بولسا، ئافراسياپ (ئالىپ ئەرتوڭا) ساكلارنىڭ ھۆكۈمدارى، دەپ ناھايىتى ئېنىق سۆزلىنىدۇ. موخونجودارا مەدەنىيىتىدە سوغا چوقۇنۇش ئېتىقادى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. بۇ مەدەنىيەتتە گەۋدىلەنگەن ئۆلگەن كىشىنى سۇغا دەپنە قىلىش ئارقىلىق گۇناھىنى يۇيۇش، سۇدا ئۆلۈشنى شەرەپ دەپ (بىلىش، سۇ روھلىرىغا ئىشىنىش ئەسلى تۈركلەردە ئەۋج ئالغان مەدەنىيەت بەلگىسى ھېسابلىناتتى(30 ۋ. رۇبىن بۇدا دىنىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ دەرەخنى توتېم قىلىش، ئىككىلىك سېستىمىسى، قوش خانلى تۈزۈمى، كۆچمەن ۋە تۆمۈرچى قوۋم چۈشەنچىسى بار ئىككەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ھىندىلارنىڭ «ماخابخاراتا» داستانىمۇ تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ھۇنگىرىيە ئالىملىرىدىن ۋ.ۋ.خېۋسي ھىندىستاندىكى مۇندا تىلىدا ئورال ـ ئالتاي قاتلىمىنىڭ ئىزلىرىنى تەتقىق (قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان.(31

ئالىملار سۇمېرلارنىڭ زاتىنى ئالتايغا ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە باغلىماقتا. (32) ئۆتكەن ئەسىرە ئېنگىلىزلاردىن سىرلاۋلىنئوس سۇمېرلار سكىتلەردۇر. ئۇلارنىڭ تىلى بولسا، مۇڭغۇل ـ مانجۇ تىللىرى بىلەن تۇغقانچىلىقى بولغان تۇران تىل سېستىمىسغا (ئالتاي تىلى سېستىمىسغا) مەنسۇپ دەپ قاراپ، سۇمېرلارغا ئائىت كېيىنكى چوڭ كەشپىياتلارغا يول ئېچىپ بەرگەنىدى. غەربىي ئاسىيانىڭ سۇمېر، ئەلام ۋە ھۇرى قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەتلىك قوۋملىرىنىڭ مۇئەييەن بىر ئېتنىك گۇرۇپپىغا ۋەكىللىك قىلماستىن، ئەينى چاغدا ھىندىستان ۋە يىراق شەرقتە بۈيۈك خانلىق ۋە مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلغان قوۋملەرگە ئوخشاش بىر ـ بىرىگە ئارلىشىپ كەتكەن ئېتنىك توپ ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. سۇمېرلار بىراكسفال (ئاق تەنلىك)كىشلەر ئىدى. ئالدىنقى ئاسىيا تارىخى ئالىمى، پىرافېسسور هوممېل ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن بىرىدە، سۇمېرلارنى پۈتۈنلەي بىر تۈرك قوۋمى ھېسابلاپ، «تۈركىي قوۋملىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن بىر بۆلىكى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى5000 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، غەربىي ئاسىياغا كەلگەن ۋە سۇمېرلارنى تەشكىل قىلغان. سۇمرلارنىڭ تىلىدىن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر تۈركىي تىلىنىڭ ئاشۇ دەۋردە قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرىدۇ» ،دەپ يازغان. هوممېل يەنە بىر ئەسرىدە سۇمېر تىلىدىكى 350سۆزنى تۈركىي تىل بىلەن ئىزاھلاپ ،سۇمېر تىلىدىن تۈركچە جۈملە تۈزۈپ چىققان.(33) سۇمېرلارنىڭ شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەنلىكى ئارخېئولوگىيە ۋە فىلولوگىيە تەتقىقاتى نەتىجىسىدىمۇ ئىسپاتلاندى. «بۇددىزىم سەنئىتى» دېگەن كىتابنىڭ 8 ـ توم، 292 ـ بېتىدە، سۇمېرلارنىڭ مسۇپاتامىيەگە سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەنلىكى سۆزلەنگەن. ھەقىقەتەن قەدىمكى چاغلاردا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بىر بولىكى ئىران ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، مسوپاتامىيەگە بارغانلىقى كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە. ئۇلار تۇنجى مەدەنىيەتلىك مىللەت سۇمېرلاردۇر. سۇمېرلارنىڭ تىلى سام (مىسىرلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى) ياكى ھىندى ـ ياۋروپا تىلى بولماستىن،بەلكى تۈرۈكچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «بىرلەشمە گۇرۇپپا تىلدۇر.» (34) سۇمېر تىلى يىپىشقاق تىل بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئورال ـ ئالتاي تىللىرىدىن تۈركىي تىلى بىلەن ۋە بەزى كاۋكاز تىل تارماقلىرى بىلەن خېلىلا ئوخشاشلىقا ئىگە. سۇمېر تىلى جۈملە تۈزۈلشى جەھەتتىنمۇ تۈركىي تىلغا ئالاھىدە يېقىن. سۇمېر تىلدا كومپىلېكس جۈملە تۈزۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان زەنجىرلىمە جۈملە شەكىلى بار. يەنى سۆز ـ ئىبارىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن تىزىلىپ كېلىپ، ئاخىرىدا بىر خىل گىراممانىكلىق قۇشۇمچە بىلەن باغلانغان ھالدا بىر پۈتۈن جۈملە تەشكىل قىلىدۇ. تۈركچىدە ۋە سومېر تىلدا بىرىنچى شەخس ئۈچۈن «م» ، ئىككىنچى شەخس ئۈچۈن «س» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىدۇ. لوغەت تۈزۈلۈشى جەھەتتە پەقەت تۈركىي تىل بىلەن سۇمېر تىلى ئارىسىدا قانائىتلىنەرلىك بەزى ئېتمولوگىيىلىك يېقىنلىقلارنى بايقىغلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئېرىشىش ئۈچۈن مەشھۇر ئالىم هوممېل رەتلەپ چىققان 350 سۆزنى تەتقىق قىلىش كېرەك. (35) سۇمېر تىلدا ئىلاھ مەنىسىدىكى «دىڭگېر»سۆزى تۈركىي تىلىدا تەڭرى دېگەنلىك بولاتتى. تۈركىي تىلدىكى «تەڭرى »سۆزىنىڭ « دىڭگېر» دېگەن ۋارىئانتى قەدىمكى مۇڭغۇل تىلىغا قوبۇل قىلىنغانىدى. «پالتا» (ھازىرقى پالتا سۆزى)، «ئازىق»(ئۇلۇغ) سۆزلىرى سۇمېر ـ تۈركىي تىللىردا ئورتاق ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۇمېرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ـ ھۇن ـ ساك ۋە باشقا تۈركىي قوۋملىرنىڭگە ئوخشايدىغان دەپنە قىلىش ئادەتلىرى، ئەلام تىلىدىكى تۈركىي تىل بىلەن ئورتاق

بولغان تەركىبلەر ۋە ئۆلاردىكى ئاتىچلىق ئىگىلىكى، ھۆرى تىلىنىڭ تۆركىي تىل بىلەن تۇغقانچىلىق دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ غەربى ئاسىيادىكى تارىختىن بۇرۇنقى ئىزلىرى ھېسابلىنىدۇ.(36)يەنە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مىسوپوتامىيەدە مەدەن يوق ئىدى.
ھالبۇكى،سۇمېر مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان مەدەنچىلىكنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ مەدەننى كۆچمەنلەر ئېلىپ كەلگەنىدى.(37)بۇنىڭدىن 4600 يىل ئىلگىرىگە مۆلچەرلەنگەن سۇمېر قەبىللىرىدىن چىققان تاغار شەكىللىك قوپال يۇڭ كىيىم بىلەن ئالتۇن، كۆمۈش، مىس ۋە قوغۇشۇن قاتارلىق مىتاللار، تارىخچىلار ئارىسىدا سۇمېرلار كان قېزىلمىسى بولمىغان،ھاۋاسى ئىسسىق بۇ دىيارغا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن،دېگەن قاراشقا ئاساس سېلىپ قويدى.(38)بىز يۇقىرىقى مەلۇماتلارغا ئاساسەن شۇنداق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويالايمىزكى،
ئۇيغۇرلارغا ئېتنىك ئاساس بولغان قەدىمكى ئالتايلىقلارنىڭ بىر بۆلىكى شۇ چاغلاردا ھازىرقى ئالتايدىن يولغا چىقىپ، غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان ۋە شۇ يەردىكى يەرلىك قوۋملار بىلەن قوشۇلۇپ، سۇمېر، ھۆرى ۋە ئەلام قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئېتنىك تەركىب ھاسىل قىلغان.
ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاپىرىدە بولغان تۈرك ئېتنىك تۈركۈمىنىڭ تەسىرىنىڭ شىمالىي ئافرىقىغىمۇ يېتىپ بارغانلىقى ئىلىم ساھەسىدە خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. قەدىمكى مىسىر تارىخى بويىچە مۇتەخەسسىسچىبىستانىڭ نىل دەرياسى ۋادىسىدا بايقىغان، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىلغا ئائىت نۇماد (چارۋىچىلىق)مەدەنىيىتى ۋە پروفېسسور سىزارماكنىڭ نوبىي تىلى بىلەن تۈركىي تىل ئارىسىدىكى ئېنىقلاپ چىققان مۇناسىۋەت دەل تارىختىن بۇرۇنقى پالئولىد دەۋرىدىكى ئورال ـ ئالتاي كۆچمەن قوۋملىرىنىڭ ئىستېلا ئىزلىرى ئىكەنلىكىنى ئالغا سۈرىدۇ. ۋ. كوپپېرسمۇ ۋىنادا نەشر قىلىنغان «ئىنسانشۇناسلىق» مەجمۇئەسىدە ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە بۇ قاراشنى كۈچەپ تەرغىپ قىلغان. ۋ.سېمېت ئۇ. مىنخىن قاتارلىقلارمۇ غەربىي ئاسىيا ۋە نىل دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمكى بۈيۈك خانلىق ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن تەشكىلاتچى ۋە ئەسكىرى قوۋمنىڭ ئولتۇراق قوۋملىرىگە تېگىش قىلىپ ئارىلىشىشىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويدى.

---

ئىزاھاتلار:
خ.فيبر: «ئىجتىمائىي نەزەرىيلەر تارىخى» ، تۈركچە ، 236 ـ بەت ①
ۋ.ئېبىرخارد: «قەدىمكى چىن مەدەنىيىتى ۋە تۈركلەر» ، تۈركچە ، 25 ـ ، 26 ـ بەتلەر ②
ۋ.كوپپېرس: «دەسلەپكى تۈركلەر ۋە ھىندى ـ گېرمانلار» ، تۈركچە ، 49 ـ ، 461 ـ بەتلەر ③
تۈرك دۇنياسى ئەل كىتابى» ، تۈركچە ، 22 ـ ، 23 ـ بەتلەر» ④
ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە ، 12 ـ توم ، 2 ـ جىلد ، 453 ـ بەت» ⑤
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئون ئىككى مۇقامغا دائىر يىگىرمە تۆت مەسىلە» ، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» ، ئۇيغۇرچە ، 1993 ـ يىل ، 1 ـ سان ، 92 ـ بەت ⑥
ئا.زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» ، تۈركچە ، 14 ـ بەت ⑦
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، ئۇيغۇرچە ، 79 ـ بەت ⑧
ۋ.ئېبىرخارد: «قەدىمكى چىن مەدەنىيىتى ۋە تۈركلەر» ، تۈركچە ، 26 ـ بەت ⑨
غەيرەتجان ئوسمان: «تۇران ئاتالغۇسى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» ، ئۇيغۇرچە ⑩

ئا.زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» ، تۈركچە ، 16 ـ بەت ⑪

سىزاكس: «ھۇنلار» ، تۈركچە ، 27 ـ بەت⑫

ئىككىنچى قېتىملىق تۈرك تارىخى كونگرېسى خاتىرىلىرى» ، تۈركچە ، 238 ـ بەت» ⑬

.ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 12 ـ توم، 2 ـ جىلد، 249 ـ بەت»(14)

.ئا.زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە،15 ـ ، 16 ـ بەتتە (15)

ئىبراھىم كافەس ئوغلۇ: «قۇتادغۇبىلىگ ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، تۈركچە، (16)
.46 ـ 47 ـ بەتلەر

ئىبراھىم كافەس ئوغلۇ: «قۇتادغۇبىلىگ ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، تۈركچە، (17)
.46 ـ 47 ـ بەتلەر

.تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 4 ـ توم، 74 ـ بەت» (18)

.ئا.زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 7 ـ بەت (19)

.تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 4 ـ توم، 74 ـ بەت» (20)

.ئا.زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 24 ـ بەت (21)
ك.بالقان: «ئات مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 14 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ (22)
.ژۇرنىلى»، تۈركچە، 1951 ـ يىل، 9 ـ سان، 85 ـ بەت DFCTD» ،«ئاكاتچە ھۆججەتلەر
.ل.راسونى: «تارىختا تۈركلۈك»، تۈركچە، 4 ـ بەت (23)
.تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 4 ـ توم، 75 ـ بەت» (24)
.بەنگۇ: «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە (25)
.ۋ.ئېبىرخارد: «قەدىمكى چىن مەدەنىيىتى ۋە تۈركلەر»، تۈركچە، 25 ـ ، 29 ـ بەتلەر (26)
.ئا.زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 12 ـ بەت (27)
ۋ.رۇبىن: «مىلادىيەدىن مىڭ يىل بۇرۇن ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىلىرىدىن كۆچكەن ھىندىستاننىڭ ئەڭ (28)
قەدىمكى تۆمۈرچىلىرى توغرىسىدا»، «ئىككىنچى قېتىملىق تۈرك تارىخى توغرىسى خاتىرىلىرى»، تۈركچە
.1943 ـ يىل، 237 ـ بەت
.ئا.زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 406 ـ بەت (29)
قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا جۇملىدىن ئالتاي دالىسىدا بەزى كىشىلەر كۆك تەڭرى دىنىنىڭ بىر قىسىم (30)
ئەقىدە ـ پىرىنسىپلىرىنى بەزىبىر سېھىرگەرلىك چۈشەنچىسى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كېيىنكىلەر
تەرىپىدىن «شامانىزىم» ياكى (شامان دىنى) دەپ ئاتالغان بىر خىل ھادىسىنى بەرپا قىلدى. نۇرغۇن ئالىملار
بۇنى بىر خىل دىن سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ تەسىرىدىن سۆز ئاچىدۇ. بۇددىزىمنىڭ شامانىزىم
دېگەنلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدە مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە ئەل بىرونىي تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر
زامانىمىزدا مەشھۇر ئالىم، پىروفېسسور رۇبىننىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدە ئىنىقلاندى. ھەقىقەتەنمۇ رۇبىن بىۋاستە
ھىندى مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، شامانىزىمنىڭ ئارىئانلار كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيادىن
كەلگەن مەدەنىيەت دولقۇنلىرى بىلەن بىرگە شىمالىي ھىندىستانغا تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.
ئوخلماركىس بۇددا دىنىدا شامانىزىمغا ئائىت ئېلېمېنتلار بارلىقىنى، بۇ دىندا جەنۇبتىن بەكرەك شىمالنىڭ
تەسىرىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلدى. جەنۇبىي ئاسىيادا شامانىزىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان يۈكسەك
بىر مەدەنىيەت شەكىللەنگەن. بۇ جەھەتتە ھىندى مەدەنىيىتى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنماقتا. كونوۋ بۇددا دىنىدىكى
«يوگى»نىڭ «قام» كەلگەنلىكىنى ئىشارەت قىلغان. شامانىزىمنى بۇددا دىنىنىڭ مەنبەسى قىلىپ كۆرسەتكەن
ۋ.رۇبىن ئۆزىنىڭ «بۇددا دىنىنىڭ مەنبەسى» دېگەن ئەسىرىدە ھىندىلاردىكى «يوگى» بىلەن «قام»نىڭ،

بۇددا دىنىدىكى «يوگا ئېقىمى» بىلەن «شامانىزم»نىڭ ئەقىدە ـ چۈشەنچىلىرى ئارىسىدا زور دەرىجىدە ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شامان دىنىنى ئالتاي داللىرىدىن باشقا شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلار ئارىسىدا، ئاۋستىرالىيە قورۇقلۇقىدىكى يەرلىك ئاھالىلەردە ۋە تىنىچ ئوكيان ئاراللىرىدىكى ئىپتىدائىي خەلقلەردە كەڭ تارقالغانلىقى مەلۇم، ئۇلاردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ شامان پىرلىرى ۋە سېھرگەرلىكنى ئاتايدىغان مەخسۇس ناملىرى بولغان. ۋ.رۇبىنىنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، شامانىزم، لاپلار مەملىكىتىدىن بېرىنگ بوغۇزىغا، ئۇ يەردىن ئىسكوموسلارغا، شىمالىي ئامېرىكىنىڭ غەربىي شىمال ساھىللىرىگە نىخايەت، ھىندىستان بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئاراللارغا ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارقالغان دېيىلمەكتە. نىيبىرىگ قەدىمكى ئىراندىكى «ماگا» جامائىتىنىڭ شامانىست بىر ماھىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان. مەۋلەۋىلەرنىڭ ئەقىدە ـ چۈشەنچىلىرىنىمۇ شامانىزم بىلەن ئىزاھلىغان بۇ مۇئەللىپ دەلفى كاھىنلىقىنى بىر خىل شامانىزم دەپ چۈشەنگەن. ئوخلماركىس شامانىزىمنىڭ سىكتىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەتتا تىراكىلارغىمۇ تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئوخلماركىس قەدىمكى ھىندى، ئىران ۋە سكىت مەدەنىيىتىدە شامانىست بىر قاتلامنىڭ بارلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ھىندۇ ـ ئىرانىي دەۋرىدە ئارىئانلارنىڭ شىمالىي قۇتۇبنىڭ جەنۇبىدا شامانىزم ئېتىقادىدىكى خەلقلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئالغا سۈرگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئېتنوگرافىيە ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ھىندى ـ گېرمانلارنىڭ قەدىمكى دىنى ۋە دىنغا ئائىت مۇراسىملىرى شامانىزم بىلەن ئىزاھلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشاشلىقلار .توغرىسىدا بەزى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا

.ئا.زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 13 ـ بەت (32)

.ۋ.كوپپىرس: «دەسلەپكى تۈركلەر ۋە ھىندى ـ گېرمانلار»، تۈركچە، 49 ـ بەت (32)

.ئا.زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 11 ـ ، 12 ـ بەتلەر (33)

م.توسسۇن: «سۈمېر تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ سېلىشتۇرمىسى»، «ئاتا تۈرك كونفرانسللىرى»، (34)
.تۈركچە، 4 ـ توم، 127 ـ بەت

.تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە،30 ـ توم، 127 ـ ، 128 ـ بەتلەر» (35)

.ئا.زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 12 ـ بەت (36)

.ب.ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، تۈركچە، 8 ـ بەت (37)

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي (38)
.ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1991 ـ يىل 4 ـ سان، 126 ـ بەت

## تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ياۋروپا .2
## مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشىدە ھۇنلارنىڭ رولى

تۈرك ئېتنىك تۈركۈمىنىڭ ياۋروپا مىللەتلىرى بىلەن بولغان تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئۇچرىشىشىنىڭ باشلىنىش دەۋرى توغرىسىدىكى تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىلا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن ياۋروپا مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىش ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش .مۇناسىۋىتى بولغان

گېرمان قوۋملىرىنىڭ قەدىمكى ئەقىدە ۋە خەلقىياتىدا (فولكلورىدا) ئورال ـ ئالتاي قوۋملىرى بىلەن بولغان ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردىكى ئۇچرىشىش ۋە مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تەركىبلەرنىڭ بولغانلىقى گېرمانشۇناسلاردىن ياكوپ ۋە ۋىلھېم گرىم تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. يەنە ھىندى ـ گېرمانلارنىڭ ئارىسىغا تارىختىن بۇرۇنقى دەۋردە كىرىپ كەلگەن ئەترۇسىك قوۋمىنىڭ مىتولوژىسى ۋە ئۇلارنىڭ تىلىدا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇقتىلارنىڭ بارلىقى ئېنىقلاندى. ئەترۇسكلارنىڭ ئۆزىنى «راسېننا» دەپ ئاتىشىنىڭ بىزنىڭ «ئاسنا» رىۋايىتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئويلاپ بېقىش كېرەك. ①قەدىمكى تۈركىي تىلدا بۆرە

«ئاسنا»دەپ ئاتىلاتتى. ئېتنولوگىيە ئىلمىگە كۆرە، بۆرە مونفى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرئۈچۈن تىپىك بولۇپ، ②.باشقا مىللەتلەردە كۆرۈلمىگەن بىر ئېتنوگرافىك بەلگە ھېسابلىنىدۇ

تۈركلەر ئۈچۈن تىپىك خاراكتېر ئىگەنلىكى ئېنىقلانغان بۆرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك موتىغۇللار ۋە باشقا ئاسىيا قوۋملىرى ئارىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، مەسەل ۋە ھېكايىلەردىن باشقا، قەدىمكى رىمنىڭ رېمۇس ـ رومۇلۇس ئەپسانىسى، ئىتالىيەنىڭ پاپا لىئو، س لوپۇس ئەپسانىسى تۈرك تەسرى ئىگەنلىكى ئېنىقلاندى. ھەقىقەتەن، پۇتكۈل، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ھىندىستاننىڭ مەسەل ـ ھېكايىلىرىدە بۆرىنىڭ تۈركىي خەلقلەردىكىگە ئوخشاش ئىككى خىل ۋەزىپە (ئەجداد ۋە رەھبەر) دە خارەكتېرلەنگەنلىكى مەلۇم. نەتىجىدە، «ئىت مىتولوژىسى» دىن تېخىمۇ قەدىمى بولغان «بۆرە مىتولوژىسى»تارىختىن بۇرۇنقى چاغلاردا ئوتتۇرا .ئاسىيادىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغانلىقى ئېتىراپ قىلىندى

ھىندى ـ گېرمانلار نىڭ ئېتنىك مەنبەسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغىللانغان ئا. نىنرىڭ ۋە ۋ. كوپپېرس قاتارلىقلار ھىندى ـ گېرمانلارنىڭ كېيىنكى نىئولد دەۋرىدە ئاسىيا ـ ياۋروپا قىتئەسى تۇتىشىدىغان جايدا ياشىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ھىندى ـ گېرمانلارنىڭ ئاتنى، ئات مەدەنىيتىنى ۋە ئاتنى قۇربانلىق قىلىش ئادەتلىرىنى ئۆزلىرىگە قوشنا ياكى قوشنىلىرىغا يېقىن جايدا ياشىغان تۈركىي تىللىق قوۋملىرىدىن قوبۇل قىلغانلىقى ئالغا سۈرگەن. ③«تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ 3 ـ توم، 195 ـ بېتىدە: «گېرمانلار ئۆزىنىڭ قوشنىلىرى بولغان تۈركلەردىن ھارۋا، ئات يېتىشتۈرۈشنى ۋە ئۇرۇش ھارۋىسنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ياۋروپاغا تارقاتقان» دېيىلگەن. نىنرىڭ كۆك تەڭرى بىلەن ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇربانلىق قىلىش مۇراسىمنىڭ مەنبەسى ئاسىيا بولۇپ، ھىندى ـ گېرمانلارغا باشقا تەركىبلەر بىلەن بىرلىكتە ئالتاي قوۋملىرىدىن ئۆتكەن،④ دەيدۇ. ھىندى ـ گېرمان تىللىرىدا تۈركىي تىلدىن قوبۇل قىلىنغىنىدەك كۆرۈندىغان سۆزلەرنىڭ سانىمۇ كۆپ. بولۇپمۇ، گېرمان تىلىدىكى «تارى» (تىرىق)، «بال»(ھەسەل) دېگەنگە ئوخشاش تۈركچە سۆزلەرنىڭ؛ تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرىدىكى ئالاقىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى كۆز قاراش ناھايىتى ⑤.مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ

گېرىك مەدەنىيتى سىنكرېتىك مەدەنىيەتنىڭ بىرىنچى چوڭ پاۋئونى سۈپىتىدە مىسىر، كىرت، مىسۇپاتامىيە، ھىندىستان، ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيا ھەمدە كىچىك ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ھەر خىل دەرىجىدىكى تەسرىگە ئۇچرىدى. ⑥قەدىمكى غەرب ئاپتورلىرى قارا دېڭىز بويلىرىدىن تاكى ئالتايغىچە بولغان جايلاردا ياشىغان كۆچمەن ۋە ئولتۇراق قوۋملەرنى، ئۇلارنى قايسى تىل تۈركۈمدە سۆزلىششىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك ھالدا «سكىت»، دەپ ئاتىغان، ئىران مەنبەلىرىدە بۇلار «ساكا» دەپ يېزىلغان. غەرب ئاپتورلىرى تەرىپىدىن «كىرال سكىتلىرى»⑦، ئىرانلىقلار تەرىپىدىن «تىگرا خائۇدا ساكلىرى» دەپ ئاتالغانلار ئەسلىدە تۈركىي نەسىللىك خەلق ئىدى. ⑧بەزى ئالىملار «سكىت» دېگەن نامنى «ساكا» دېگەن نامنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ت» ھەرپى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتالغان شەكلى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. مانا شۇ تۈركىي ساكلار مىلادىيدىن سەككىز ئەسىر بۇرۇن تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ساك ـ شۇ(سۇ) ئېمپىرىيىسنى قۇرغان. ساك ـ شۇ ئېمپىرىيىسىنىڭ غەرب تەرەپتىكى سىياسىي تەسىرىنىڭ دوناي دەرياسى ۋادىسىغا ئۇلىشىشى بىلەن ئۇلارنىڭ مەدەنىيتىمۇ شەرقىي ياۋروپاغا تەسىر كۆرستىشكە باشلىغان. گرېكلەر تاش ئاتقۇ، ساداقدان ۋە كۆپ ئوقلۇق ئوقيا قاتارلىقلارنى مانا شۇ ساكلارنىڭ تەسرى بىلەن تونىغان. قارا دېڭىز ساھىلىغا كۆچۈپ بارغان ساكلارنىڭ ئوت، ھاۋا، سۇ، توپراق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ تەسرىدە ھىپوگرات ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى «تۆت فىزىس» ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك تەلىماتىنى بېتتقان ۋە «ھاۋا، سۇ، ⑨ .تۇپراق»، «تىبابەتچىلىك ئەقلىيە»دېگەن ئەسەرلەرنى يازغان

ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا كۆچۈپ بېرىپ،كۈچلۈك ھۇن ئىمپىرىيىسىنى بەرپاقىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيادا سىياسىي، ھەربىي جەھەتلەردە ئۈستۈنلۈك ھوقۇقىنى قولدىن بېرىپ قويغان مىللەتلەرنىڭ ياۋروپاغا كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى دولقۇنىنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ياۋروپا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئىككىنچى پائالىيەت سورىنىغا ئايلاندى ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە كىردى. مىلادىيە 375 ـ يىلى بالامبەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھۇن ئىمپىرىيىسى ئاتتىلار دەۋرىدە ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ـ مەركىزى ۋە غەربىي قىسىملىرىغىچە

كېڭەيدى. مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ھۇنلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن ئاۋارلارمۇ ئوتتۇرا ياۋروپاغا قەدەر ئىلگىرلەپ باردى. مىلادىيە 7 ـ 8 ـ ئەسىرلەردە، ئاۋارلارنىڭ ئورنىنى ئوغۇر قەبىلىلىرنىڭ بولغار ئىتتىپاقى ئىگىلىدى. مىلادىيە 7 ـ 10 ـ ئەسىرلەردە كۈچلۈك تەشكىلاتى، گۈللەنگەن تىجارەت پائالىيىتى، دىنىي ئەركىنلىك سىياستى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باياشاتچىلىق بىلەن كاۋكاز شىمالىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە ئىتىل دەرياسىدىن دىنىپىر، چولمان دەرياسىغىچە ۋە كىيىفكە قەدەر سوزۇلغان رايونلاردا سىياسىي مۇقۇملىقنى ياراتقان ھازار خانلىقى، شەرقىي ياۋروپا تارىخىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان تۈركىي خانلىقلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە كۆرۈلمەكتە.

شەرقىي ياۋروپا بوز قىرلىرى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىرقانچىلىغان تۈركىي تىللىق قوۋملارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ھازارلاردىن كېيىن شەرقىي ياۋروپادا كۆرۈلگەن پەچىنەك، ئوغۇز، قۇمان ـ قىپچاقلار بۇ يەردە كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن قوۋملەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن بىرلەشكەن ئىتتىپاق ھالىتىدە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇردى.

ھۇنلار تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئۈچۈن ياۋروپانىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ياۋروپادا سالماق تەسىر كۆرسىتىش دەۋرىنى باشلاپ بەردى. ھۇنلارنىڭ ھەيۋەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى، ئۆز ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىش يولىدا ئېلىپ بارغان بىر قاتار ھەربىي يۈرۈشلىرى، ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ ئىككى قېتىملىق زور كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا قوشۇلۇشى كۈچىيىپ، بۈگۈنكى ياۋروپادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك ئاساسى شەكىللەندى.

ھۇنلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي رىم ئېمپېرىيىسىگە ئارام ئېلىش پۇرستى بەرمەستىن داۋاملىق ھەربىي يۈرۈش قىلىشى، سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى، ياۋروپادا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ تىكلىنىشى، يەنى ئىككى خىل ئىجتىمائىي پورماتسىيەنىڭ ئورۇن ئالماشىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى. ھۇنلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي رىم ئېمپېرىيىسىگە كەينى ـ كەينىدىن ھۇجۇم قىلىشى، بۇ ئىككى دۆلەتنى سىياسى ۋە ھەربىي جەھەتتىن قاتتىق ھالسىرىتىپ قويدى. ھۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە باراۋەر ئۆتتۇش ئىمكانىيىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان رىملىقلار، پەقەت ھۇنلارغا ھەر يىلى ناھايىتى يۇقىرى ئۆسۈمدە باج تۆلەش ئارقىلىق،ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قارام ھالەتتە ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار مالىيە جەھەتتە قاتتىق چىقىمغا ئۇچراپ، دۆلەت غەزىنىسى قۇرۇغدۇلىپ، سىياسىي ھەم ھەربىي جەھەتتىكىگە ئوخشاش ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ ئېغىر كرىزىس ئىچىدە قالدى.

رىم ئىمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ مالىيە جەھەتتىكى چىقىمنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قارام خەلقلەر ئۈستىدىكى زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەچكە ، ھەر قايسى جايلاردا ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلاپ، رىم ئىمپېرىيىسنى زاۋاللىققا يۈزلەندۇردى. ئاتتىلا بۇ قوزغىلاڭلارنى ئاكتىپ قولاپ، ماددىي ۋە مەنىۋي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، قوزغىلاڭنىڭ غەلبە قازىنىشىغا سىرتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. ئاتتىلانىڭ ھەربىي ھۇجۇمى ئاستىدا ماغدۇرىدىن كەتكەن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى، قارام خەلقلەر قوزغىلىڭىنىڭ نەتىجىسىدە، مىلادىيە 476 ـ يىلى گۇمران بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ياۋروپادا قۇللۇق تۈزۈم گۇمران بولۇپ، فېئوداللىق تۈزۈم تىكلىنىشكە باشلىدى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا ناھايىتى مۇھىم باسقۇچنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ دەۋرنىڭ ياۋروپادا باشلىنىشىدا، ھۇنلار ناھايىتى زور رول ئوينىغاندى.

ھۇنلار ياۋروپانىڭ جەمئىيەت تۈزۈمگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن يەنە ئۆزىنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت بەلگىلىرى بىلەنمۇ ياۋروپا مەدەنىيىتىدە سالماق ئورۇن ئىگىلىدى. بىز كىتابىمىزنىڭ «ھۇنلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى ۋە ئۇرۇش تاكتىكىسى»دىگەن قىسمىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھۇنلاردىن بويان بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە ئىزچىل تەدبىقلىنىپ كەلگەن ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈم، ھەربىي ئىستراتېگىيە، ئاتلىق ئۇرۇش قورالىرى يەنى« تۇران تاكتېكىسى» ياۋروپانىڭ ھەربىي ئىشلار ھاياتىدا بىردىنلا قوبۇل قىلىنىپ، تەدبىقلىنىشقا باشلىدى. ھۇنلارنىڭ بوز قىر ئۇسلۇبىدىكى ئىشتان ـ

چاپان ۋە ئىچ كۆڭلىكى ياۋروپالىقلارنىڭ ئەتىۋارلىق كىيىم فورمىسىغا ئايلاندى. ھۇنلارنىڭ مۇزىكى چالغۇسى ـ قوبۇز ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ مۇزىكى چالغۇلىرى ئىچىدىن ئورۇن ئالدى. ھۇن قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا سەنئىتىمۇ ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت بايلىقىغا ئايلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ شەرق دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى ۋە ئەڭ ئالىي مۇزىكا نەزەرىيىچىسى فارابىنىڭ مۇزىكا تەلىماتى، ئەرەب سەنئىتى ئۈچۈن يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلىنىشى بولغىنىدەك، يەنە غەربىي ياۋروپانىڭ مۇزىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇ مۇھىم بىر مەنبەگە ئايلانغان.

نوتا بىلەن خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى ياۋروپالىقلار كولۇنلۇق فرانكو (1190 ـ يىلى ئۆلگەن) نىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈشىدىن كېيىن قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر بىر ئاھاڭ ئارىسىدىكى ۋاقىت نىسبىتى ھېسابقا ئېلىنماتتى. ھازىرقى نوتا ئۇسۇلىدىن ماھىيەتتە كۆپ پەرقلەنمىگەن بۇ نوتا ئۇسۇلى گەرچە، فرانكو نوتا ئۇسۇلى دەپ ئاتالسىمۇ، ئۇ فرانكودىن 3 ـ 4 ئەسىر ئىلگىرى، فارابى ۋاقتىدا ئەرەب دۇنياسىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. ئەرەب ئالىمى، پروفسور ئەخۋانى بىلەن سارتوننىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ ئىشنى فارابى ئەمەلىيلەشتۈرگەن. ئا. ئىرسوۋ ئۆزىنىڭ «خارەزمى ۋە فارابى» ناملىق رىسالىسىدە: «تارىخچىلار مۇزىكىنى ھەرپ بىلەن يېزىشنى دەسلەپ فارابى تاپقان دېيىشىدۇ» دەپ يازغان.

مۇزىكىلىق ئاھاڭلارنى نوتا بىلەن خاتىرىلەش فارابى ۋەتىنىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى بىرى سۈپىتىدە، فارابىدىن كۆپ ئەسىر ئىلگىرى تارىختا مەلۇم ئىدى. كۇچار (كۇسەن)لىق مۇزىكا نەزەرىيىچىسى سۇجۇپ ياشىغان چاغلاردا مۇنداق خاتىرلەش ئۇسۇلى بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە يېزىلغان تارىخىي خاتىرىلەر ۋە شېئىرىي ئەسەرلەردە كۇسەن سازەندىرىنىڭ نوتىغا ئاساسلىنىپ ساز چالىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. دۇەن چېڭشى يازغان «يۇيياڭ خاتىرلىرى» دېگەن كىتابتا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ پادىشاھى (713 ـ 756 ـ ) ۋاقتىدا نىڭ ۋاڭنىڭ كۇچار نوتا كىتابىنى ئالدىغا قويۇپ، كۇچار دېپىنى چېلىشنى ئۆگىنىۋاتقانلىقى خاتىرلەنگەن. تاڭ دەۋرىدىكى شائىر فاڭ گەن «چاڭئەندە يېڭى نەغمە ئاڭلىغاندا» دېگەن شېئىردا، يېڭى كۇچار نەغمىلىرىنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى سازەندىلەر كۇچار نوتىسىغا قاراپ چالغانلىقى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن.

يېڭى كۈيىنى ئاڭلاپ ئۆتتۇق گۈل تېگىدە قەدەھ تۇتۇپ،
ئۆتتۇق يەنە چاۋاك بىلەن ھەر نەغمىگە مەدھى ئوقۇپ.
سازەندە گەر بىلمىسىمۇ چاڭئەننىڭ يول ـ رەستىسىنى،
كېلەر نەغمە بۇ ياقلارغا مەكتۇپلەرگە بىر ـ بىر پۈتۈپ.

مانا بۇلار غەربىي نوتىلىرىنىڭ فارابى ۋە كولۇنلۇق فىرانكودىن تولىمۇ مۇقەددەملىكىنى كۆرسىتىدۇ. فارابىنىڭ مۇزىكا تەلىماتى ياۋروپاغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. جاھان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ «ئىھسال ئۆلۈم» ناملىق ئەسىرى 12 ـ ئەسىردىلا لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئىلىم ـ پەنگە، جۈملىدىن مۇزىكاشۇناسلىققا تەسىر كۆرسەتكەنىدى. 12 ـ ئەسىردىكى ئىبنى بەجە ۋە ئىبنى رۇشد، 13 ـ ئەسىردىكى مۇزىكا نەزەرىيىچىسى مورۋايىلىك جېروما، 13 ـ 14 ـ ئەسىردىكى مۇزىكا نەزەرىيىچىسى تۇنىستادا قاتارلىقلار فارابىنىڭ مۇزىكا نەرىرىيىسىنى ئۆگەنگەنىدى. 15 ـ ئەسىردە ئۇنىڭ «مۇزىكا توغرىسىدىكى چوڭ كىتاب» ناملىق چوڭ مۇزىكا تەسىرى ياۋروپادا كەڭ تارقىلىپ، كۈچلۈك ھاياجان پەيدا قىلدى.

فارابىنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ ياۋروپاغا تارقىلىشىدا ، ئىسپانىيە مۇھىم ئۆتكەنلىك رولىنى ئۆتىگەن. فارابىنىڭ ۋارىسلىرىدىن ئىبنى بەجە ئىسپانىيە ۋە ياۋروپا مۇزىكىسىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى. مۇسۇلمان سازەندىلىرى ئىسپانىيىدىكى كاستىر ۋە ئاراگون خانلىق سارايلىرىغا ھۆسۇن قوشتى. خرىستىئانلار بىر ـ بىرلەپ ئەرەب مۇزىكىسى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيە قوللانمىسىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

رېتىملىق مۇزىكا بىلەن بىللە بەۋاب (ئەرەبلەردە ئەل ئۇد دە ئاتىلىدۇ) ئىسپانىيىلىكلەر تەرىپىدىن لائۇد، ئەنگىلىيىلىكلەر تەرىپىدىن لۇتې دەپ راۋاپ (ئەرەپلەردە راباب دەپ ئاتىلىدۇ) ئىسپانىيىلىكلەر تەرىپىدىن رابېل، ئەنگىلىيىلەر تەرىپىدىن رېبېك ياكى رىبىبى دەپ قوبۇل قىلىندى. پورتگىلىيىكلەر ھېلىمۇ ئىسكرىپكىنى رابېكا دەپ ئاتايدۇ. تەبلە (مىس دۇمباق)، بۇرغا، قالۇن قاتارلىق چالغۇلارمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ⑩ .ياۋروپاغا تارقالدى

ئۇلۇغ ئېنسكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ پەلسەپە، تىلشۇناسلىق، لوگىكا، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، فىزىكا، مۇزىكا، جانلىق تەبئەت ۋە تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى قىممەتلىك نەتىجىلىرى، مىراسلىرى شەرق ۋە غەربنىڭ ئىلىم ـ پەن بايلىقىغا ئايلانغانىدى. فارابىنىڭ پەنلىرىنى تۇرگە ئايرىش ئۇسۇلى، پانتېزىملىق پەلسەپە سىستېمىسى ۋە ئىجتىمائىي باراۋەرلىك توغرىسىدىكى ئىلغار ئىدىيىلىرى ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم ـ پېننىڭ يارقىن نەمۇنچىسى سۈپىتىدە فارابى ۋە ئۇنىڭ شاگىرلىتىر، ئىبنى سىنا (980 ـ 1037)، ئىبنى تۇفەيلى (1110 ـ 1185)، ئىبنى رۇشد (1126 ـ 1198)، ئۆمەر ھەييام (1048 ـ 113)، نىزامى ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا نۇمىنالىزىملىق ماتېرىيالىزىم ئېقىمىغا، ياۋروپا ئەسىردىكى ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشقا ۋە ياۋروپا پانتېزىمغا كۈچلۈك ئىدىيىۋى تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، ئۇنى كۆپلىگەن ھازىرقى زامان تەتقىقاتچىلىرى «ئىدىيە ئازادلىق مۇتەپەككۇرى»، «ئىلىم ـ پەن قەھرىمانى»، «روھىي ئەركىنلىك، .تەرەققىپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزىم ئۈچۈن كۈرەشكۈچى جەڭچى» دەپ تەرىپلىنەتتى

فارابىنىڭ ئىلىم ۋارىسلىرىدىن بولغان، تۈركىي نەسىللىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئىبنى سىنا ئۇنىڭ پەلسەپە ۋە تىب (تېبابەتچىلىك) تەلىماتلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنى يۇكسەكلىككە كۆتۈردى. ئۇنىڭ «ئەل قانۇن فىت ـ تىب» (تېبابەتچىلىك قانۇنلىرى) دېگەن ئەسىرى شەرق ۋە غەربتە تىب ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىدا يېتەكچى ئەسەرگە ئايلانغان. بۇ ئەسەر تاكى 17 ـ ئەسىرگە قەدەر، ياۋروپا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىنىپ كەلگەن. خەلق ئارىسىدا «لوقمان ھاكىم» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئىبنى .سىنانىڭ ئىسمى تىب ئىلمىنىڭ نامىغا ئايلىنىپ «مىدىتسىنا» ھەپ ئاتالدى

ياۋروپا مەدەنىيەت تارىخىدىن سۆز ئېچىلغاندا، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تەرىپىدىن يېتىشىپ چىققان يەنە بىر ئۇلۇغ ماتېماتىك، ئاسترونوم ۋە جۇغراپىيە ئالىمى خارەزىمنىڭ ئىسمى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. .چۈنكى، خارەزىمى ياۋروپاغا ئالگېبرا ئىلمىنى تونۇتقانىدى

خارەزىمنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىدىكى شۆھرىتى 16 ـ ئەسىردە پۈتكۈل ياۋروپانى قاپلىغانىدى. شۇ دەۋرىدىكى ئىتالىيىلىك مەشھۇر ماتېماتىكچى گېرولاما كاردانو 1581 ـ يىلى يازغان بىر ئەسىرىدە خارەزىمنى دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر 12 نەپەر مۇتەپەككۇرنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆرسەتكەن. ياۋروپا مىلادىيە 12 ـ ئەسىردىن باشلاپ، خارەزىمنىڭ ئەسىرلىرىنىڭ لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى بىلەن، قايتىدىن جانلىنىپ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. خارەزىمنىڭ ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن بىرى «ئەل ـ جەبر ۋەل ـ مۇقابەلە» ئىدى. ئەرەبچە «جەبر» سۆزى «سۇنۇق سۆڭەكنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك، تۈزەتمەك، ئوڭشىماق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ياۋروپالىقلار بۇ ئەسەرنى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، «ئەل ـ جەبر» سۆزىنى «ئالگېبرې» (ئالگېبرا) شەكلىدە يازغان. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەسەر شەرق ۋە غەربتە جەبر (ئالبېبرا) .ئىلمىگە مىراس قالدۇرۇشتەك ئورنى بىلەن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە

خارەزىمنىڭ «كىتابۇل ـ مۇختاسار فىل ـ ھىسابۇل ھىندى» ناملىق ھېسابقا ئائىت يەنە بىر ئەسىرىنىڭ لاتىنچە تەرجىمىسى ھازىر گامېرا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانماقتا. 12 ـ ئەسىردە جۇھاننىس ھىسپالىن تەرىپىدىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «Liber alghorisimit de practica arismetrice» ناملىق شەرھىمۇ، خارەزىمنىڭ ئەرەبچە ئەسلىسى ئېنىق بولمىغان بىر ئەسىرگە ئاساسلانغان ھالدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ شەرھى خارەزىمنىڭ .ھېساب كىتابىنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك ھالغا كەلتۈرگەن

ئۇلۇغ ماتېماتىك خارەزىمنىڭ ئىسمى ياۋروپا تىللىرىغا تۈرلۈك شەكىللەردە قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، لاتىنچە ئالخورىسمى، ئالگورىتما، ئالگورىزمى، فىرانسۇزچە ئائوگرىسمى

ياكى ئاۋگرىمى ئىنگىلىزچە ئائۇگرىم دەپ ئاتالغان. ماتېماتىكىدىكى ھېسابلاشنى ئاددىيلاشتۇردىغان بىر سىستېمىنىڭ نامى بولغان «لوگارىتما» دىگەن ئىسىمدىن كەلگەن. (12)

ھۇنلارنىڭ ئىزنى باسقان ئاۋارلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ ياۋروپادا ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقى مەلۇم. خورۋاتلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئەسكىرىي ـ ئىدارە ئۇنۋانلىرىدىن «بان» (كۆك تۈركچە ‹باغا›، ئاۋار تىلىدا ‹باغان› دېيىلىدۇ)، «بويار» ، «يۇغۇرۇش» قاتارلىق ئۇنۋان ناملىرىغا ئوخشاش ناۋارىنو (ئاۋارىنو ـ پىيلوس) شەھىرىنىڭ نامىمۇ ئاۋارلارنىڭ خاتىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بولۇپمۇ ھۇنگرىيەدە بايقالغان ئاۋارلار دەۋرىگە ئائىت (مىلادىيە 558 ـ 805 ـ يىللار) ئارخېئولوگىيەلىك ئەسرلەر ـ تۆكۈش سايمانلىرى بىلەن ئۈستىگە ھايۋانلارنىڭ سۇقۇشۇۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن تەسۋىرى بىلەن گىرىفۇن چۈشۈرۈلگەن ئات ـ ھارۋا جابدۇقلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا تەرەققىي قىلغان سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ (ھايۋان تەسۋىرى ئۇسلۇبى) ياۋرۇپادىكى ئۆرنەكلەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنماقتا. بۇ ئۇسلۇبنىڭ ئىزلىرى مېرووۋنجىلەر دەۋرىدە فىرانسىيەدىمۇ كۆرۈلگەن. ھۇن دەۋرىدە رىملىقلار بىلىپ يېتەلمىگەن ئۆزەڭگە ياۋروپادا ئاۋارلار ۋاستىسى كەڭ ئومۇملاشتى. ئارناۋۇتلۇقتىكى پىروستوۋاس ئالتۇن غەزنىسى ئاۋارلارغار ئائىت بولغىنىغا ئوخشاش، ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار ئاۋار تۈرك سەنئىتىنىڭ گېرمان ۋە سلاۋيان سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئوتتۇرغا قويىدى. مىلادىيە 4 ـ ئەسىرگە قەدەر گېرمان گوتلىرىنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۇن ئىمپېراتورلىقى بىلەن تۈرك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ دائىرىسىگە كىرگەن سلاۋيان قوۋملىرىگە ئائىت ئىشەنچلىك ۋەسىقىلەر ئاۋارلار دەۋرىدە باشلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن سلاۋيان تارىخى ئومۇمىي تۈرك تارىخىنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. نۇرغۇنلىغان سلاۋيان توپلىرىنىڭ شەرقىي ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ۋە بالقانغا تارقىلىشى ئاۋارلار دەۋرىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ چوڭ دائىرىلىك كۆچۈش ئاۋار خانلىقى تەرىپىدىن دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن بىرگە يەنە چېگرانى مۇداپىئە قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان. بۇ خىل يول بىلەن تۈرلۈك سلاۋيان قەبىلىلىرى تۆگۈنكى ئىلبا دەرياسى بويلىرى، دالماھىيا بويلىرى ۋە بالقانغا قوبۇل قىلىندى. دىمەك، بۈگۈنكى چىخ ۋە يۇگوسلاسىيەنىڭ سلاۋيانلىشىشى ئاۋارلارنىڭ تەسەببۇسى بىلەن بارلىققا كەلگەن. مىلادىيە 750 ـ يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە ئافىنا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا «ئاۋارلار» دەپ ئاتالغان سلاۋيانلار تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇ مەزگىللەردە خورۋاتلارنى ئادرىياتىك ساھىلغا باشلاپ كەلگەن رەئىسلىرى ئىچىدە كۈچلۈك، لوبىل (ئالىپ ـ ئەل)، كۆسېنجى (قوشۇنجۇ)، بۇگا، توغاي قاتارلىق تۈركچە ئىسىملارنى قويغان كىشلەر بار ئىدى. يەنە شۇ مەزگىللەردە پاننويا (غەربىي ۋېنگرىيە) ۋە مورۋا سلاۋيانلىرىگە سلاۋيانلاشقان ئاۋار بەلگىلىرىنىڭ باشچىلىق قىلغانلىقى ئالغا سۈرۈلمەكتە. يەنە بىر تەرەپتىن گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ چىغ مەملىكىتىدىكى يۇرتىدىن ئايرىلىشىنىڭ ئاۋار قوماندانلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا بولغانلىقى، بۇ ھادىسىنىڭ گېرمانىيە تەۋەسىدە بايقالغان ئاۋار سەنئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىمۇ ئىسپاتلانغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنداق قىلىپ، سۈرىيەلىك ئېپىسكوپ جوھانسىنىڭ مىلادىيە 584 ـ يىلى دىگەن بىر سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئەزەلدىن ئورمانلىقلارنىڭ ئىچىدىن سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، ئاۋارلارنىڭ سايىسىدە ئاستىدا ئۇرۇشقا قاتناشقان ۋە ئالتۇن ـ كۆمۈش، توپ ـ توپ يىلقا ئىگىسىگە ئايلانغان سلاۋيانلارنىڭ سىستېمىلىق ھالدا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىنىشى، بۈگۈنكى كۈندىكى ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ياۋروپا مىللەتلىرى خەرىتىسىنىڭ ئاۋار خانلىقى تەرىپىدىن سىزىلىشىغا يول ئاچقان.» قىسقىسى، سلاۋيانلار تەشكىللىنىپ ياشاشنى ئوغۇلار ۋە ئاۋارلاردىن ئۆگەنگەن. يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، سلاۋيانلار ئاۋارلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنى باقىدىغان پادىچىلىرى ئىدى. سلاۋيانلار ئاۋارلارغا پادىچى بولۇشنى بىر خىل مەمۇرىيەتكە تەيىنلەنگەندەك قوبۇل قىلغان. شۇڭلاشقا سلاۋيان تىللىرىدىكى «زوپان» يەنى «چوپان» سۆزى يۇقىرى دەرىجىلىك بىر مەمۇرىيەت ئۇنۋانى سۈپىتىدە زامانىمىزغا قەدەر قوللىنىپ كەلدى. (16)

مىلادىيە 8 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان ئىسلام مۇئەللىپلىرى ئېيتقاندەك، چىن (تاڭ سۇلالىسى) ۋە شەرقىي رىم بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ھازار خانلىقى كۈچلۈك سىياسىي تەشكىل سۈپىتىدە، شەرقىي ياۋروپا

تارىخدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. شىمالىي كاۋكازدا سابىر مەملىكتى، ئاۋارلار، ئالانلار، ئون ئوغۇلار، كاۋكاز تاغلىق قوۋملىرى، قىرىمدا گوتلار، ئىتىل بولغارلىرى، ئىتىل بويلىرىدا فىن ـ ئوغۇر بورتاسلار ۋە باشقا فىن قوۋملىرى، دېسنا دەرياسى بىلەن دىنېپر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن بويلىرىدىكى سلاۋيان مىللەتلىرىدىن: رادىمچىلار، ۋياتىسچىلار، سېۋارىئانلار، پولىئانلار، كوبان دەرياسى ئەتراپىدىكى ماجارلارنى ۋە كىيىف بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خانلىقلارنى باشقۇرۇش دائىرىسگە كىرگۈزگەن ھازارلار، كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ تەشكىلاتىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كۈچلۈك قوشۇنغا تايىنىپ قولغا كىرگۈزگەن كاپالەتكە ئىگە قىلدى. مىلادىيە 7 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەردە شەرقىي ياۋروپادا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن «ھازىر تىنچلىق دەۋرى» نى ياراتتى.

ھازىر تىنچلىق قاتناش ئالاقىسىنى تېزلىتىپ، مال ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھازار خانلىقى شەرق ۋە غەرب مىللەتلىرى ئارىسىدىكى تىجارەت ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەتىجىسىدە ئۇچرىشىدىغان رايۇنغا ئايلاندى. ھازار تىنچلىقىنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل خاتىرجەملىك ۋە ئەركىن ـ ئازادە مۇھىت ئىچىدە تەرەققىي قىلغان تىجارەت پائالىيىتى، تارىخنىڭ ئەڭ مۇھىم ھادىسىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇس ـ سلاۋيان دۆلىتىنىڭ تەشكىل تېپىشىغا ۋاستە ـ قورال بولدى. مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا سودا مۇناسىۋىتى بىلەن ھازار خانلىقىغا كەلگەن سلاۋيان ـ فىن ئارلاشما قەبىلىلىرى ھازارلارنى ئۈرنەك قىلىپ سىياسىي قۇرۇلما تەشكىل قىلىشقا مۇۋاپپەق بولدى. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 882 ـ يىلىرىدىن كېيىن ۋارگ ـ رۇس كىنىزەكلىكىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ رۇسلار تارىخدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان كىيىف شەھرىنىڭ تۈركىيىتىللىق مىللەتلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى ئالىغا سۈرۈلمەكتە. رۇس تارىخچىلىرىدىن ۋېرنادىسكىي بىلەن لاسخىنكومۇ بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلغان.

ھازار خانلىقى دەۋرىدە (630 ـ 965 ـ يىللار) رۇس كىنەزلىكىدە تۈرك تەسىرى ئۇچۇق كۆرۈلدى. مىلادىيە 839 ـ يىلى قۇرۇلغان رۇس ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرىنىڭ ئۇنۋانى «قاغان» (كاگان) دەپ ئاتالغانىدى. مىلادىيە 988 ـ يىلى خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان پىرەنىس ۋىلادىمىر ۋە كېيىنكى كىنە ياروسلاۋ (1036 ـ 1050 ـ يىللار) قاتارلىقلار «قاغان» (كاگان) ئۇنۋانى داۋاملاشتۇرغان. خىلارئون، ئىبنى رۇستا ۋە گەردىزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەمدە فرانك ۋە قايىنامەسىدە «قاغان» ئۇنۋاندا ئاتالغان رىسۇ كىنەزلىرى تىلغان ئېلىنغان. مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە كىيىف شەھرىنىڭ بىر بۆلىكى «كوزارى» (تۈركچە) سارىيىنىڭ نامىنىنىڭ تۈركچىدىن كەلگەنلىكى ئىسپاتلاندى. رۇس ۋەقايىنامەسى ـ «رۇس ھەقىقتى» دە ئىدارە قىلغۇچىلار بىلەن ئىدارە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىدە ئادەتتە ھازار ـ تۈرك توپىنى مۇشاھىدە قىلىش مۇمكىن. رۇس كىنەزلىكى دەۋرىدىن باشلاپ، پىرەنىس سۋياتوسلاۋ ھازارلارنىڭ تەرزىدە قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز (سۇ) قوشۇننى تەشكىللەپ قوراللاندۇرغان. بالقان سلاۋيانلىرىمۇ ئوغۇزلار ئارقىلىق ھەم ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ھەم قوراللاندۇرۇش (قورال، كىيىم، تۇغ) جەھەتتە تۈرك تەرزىنى ئۈرنەك قىلىپ، ئەسكىرىي كۈچ تەشكىللىگەن. پەچىنەكلەرنىڭ رۇس ئاتلىق قوشۇنىنىڭ تەشكىل قىلىنىشىدا مۇھىم تەسىرى بولغانلىقى قوبۇل قىلىنماقتا. (21) رۇسلارنىڭ مەشھۇر «ئىگور داستانى» دىمۇ ئۇرۇش تاكتىكىسى، قوراللاندۇرۇش ۋە مەدەنىچىلىك جەھەتلەردە رۇسلار ئۈستىدىكى تۈرك تەسىرى بايان قىلىنغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋورپاغا كۆچكەن تۈرك كۆچ ھەرىكىتىنىڭ كېيىنكى چوڭ دولقۇنىنى (9 ـ 11 ـ ئەسىرلەر) مەيدانغا كەلتۈرگىن تۈركىي تىل قوۋملىرىدىن دەلەپكى پەچىنەكلەر ھېسابلىنىدۇ. پەچىنەكلەر شەرقىي ياۋروپادىكى تەشكىل قىلالمىدى. پەقەت قەبىلە تەشكىلاتى ھالىتىنى ساقلاپ ئۇرۇش ۋە مۇداپىئە مەزگىللىرىدە بىرلىشىپ ئۆتتى. پەچىنەكلەر رۇسلار بىلەن 121 يىل قوشنا ياشاش جەريانىدا، ئۇلار بىلەن 11 قېتىم چوڭ ئۇرۇش قىلغان. رۇس ئاتلىق قوشۇنىنىڭ تەشكىل قىلىنىشىدىكى پەچىنەك تەسىرى مانا شۇنداق ھەربىي توقۇنۇش مۇناسىۋىتىنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. مىلادىيە 1091 ـ يىلى قۇمان ـ قىپچاقلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. ھۇنگىرىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان ناگى سىزنىت مىكلوس دېگەن جايدىن 19799 ـ يىلى بىر غەزىنە تېپىلغان. بۇ غەزىنىدە تېپىلغان بۇيۇملار

ئالتۇندىن ياسالغان كوزا، لگەن ۋە تاۋاق قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى بولۇپ، ئۇستىگە «ئورخۇن- يېنسەي يېزىقى» دا خەت ئويۇلغان ۋە رەسىم سىزىلغان. دۇنياغا مەشھۇر بۇ غەزىنىنىڭ قايسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىگى توغرىسىدا ھازىرغىچە تالاش- تارتىش بولۇپ كەلمەكتە. كىتابىمىزنىڭ «ئاتىللانىڭ ئۆلۈمى» دىگەن قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھۇنگرىيىلىكلەر ۋە بىر مۇنچە ئالىملار بۇ غەزىنە تېپىلغان جاينى ئاتىللا دەپنە قىلىنغان جاي دەپ قارايدۇ. لېكىن يەنە بەزى ئالىملار بۇ غەزىنىنى پەچىنەكلىكلەرنىڭ مىراسلىرى دەپ قوبۇل قىلماقتا. ھازىرغىچە سىبىرىيە، رۇمىنىيە، رۇسىيە، ھۇنگرىيە، تۈركىيە ۋە كاۋكازدىكى بەزى يەر ناملىرى ۋە ئەپسانە- رىۋايەتلىرىدە پەچىنەكلەرنىڭ خاتىرىسى- ئىزلىرى ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

پەچىنەك ۋە ئۇغۇزلاردىن كېيىن، رۇسىيە، بالقاننىڭ تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان تۈركىي تىللىق مىللەت بولسا، ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن «كۇمان»، شەرقلىقلەر تەرىپىدىن «قىپچاق» دەپ ئاتالغانلار ئىدى. مانا شۇ قۇمان- قىپچاقلار مىلادىيە 1080- يىللىرى ئۆزىنىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى شەرقتە بالقاش- تالاس ھاۋزىسىدىن، غەربتە دوناي دەرياسى بويلىرىغىچە كېڭەيتكەنىدى. غەربىي سىبىرىيە ۋە شەرقىي بوزقىر رايۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇمان- قىپچاق تىروتىرىيىسى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىسلام مەنبەلىرىدە «دەشتە قىپچاق»، غەرب مەنبەلىرىدە بولسا «كۇمانىيە» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. د. راسۋوسكىينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، رۇس، بۇلغار، ھازار، ئالان، بورتاس، ئۇلاخ ۋە موردىۋان قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىرادىسىگە كىرگۈزگەن قۇمان- قىپچاق خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا، يايىق- ۋولگا، دون- دونىتز، تۆەنكى دنىپىر ۋە دوناي بويلىرىدىن ئىبارەت بەش مەمۇرىي رايۇنغا بۆلۈپ ئىدارە قىلىنغان. قۇمان- قىپچاقلارنىڭ سىياسىي قۇدرىتى تاكى مۇڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، غەرىپكە يۈرۈش قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. مۇڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن قۇمان- قىپچاق خانلىقى ئاغدۇرۇلدى. قۇمان- چىپچاقلارنىڭ زور كۆپچىلىگى جەنۇبىي روسىيەدە قۇرۇلغان ئالتان ئوردا خانلىقىنىڭ پۇقراسىغا ئايلاندى. بىر قىسمى ئېتىل بولغارلىرى ئارىسىدا قوشۇلۇپ كەتتى. ئاز بىر قىسمى غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرقىغا كۆچۈپ كەتتى. قۇمان- قىپچاقلارنىڭ ياۋروپادىكى مەدەنىيەت بەلگىلىرى سۈپىتىدە مۇنداق ئىزلار ساقلانغان. بۇنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرستىش مۇمكىن. مۇڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن ھۇنگرىيىدىكى مولداۋىيىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان قۇمان- قىپچاقلار توپ- توپ ھالدا خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن مولداۋىيە «كۇمانىيە» (قۇمانىيە) دەپ ئاتالدى. مىلادىيە 1233- يىلى ئۆزىگە «رىخ كۇمان» دىگەن ئۇنۋانىنى قوللانغان. (22)دۇناي IV ھۇنگر كىرالى بىلا بىلەن تېزا دەرياسى ئارىسىدىكى يەر ناملىرىدا قۇمان- قىپچاق تەسىرى كۆرۈلگەن. يەنى كىس- كۇنساگ (كىچىك قۇمان)، ناگى- كۇنساگ (چوڭ كۇناسگ) دىگەن يەر ناملىرى ۋە كاراتساگ شەھىرىنىڭ نامى قۇمان- قىپچاقلارغا باغلىنىدۇ. ھۇنگر تىلىدا مەۋجۇت تۈركچە سۆزلەرنىڭ «ئوتتۇرا قاتلىمى» قۇمان- قىپچاق تىلغا مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ.

پەچىنەك، ئۇز (ئوغۇز) ۋە قۇمان- قىپچاقلارنىڭ شەرقىي دوناي ئەتراپىدىكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي تەشكىلىدىكى تەسىرى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئورنى بىلەن دىققەتنى تارتىدۇ. ھۇنگرىيەدىكى يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا قۇمان- قىپچاقلارنىڭ ئىزلىرى كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش، رۇمىنىيىدىمۇ تېلېئورمان، تىگىخچ (تىگەچ)، دەرەخلۈي ( دەرەلۈگ)، تۇرلۈي (نۇرلۇق - تۇزلۇق)، تەسلۈي (تەزلۈگ- سۈرەت)، ئارگىس ۋە باراگان قاتارلىق تۈركچە يەر دەريا- ئېقىن ناملىرى ۋە رۇمىن تىلىدىكى مەۋجۇت تۈركچە سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمى شۇ دەۋرنىڭ خاتىرىسى ھېسابلىنىدۇ. رۇمىنىيەدە مىلادىيە 1330- يىللاردا قۇرۇلغانلىقى بىلىنگەن تۇنجى رۇمىن دۆلىتىمۇ قۇمان- قىپچاقلاردىن بولغان بىر قوماندان ئائىلىسىنىڭ يېتەكچىلىگىدە قۇرۇلغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا. بۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ ئىسمى باسار- ئابا دەپ ئاتىلاتتى. ئابا (ئاپا - تۈركچە ئۇنۋان) قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان تۈركچە ئىسىملار ئوغۇزلار (ئاي- ئابا، بوز- ئابا) ۋە قۇمان- قىپچاق (ئالتىن- ئابا، تونۇز- ئابا، بوز - ئابا) مۇھىتىدا ئومۇملاشقان ئىسىملاردىن ئىدى. باسار- ئابا دىگەن ئىسىممۇ مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن. باسار- ئابانىڭ

دۆلەت قۇرۇش تارىخىدىن 100 يىل بۇرۇن «كۇمانىيە» دەپ ئاتالغان بۇ رايۇن قۇمان ـ رۇمىن مىللەت نامىدىن ئېلىنىپ، «رۇمانىيە» (رۇمېنىيە) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. رۇمىنىيەنىڭ شىمالىدىكى باسارىبىيە دېگەن يەرنىڭ نامىمۇ مۇشۇ خاننىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان. (22) باسار دېگەن كىشى ئۇچرايدۇ. باسار ـ ئابانىڭ تۈرك مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى مىلادىيە 15 ـ 16 ـ ئەسىرلەردە رۇمىن دۆلەت خادىملىرىنىڭ ساپ تۈركچە ئىسىملارنى قوللانغانلىقىدىن كۆرۈش مۇمكىن. مەسلەن، ئاقباس، ئاققۇش، بوزدۇغان، بىلىك، بېرنېدى، باراق، بارس، باياس، بۇغا، بېلچېر، قارا، قىزىل، قازان، شىشمان، تەمۇرتاش، توق ۋە ئۆتەمىش قاتارلىق ئىسىملارنى مىسال قىلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

مىلادىي 14 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، دوبرۇجادا قۇرۇلغان دۆلەتنى قۇمان ـ قىپچاقلارغا باغلاش مۇمكىن. بىر تەرەپتىن بولغار خانلىقى يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارى ئاجىزلاشقان بۇ دەۋردە، مىلادىيە 1346 ـ يىلى ئىمپېراتورىچە ئاننا تەرىپىدىن ياردەمگە تەكلىپ قىلىنغان تۆۋەنكى دوناي بويىدىكى مەھەللىۋى خانلاردىن بولغان بالىقا (تۈركچە بالىق) نىڭ ئوغلى دوبرۇجا (بۈگۈنكى كۈندىكى دوبرۇجا دېگەن نام مۇشۇ كىشىنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن) مىلادىيە 1354 ـ يىلىدىن باشلاپ، كېيىنچە ئۆز نامىدا ئاتالغان رايۇننىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ، مىلادىيە 1385 ـ يىلىغا قەدەر بالقان ۋە قارا دېڭىز بويىچە مۇھىم رول ئوينىغان. دوبرۇجانىڭ ئۆز نامىغا پۇل قويدۇرغان ئوغلى ئىۋانكو دەۋرىدە (مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى) بىر مەزگىل رۇمىن دۆلىتىگە قارام بولۇپ قالغان دوبرۇجا خانلىقى مىلادىيە 1417 ـ يىلى ئوسمانلىرى ئېمپېرىيىسى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى.

تۈرلۈك تارىخىي مەنبەلەردىن بىز تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن سلاۋىيان مىللەتلىرىنىڭ ئۇچرىشىش تارىخىنىڭ مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىن باشلانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «ئوغۇزنامە» داستانىدا تىلغا ئېلىنىدىغان «ساقلاپ» دېگەن كىشىنىڭ سلاۋىيانلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنماقتا. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەرقىي سلاۋىيانلاردىن بولغان رۇسلارنىڭ ھازار، ئوغۇز «ئۇز» ۋە پەچىنەك قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن قوشنا ياشاش جەريانىدا، ئۇلار بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر نەتىجىسىدە رۇس مەدەنىيىتىدە تۈرك تەسىرى سالماق ئورۇنى ئىگەللەپ كەلدى. مانا شۇنداق تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە يۈز بېرىۋاتقان كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش ھادىسىسى، قۇمان ـ قىپچاق خانلىقى ۋە بۇ خانلىقنىڭ خارابىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىدە (مىلادىيە 13 ـ 15 ـ ئەسىرلەر) تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارغان. بولۇپمۇ، تۈركىي تىلىنىڭ رۇس تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى بەكرەك گەۋدىلىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان.

مۇڭغۇللارنىڭ مۇڭغۇل ۋە تۈركلەردىن تەركىب تاپقان قۇدرەتلىك ئاتلىق قوشۇنى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قوماندانلىقىدا كەڭ كۆلەملىك ئىستېلا يۈرۈشى ئېلىپ بارغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا، دەشتى قىپچاق ۋە قوسكۋانى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل رۇلسار زېمىنىمۇ بويسۇندۇرۇلدى. بۇ غەلبە ئاساسىدا چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇرخان مىلادىيە 1240 ـ يىللاردا، شەرقتە ئېرتىش دەرياسىدىن، غەربتە ئىنتىل ـ دوناي دەرياسىغىچە بولغان رايۇنلاردائالتۇن ئوردا خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىقنىڭ پۇقرالىرى مۇڭغۇللاردىن باشقا ئۇيغۇر، بۇلغار (تاتار)، قىرغىز، قۇمان ـ قىپچاق، قاڭلى ۋە شەرقىي سلاۋىيانلاردىن بولغان رۇسلار قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقانىدى. مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن كۈچلۈك مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئۇزۇقلانغانىدى. بۇ دەۋردە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادا رەسمىي دۆلەت تىلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان «ئۇيغۇر ـ خاقانىيە ئەدەبىي تىلى» ھەر يەردە كىشىلەر چۈشىنەلەيدىغان تىلغا ئايلانغان. (23) بۇ دەۋردە مۇڭغۇللارنىڭ دىپلوماتلىرىنىڭمۇ كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلاردىن، ئاز بىر قىسمى بولسا كىرەيتلەر ۋە ئونگۇتلەردىن كېلىپ چىققان، ئۇيغۇر ئەلچىلەر رىمدا، ۋالىيلار جۇڭگو ۋە ئىران ـ ئىراقتا، ئوقۇقۇچىلار چىڭگىز ئائىلىسىدە، ئالىم ۋە زىيالىيلار تەبرىزدىكى مۇڭغۇل سارىيىدا ۋەزىپە ئۆتىگەنىكەن. (24) ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى ھەر قايسى خانلارنىڭ بارلىقلىرى ۋە ھەر خىل ھۆججەتلەر ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا

يېزىلغان. ئۇيغۇر، تاتار ئەمەلدارلىرى يىراق ـ يېقىندىكى رۇس يۇرتلىرىغا بېرىپ سېلىق يىققان. رۇسلارغا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تۇرلۇك مەمۇرىي بۇيرۇق ۋە ئۇقتۇرۇشلىرىنى يەتكۈزگەن. سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. بۇنداق كەڭ دائىرلىك ئۇچرىشىش ۋە كەڭ دائىرلىك ئالاقە يولغا قويۇلغان بۇ دەۋرىدە، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار ۋە تاتارلار يەنە بىر تەرەپتىن بۇيۇك رۇس (ھازىرقى رۇسلار) ۋە كىچىك رۇس (ھازىرقى ئوكرائىنلىقلار) قاتارلىق شەرقىي سلاۋىيان خەلقلىرى ئۆز ـ ئارا بىۋاستە تىل ئالاقىسىدە بولغان. ئەنە شۇنداق تارىخىي يۇسۇندا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئامىل تۇركىي تىللار بىلەن تۇس ۋە ئوكرائىن تىللىرىنىڭ ئۆز ـ ئارا تەسىر كۆرستىش جەريانىنى پەيدا قىلدى. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە تۇركىي تىلنىڭ رۇس تىلى ئۇستىدىكى .تەسىرى ئۆتكەن تارىختىكى ھەر قانداق بىر دەۋرىدىن ھالقىپ كەتتى

ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدە ياشىغان بىر قىسىم رۇس تىلشۇناسلىرى تۇس تىلىغا ـ 20 تۇركىي تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئۇستىدە ئىزەنگەن ۋە شۇ تېمىدا ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان. شۇ ماقالىلاردا كۆرستىلگەن پاكىتلاردىن قارىغاندىمۇ، رۇس تىلىغا تۇركىي تىلدىن كىرىپ سۆزلەشكەن سۆزلەر ئاساسەن يىراق ئۆتمۇشنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىگىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇركىي تىللار تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئاتاغلىق ئالىمى ن. ئا. باسكاكوۋنىڭ «رۇس تىلىدىكى تۇركىي تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر» ( «سوۋېت تۇكولوگىيىسى» ژورنىلىنىڭ 1979 ـ يى، 6 ـ سان) سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە، فونتكىلىق ۋە مورفولوگفىيىلىك تۈزۈلۈشتىن قارىغاندا، ھەقىقىي رۇس دەپ قارىلىۋاتقان بىر نەچچە سۆز مىسالغا ئېلىنىپ، ئۇلار ئۇستىدە ئېتمولوگىيىلىك تەھلىل يۈرگۈزۈلدۇ. مەسلەن، «باگرووي» (بېغىررەڭ)، «تاراكان» (تاراغان) دىگەنگە ئوخشاش. باسكاكوۋنىڭ «موسكۋادىكى تۇركىي تىللاردىن كېلىپ چىققان كوچا نامىلىرى» ( «سوۋېت تۇركولوگىيىسى» ژورنىلى 1979 ـ يىل، 2 ـ سان) سەرلەۋھىلىك يەنە بىر ماقالىسى مۇنداق باشلىنىدۇ: «مەزكۇر ماقالىنىڭ ۋەزىپىسى موسكۋا كوچىلىرىنىڭ شەرق تىللىرىدىن يەنى تۇركىي، موڭغۇل، ئەرەب ۋە پارسى تىللىرىدىن كېلىپ چىققان نامىلىرىنى تولۇق خاتىرلەپ كۆرستىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ خىلدىكى كوچا نامىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى رۇس تىلىغا يەنىلا ھەر قاسى تۇركىي تىللارنىڭ ۋاستىسى بىلەن كىرگەن.» ئۇ «تاتار كوچىسى» ، «تۇركمەن كوچىسى» ، «بايار كوچىسى»، «ئىزومتۇر كوچىسى» (زۇمرەت كوچىسى) ، «ئوردىنكو كوچىسى» (ئوردا كوچىسى)، «بالكانىسكاياى» (بالقان)، «بايكالىسكايا» (بايكۆل)، «يائۇز سكايا» (ياۋۇز) قاتارلىق شۇ كوچىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاھالىسىنىڭ مىللىي نامى ياكى ئىجتىمائىي قاتلام ۋە كەسىپ نامىلىرى بىلەن ئاتالغان كوچىلارنى ۋە ئىزمايلوۋـ ئىسمايىل، تۇگىنىۋ ـ تۇرگۇن قاتارلىق تۇركىي تىللاردىن كېلىپ چىققان رۇسچە فامىلىلەرگە قويۇلغان كوچا نامىلىرىنى كۆرستىپ ئۆتكەن. رۇس ئالىملىرى يەنە تۇركىي تىلالردىن رۇس تىلىغا قوبۇل قىلىنغان بىلىق ئىسىملىر، ھايۋانات ئىسىملىرى، سۇپەت ئىسىملىرى ۋە نەرسە ـ كېرەك ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ رۇس تىلىنىڭ ھەر قايسى دىئالېكتلىرىدا ئۆزگەرگەن مەنىلىرى ۋە ئىستىمال قىلىنىۋاتقان ئەھۋالىنى كۆچلۈك نەزىرىيۋى تەھلىل ئاساسىدا شەرھلەپ (بەرگەن. (25

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىن باشلاپ ياۋروپا تەسىر كۆرستىشكە باشلىغان تۇركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيتى، ئۆزىنىڭ ھەر قايسى تىپلىرى بويىچە تەخمىنەن 3500 يىللىق تەسىر كۆرستىش تارىخىنى بېرىپ ئۆتتى. مانا شۇنداق تەسىر كۆرستىش نەتىجىسدە تۇركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيتى ياۋروپا .مەدەنىيىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم مەنبە ۋە يىلتىزلاردىن بىرى بولۇپ قالدى

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

:خەنزۇچە مەنبەلەر
.لىن گەن: «ھۇنلانىرىڭ ئومۇمىي تارىخى» ، 1986 ـ يىلى بېيجىڭ
.جۇڭگو بۈيۈك ئېنسكلوپېدىيىسى»، دۇنيا تارىخى قىسمى، 1990 ـ يىلى، بېيجىڭ ـ شاڭخەي»
.ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتلىقلار مەدەنىيتى» 1993 ـ يىلى، جېجياڭ»

.دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 2 ـ توم ، 2 ـ قىسىم، 1961 ـ يىلى، بېيجىڭ»
.دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 3 ـ توم ،1 ـ قىسىم، 1961 ـ يىلى، بېيجىڭ»
ئۇيغۇرچە مەنبەلەر:
.ــ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1981 ـ يىلى، ئۈرۈمچى
.ــ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىگ» 1984 ـ يىلى، بېيجىڭ
.ــ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: « فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» 1986 ـ يىلى، ئۈرۈمچى
.ــ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» 1977 ـ يىلى ،ئۈرۈمچى
.ــ ئىمىن تۇرسۇن : «تارىمدىن تامچە» 1990 ـ يىلى، بېيجىڭ
.ــ بەنگو: «خەننامە» 1994 ـ يىلى ،ئۈرۈمچى
تۈركچە مەنبەلەر:
.ــ ئا. زەكى ۋەلىدىن توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» 19981 ـ يىلى، ئىستانبول
.ــ ب. ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى» 1962 ـ يىلى، ئەنقەرە
.ــ ب. ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات چاغلىرى» 1 ـ توم، 1971 ـ يىلى، ئىستانبول
.ــ ب ئۆگەل: «بۈيۈك ھۇن ئىمپېرىيىسى تارىخى» 1 ـ ، 2 ـ توم، 1981 ـ يىلى ئىستانبول
.ــ ب ئۆگەل: تۈركلەردە دۆلەت چۈشەنچىسى» 1982 ـ يىلى، ئەنقەرە
ـ ئىبراھىم كافەس ئوغلۇ: «قۇتادغۇ بىلىگ ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» 1980 ـ يىلى،
.ئىستانبول
.ــ س. ب. ئارسال: «تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇق» 1948 ـ يىلى، ئىستانبول
.ــ يىلماز ئۆزتۇنا: «تۈرك تارىخىدىن ياپراقلار» 1969 ـ يىلى، ئىستانبول
.ــ ئايدىن تانەرى: «تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسى» (تۈنۈگۈن ـ بۈگۈن) 1981 ـ يىلى، ئەنقەرە
.ــ ر. گىرست: «بوزقىر ئىمپېرىيىسى» 1980 ـ يىلى، ئىستانبول
.ــ كاموران گۆرۈن: «تۈركلەر ۋە تۈرك دۆلەتلىرى تارىخى» 1984 ـ يىلى، ئەنقەرە
.ــ نىجات دىيابەكىرلى: «ھۇن سەنئىتى» 1972 ـ يىلى، ئىستانبول
.ــ ئا. جافەر ئوغلى: «تۈرك تىلى تارىخى» 1984 ـ يىلى ،ئىستانبول
.ــ ل. راسونى: «تارىختا تۈركلۈك» 1942 ـ يىلى، ئەنقەرە
.ــ گىرنىارد: «ئاسىيانىڭ ئۈستۈنلىگى ۋەچۈشكۈنلىگى» 1941 ـ يىلى، ئىستنابول
.ــ ۋ. ئېبىرفارد: «چىن تارىخ» 1947 ـ يىلى، ئىستانبول
.ــ پ. ۋاكزى: «ئاتىللا ۋە ھۇنلار» 1964 ـ يىلى، ئىستانبول
.ــ ئالزىم: ئاتىللا ۋە ھۇنلار» 1940 ـ يىلى ،بوداپېشت
.ــ ل. لىگەتى: «ئاتىللا ۋە ھۇنلار»1940 ـ يىلى، بوداپېشت
.ــ ل. لىگەتى: «بىلىنمىگەن ئىچكى ئاسىيا» 1946 ـ يىلى، ئىستانبول
.ــ ب. سىزاكىس: «ھۇنلار» 1943 ـ يلى، بوداپېشت
.ــ «تۈرك دۇنياسى ئەل كىتابى» 1992 ـ يىلى، ئەنقەرە
.ــ «تۈر دۇنياسى ئەل كىتابى» 1942 ـ يىلى، ئەنقەرە
.ــ «ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى»2 ، 5 ، 9 ، 10 ، 12 ـ توملىرى، ئىستانبول
ــ «ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى»1 ، 3 ، 5 ، 7 ، 8 ، 9 ، 13 ، 18 ، 19 ، 20 ،
.24 ، 25 ، 29 ، 30 ـ توملىرى، ئەنقەرە
.مەيدان لاروئۇسسى» 1 ـ ، 2 ـ توملىرى، 1969 ـ يىلى ئەنقەرە»

---

ئىزاھلار:

.تۈرك دۇنياسى تارىخى ژۇرنىلى» ، تۈركچە، 1987 ـ يىل، 10 ـ سان، 50 بەت»[1]
.ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 12 ـ توم، 2 ـ جىلد، 253 ـ ، 254 ـ بەتلەر» [2]
.ئا. زەكى ۋەلىدىن توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 12 ـ بەت [3]
.ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 10 ـ توم، 322 ـ بەت» [4]
.ئا. زەكى ۋەلىدىن توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 12 ، 23 ـ ، 25 ـ بەتلەر [5]
.ئابدىشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن : «ئۇيغۇرلار پەلسەپە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 52 ـ بەت [6]
.تۈرك دۇنياسى تارىخى ژۇرنىلى» ، تۈركچە، 1987 ـ يىل، 10 ـ سان، 50 ـ بەت» [7]
.ئا. زەكى ۋەلىدىن توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» ، تۈركچە، 23 ـ ، 25 ـ بەتلەر [8]
.ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن : «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ئۇيغۇچە، 30 ـ ، 52 ـ ، 53 ـ بەتلەر [9]
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، ئۇيغۇرچە ، 292 ـ ، [10]
.293 ـ ، 294 ـ بەتلەر
.تۈرك ئىنسكولوپېدىيىسى» تۈركچە، 19 ـ توم، 496 ـ بەت» [11]
سۇلايمان تۈلۈجۈ: «مۇسۇلمانلارنىڭ تەبئىي پەن ئىلمىگە قوشقان تۆھپىلىرى» ، «تۈرك دۇنياسى تارىخ [12]
.ژۇرنىلى» ، تۈركچە، 1987 ـ يىلى، 4 ـ سان، 39 ـ بەت
.ر. گىروست: «بوزقىر ئىمپېرىيىسى»، تۈركچە، 37 ـ بەت [13]
.ب. ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات چاغلىرى» ، تۈركچە، 1 ـ توم، 74 ـ بەت [14]
.ج. مىگلو: «ئاۋاز تىلى» تۈركچە، 1907 ـ يىلى، 157 ـ بەت [15]
.ب. ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات چاغلىرى»، تۈركچە، 1 ـ توم، 75 ـ بەت [16]
ژۇرنىلى، تۈركچە، 1946 ـ DTCFD» ،«ژ. بروتكوز: «قەدىمكى كىيىملىڭ تۈرك ـ ھازار مەنبەسى [17]
.يىل، 4 ـ سان. تۈركچە، 1946 ـ يىل، 4 ـ سان
.ھۇدۇدۇل ئالەم» ، تۈركچە ، 117 ـ بەت» [18]
.ھۇدۇدۇل ئالەم» ، تۈركچە ، 117 ـ بەت» [19]
.ل. راسونى: «تارىختا تۈركلۈك» ، تۈركچە، 127 ـ بەت [20]
.ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 9 ـ توم، 538 ـ 539 ـ بەتلەر» [21]
.ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» ، تۈركچە، 5 ـ توم،715 ـ 539 ـ بەتلەر»» [22]
ل. راسونى« دوناي ھاۋزىسىدا قۇمانلار» ، «بەللەتەن» ، تۈركچە، 1939 ـ يىلى، 3 ـ سان، [23]
.401 ـ ، 412 ـ بەتلەر
.ئا. زەكى ۋەلىدىن توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» ، تۈركچە 133 ـ بەت [24]
.ل. راسونى: «تارىختا تۈركلۈك» ، تۈركچە، 112 ـ بەت [25]
پەرھات جىلان: «تۈركىي تىللار بىلەن رۇس تىلىنىڭ ئۆز ـ ئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانى» ، «تىل [26]
.ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1997 ـ يىلى، 3 ـ سان، 10 ـ ، 11 ـ بەتلەر

(تۈگىدى)

مەنبە: ئورخۇن تارىخ مۇنبىرى

